[ئېكسپېدىتسىيە ۋە بايقاشلار]

# ھايات ـ ماماتلىق باياۋان

سۋېن ھېدىن (شۋېتسىيە)



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ھايات ـ ماماتلىق باياۋان
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



ISBN 7-228-09531-6
ISBN7 – 228 --09531-- 6
总定价(1-3 册):30.00 元
9 787228 095315 >

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

1. قۇملۇق ھەققىدە رىۋايەت .......... 1
2. قۇملۇق چېتىدە .......... 7
3. يولغا چىقىش .......... 14
4. دەسلەپكى سەپەر .......... 18
5. مازارتاغ باغرىدىكى بوستانلىق .......... 21
6. بالايىئاپەت ئۇرۇقى كۆمۈلگەن مىنۇتلار .......... 25
7. ئاخىرقى يۇلغۇن .......... 29
8. ھەيران قالارلىق بايقاش .......... 33
9. خىيالىي بېشارەت .......... 37
10. چاڭقىغاندا قۇدۇق كولاش .......... 43
11. دەسلەپكى قۇربانلىق .......... 46
12. قۇملۇقتا قارا بوران .......... 50
13. ئاخىرقى ئىككى كۇرۇشكا سۇ .......... 54
14. سۇ .......... 58
15. ئاخىرقى كۆزدىن كەچۈرۈش .......... 65
16. ئېكسپېدىتسىيە كارۋىنىنىڭ يىمىرىلىشى .......... 67
17. ئۈمىد .......... 72
18. يالغان ئىز .......... 78
19. نىجاتلىققا ئېرىشىش .......... 81
20. قاسىمئاخۇننى قۇتقۇزۇش .......... 86
21. ئادەم ئىزدەش .......... 94

22. خوتەن دەرياسى بويىدىكى پادىچىلار ئارىسىدا.......... 99
23. ئىسلامباينى قوغلىشىش .............................. 103
24. «ھالاكەت گازارمىسى» غا قايتا بېرىش سەپىرى....... 108
25. يوقالغان يۇك ـ تاقلار ................................ 111
26. قەشقەرگە قايتىش........................................ 114
27. قۇم ئاستىدا قالغان قەدىمىي شەھەر .................. 119
28. ھېچكىم بىلمەيدىغان پادىچىنى ئىزدەش .............. 129
29. ياۋا تۆگە گۈلىستانى .................................. 136
30. قۇملۇقتىن يەنە بىر قېتىم ئۆتۈش..................... 142
31. تارىم دەرياسى بويىدىكى ئىپتىدائىي ئورمانلىق ... 148
32. لوپنۇر كۆلى ........................................... 154
33. يېڭى لوپنۇر كۆلىدە قېيىق ھەيدەش ................. 159
34. خوتەنگە قايتىش ........................................ 169
35. جۇڭگونى چارلاش ھەققىدىكى ھېكايەمنىڭ
خاتىمىسى ............................................... 175

# هايات ـ ماماتلىق باياۋان

## (مۇقەددىمە ئورنىدا)

ياڭ ليەن

19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمى ئارخېئولوگىيىلىك ئېكسپېدىتسىيە دەۋرىگە قەدەم قويدى.

شۋېتسىيىلىك سۋېن ھېدىننىڭ غەربىي يۇرتتا ئېكسپېدىتسىيە قىلغۇچىلار قاتارىغا كىرىپ كېلىشى مەلۇم دەرىجىدە تاسادىپىيلىقتىن بولغانىدى. بىراق، مەيلى قايسى نۇقتىدىن دېمەيلى، ئۇنىڭ جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئېكسپېدىتسىيە ھاياتى كەڭ تەسىرگە ئىگە ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ روشەن شەخسىي خاراكتېرمۇ ئالغانىدى. يەنە كېلىپ، ئۇ ھالاكەتلىك بالا ـ قازادىن كېيىن سەپەرگە ئاتلىنىپ، سەلتەنەتلىك «ئاسىيا كىندىكى» غا كىرگەن بىردىنبىر ئېكسپېدىتسىيىچى ئىدى.

## 1

1890 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، ئەمدىلا 25 ياشقا كىرگەن شۋېتسىيىلىك ياش سۋېن ھېدىن پامىر ئېگىزلىكىنى تۇنجى قېتىم كېسىپ ئۆتۈپ، جۇڭگونىڭ تارىم رايونىنىڭ مەركىزى قەشقەرگە كەلدى.

سۋېن ھېدىن قەشقەردە ئون كۈنلا تۇرۇپ يەنە ياۋروپاغا قايتىدىن مۇشەققەتلىك سەپەرگە ئاتلاندى. بۇ ئون كۈن ئۇنىڭ جۇڭگونى چۈشىنىشىگىمۇ، تارىمنى چۈشىنىشىگىمۇ، ھەتتا قەشقەرنى چۈشىنىشىگىمۇ بەكلا

ئازلىق قىلدى. شۇ ئون كۈنده ئۇ قەشقەرده بىرنەچچە چەت ئەللىك بىلەن تونۇشتى، ئۇلار سۈين ھېدىنىدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. بۇلارنىڭ ئىچىدە كۆزگە چېلىقارلىقلىرى ئەنگلىيىلىك ياش جورج ماكارتنېي (ماجىيې) بىلەن رۇسىيىنىڭ قەشقەرده تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى پېترووۋسكىي ئىدى. ماكارتنېي كېيىن ئەنگلىيىنىڭ قەشقەرده تۇرۇشلۇق تۇنجى باش كونسۇلى بولدى ھەم پېترووۋسكىينىڭ رەقىبى بولۇپ قالدى. سۈين ھېدىن سەپەر قىلىپ قەشقەرگە كېلىپ قالغان مەزگىلده، پېترووۋسكىي «يېڭى چاغاتاي خان»① دېگەن لەقەم بىلەن ئىجتىمائىي ئالاقە ساھەسىدىكىلەرگە تونۇلغانىدى. سۈين ھېدىن دىپلوماتىك زىياپەت سورۇنلىرىدا ۋە بازار رەستىلىرىده تارىم ھەققىده تارقالغان چاقچاق ـ پاراڭلارنىمۇ ئاڭلىدى، بۇنىڭ ئىچىده ئېشەك توغرىسىدىكى چاقچاق ئۇنىڭغا ئالاھىده قىزىق بىلىندى: بىر كەمبەغەل تۇغقان يوقلاپ بارماقچى بوپتۇ، ئۇ ئېشىكىنى ئورۇق ـ ئاۋارە كۆرۈپ، قوشنىسى بايدىن ئېشەك سوراپتۇ. باي: «ئېشىكىم ئۆيده يوق» دەپتۇ، شۇ گەپنى دەپ بولۇشىغا ئېغىلدىكى ئېشىكى قاتتىق ھاڭراپ كېتىپتۇ. كەمبەغەل قوشنىسىغا: «توۋا، ئېشەك بار ئىكەنغۇ، يوق دەيسىزا» دەپتۇ. قوشنىسى خاپا بولۇپ: «قانداق ئادەمسەن! ئېشەكنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ، مېنىڭكىگە ئىشەنمەيۋاتىسىنا!» دەپتۇ. بۇ ھېكايە بەك قىزىق بولمىسىمۇ، لېكىن كۈلۈپ بولغاندىن كېيىن كىشىده چوڭقۇر ئوي قوزغايدۇ.

رۇسىيە باش كونسۇلى پېترووۋسكىينىڭ ھوقۇقى، ئۇيغۇرلارنىڭ يۇمۇرلۇقى سۈين ھېدىننىڭ قەشقەر توغرىسىدىكى بىرىنچى تەسىراتى بولۇپ قالدى.

1894 ـ يىلىنىڭ ئىزغىرىن شاماللىق باھار كۈنلىرىده، سۈين ھېدىن يەنە قەشقەرگە كەلدى.

بۇمۇ ئالدىنقى قېتىمدىكىگە ئوخشاش، ئۇنىڭ ئاسىيانى كېزىپ ئۆتىدىغان يېڭى سەپىرى ئىدى، قەشقەر بولسا ئۇنىڭ شەرق سەپىرىنىڭ

---

① چاغاتاي خانلىقى 13 ـ ئەسىرده قۇرۇلغان بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا خېلى چوڭ تەسىرگە ئىگە ئىدى. پېترووۋسكىينىڭ «يېڭى چاغاتاي خان» دېيىلىشى ئۇنىڭ قەشقەرده تاجىسىز خان ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى.

قايتش نۇقتىسلا ئىدى. بىراق، بۇ قېتىم ئۇ قەشقەردىن ئالدىراپ كېتىپ قالمىدى. بۇنىڭدا مۇنداق سەۋەبلەر بار ئىدى: بىرى، شۇ چاغدا قەشقەردە فرانسىيە دىتروي ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى قۇتقۇزۇش ئىشىغا تەييارلىق كۆرۈلۈۋاتاتتى، سۋېن ھېدىن بۇ ئىشقا قاتنىشىش قارارىغا كەلدى؛ يەنە بىرى، ئۇ مۇزتاغ چوققىسىغا چىقىشتا ئۇستىلەپ مەغلۇپ بولغانلىقىغا تەن بەرمەي، ھاۋا رايى ياخشى بولغان پۇرسەتنى تاللاپ، بۇ چوققىنى بويسۇندۇرۇش خىيالىدا بولۇپ كېلىۋاتاتتى؛ يەنە باشقىلارغا نامەلۇم بولغان شەخسىي ھېسسىيات جەھەتتىكى سەۋەبمۇ بار ئىدى. شۇ چاغدا سۋېن ھېدىن مۇھەببەتتىن مەھرۇم بولۇشنىڭ قاتتىق ئازابىدا قىينىلىۋاتاتتى، ئۇ ئامال بار سۆيگىنىدىن يىراقراق جايغا كېتىپ، ئوڭۇشسىزلىق ئىچىدە قالغان مۇھەببەتلىك ھېسسىياتنى كۆڭلىدىن كۆتۈرۈۋېتىشنى ئويلايتتى.

فرانسۇز دىتروي باشلىغان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى 1890 ــ يىلى شىنجاڭ بىلەن تىبەتكە قاراپ يولغا چىقتى. بۇ ئەترەت 1893 ــ يىلى 9 ــ ئاينىڭ 3 ــ كۈنى چەرچەن بوستانلىقىدىن قوزغىلىپ قورۇم (كوئېن-لۈن) تېغىغا كىرگەندىن كېيىن ئىز ــ دېرىكى بولمىدى. قەشقەردە دىتروي ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ يوقىلىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر تارقىلىپ جامائەتچىلىكنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. 19 ــ ئەسىردىكى «جۇغراپىيىلىك چوڭ بايقاش» مەزگىلىدە، يوقىلىپ كەتكەن ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى قۇتقۇزۇش ئىشىنى ئۇيۇشتۇرۇش ئىجتىمائىي تۇغما بىلىمنىڭ نامايەندىسى ئىدى، بىراق سۋېن ھېدىن ھەممە تەييارلىقنى تەق قىلىپ بولغان چاغدا، ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ فرانسىيىلىك ياردەمچىسى گرېنار بىلەن ئۇيغۇر يول باشلىغۇچى پاپباي توساتتىن قەشقەرگە قايتىپ كەلدى. ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ ئەھۋالى ئەلگە ئايان بولدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇنى قۇتقۇزۇشنىڭ ھاجىتى قالمىغانىدى. بىراق، سۋېن ھېدىننىڭ تارىمدىن دەرھال كەتكۈسى يوق ئىدى، قىرغىز چارۋىچىلارنىڭ مۇقەددەس تېغى — مۇزتاغ ئۇنى ئەسىرگە ئېلىۋالغانىدى، ئۇ بۇ تاغنى تاشلاپ كېتەلمەيتتى.

مۇزتاغنىڭ 7880 مېتىرلىق ① چوققىسى شۇ چاغدا مەلۇم بولغان ئەڭ يۇقىرى تاغقا چىقىش چېكىنىڭ بىرى ئىدى. بىراق، بۇ تاغ ھەققىدە بىرمۇنچە ئۇقۇشماسلىقلار بار، بۇنىڭ بىرى ئۇنىڭ نامى ھەققىدىكى ئۇقۇش-ماسلىق ئىدى. بۇ ئۇقۇشماسلىقنى سۋېن ھېدىننىڭ ئۆزى تۇغدۇرغانىدى. سۋېن تۇنجى قېتىم خەرىتە سىزىۋېتىپ، بۇ ئاجايىپ ھەيۋەتلىك مۇز چوققىغا قاراپ، قىرغىز يول باشلىغۇچىدىن: «ئاۋۇ ئەڭ ئېگىز چوققىنى نېمە دەيدۇ؟» دەپ سورايدۇ. يول باشلىغۇچى: «مۇزتاغ ئاتا» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، سۋېن ھېدىن بويسۇندۇرۇش تەس بولغان بۇ تاغنى «مۇزتاغ ئاتا — مۇز تاغنىڭ ئاتىسى» دەپ ئاتايدۇ. ئەمەلىيەتتە سۋېن ھېدىننى يول باشلىغۇچى تاغنى «مۇزتاغ ئاتا» دېمىگەن، بەلكى ئۇ: «بۇ تاغنى ‹مۇزتاغ› دەيمىز، ئاتا» دېگەن. بۇ يەردە يول باشلىغۇچى سۋېن ھېدىننى ھۆرمەتلەپ «ئاتا» دېگەنىدى. دەرۋەقە، بۇ يەردە بۇ گەپنى چىقىرىشتا، بىر يەر نامىنى تۈزىتىدىغان مەقسەت يوق. ئەمەلىيەتتە «مۇزتاغ ئاتا» دېگەن نام چوڭقۇر شېئىريي مەنىگە ئىگە بولۇپلا قالماي، سۋېن ھېدىننىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى پىسخىكىلىق ئىزدىنىشىگىمۇ ئۇيغۇن ئىدى.

ئۈستى - ئۈستىلەپ يۈز بېرىپ تۇرغان قار گۈمۈرۈلۈش ھادىسىسى ۋە قار قارىغۇسى كېسىلىنىڭ توسالغۇسى تۈپەيلىدىن سۋېن ھېدىننىڭ «مۇزتاغ ئاتا» غا چىقىش يولىدىكى تۆت قېتىملىق تىرىشچانلىقى مەغلۇپ بولدى. بىراق، بۇ ئۇرۇنۇش سۋېن ھېدىننىڭ كېيىنكى ئېكسپېدىتسىيە پائالىيىتىگە تەسىر كۆرسەتتى، ئۆز نۆۋىتىدە مۇز تاغقىمۇ قانداقتۇر بىر خىل ئاجايىپ ھۆسن قوشتى.

1989 - يىلىنىڭ كۈز كۈنلىرىدە، مۇزتاغ باغرىدىكى سۇبېشى كەنتىدە، 90 ياشلىق قىرغىزچارۋىچىنىڭ ئاغزىدىن ئۇنىڭ ئاتىسى ئېيتىپ بەرگەن بىر ھېكايىنى ئاڭلاپ قالدىم: بۇنىڭدىن 100 يىل مۇقەددەم تاغ ئىلاھى زاھىر بولۇپ، مۇزتاغ چوققىسىغا جەڭ ئېلان قىلىشقا جۈرئەت قىلغان تۇنجى

① دېڭىز يۈزىدىن ئۆلچىنىدىغان بۇ ئېگىزلىكنى سۋېن ھېدىن ئۆزى ئۆلچىگەن، ئۇ ھازىر دېيىلىۋاتقان ئېگىزلىكتىن سەل پەرقلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چەت ئەللىكنى قۇتقۇزۇپ قاپتىكەن. شۇ چاغدا بىردىنبىر ئەپسۇسلىنارلىق ئىش شۇ بولغانكى، قىرغىز بوۋاي مۇسابىقە ئىلان قىلغۇچىنى «feragis» دەپ ئاتىغانىكەن، تەرجىمان بۇ گەپنى شۇنداقلا قىلىپ «فەرەڭ ، يەنى فرانسۇز» دەپ تەرجىمە قىلىپ بەرگەنىكەن. بۇ ھېكايە دىققىتىمنى قوزغىمىدى. بىر يىلدىن كېيىن شۋېتسىيىگە باردىم، ئۇ يەردە ئۇيغۇر تىلى — چاغاتاي تىلىدىكى چەتتىن كىرگەن ئىبارىلەرنى پىششىق بىلىدىغان گۇننار ياررىڭ ئەپەندىدىن سوراپ بىلدىمكى، «feragis» دېگەن چاغاتاي تىلىدا «ياۋروپالىقلار» دېگەن مەنىنى بىرىدىكەن، ئەمەلىيەتتە شۋېتسىيىلىكلەرنى كۆرستىدىكەن. بۇ شۋېتسىيىلىك دىن تارقاتقۇچىلار قەشقەردە پائالىيەت ئېلىپ بارغان 19 ـ ئەسىردە تارقالغان ئىبارە ئىكەن. قىرغىز چارۋىچىلار ئارىسىدا ئۇزاقتىن ساقلىنىپ كەلگەن مۇزتاغقا ئالاقىدار ھېكايە سۋېن ھېدىننىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكى ۋە تۇنجى قېتىم «مۇزتاغ ئاتا» غا جەڭ ئېلان قىلغانلىقىنىڭ شۇ يەردە نەقەدەر چوڭ تەسىر پەيدا قىلغانلىقىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بىرىدۇ.

... فرانسىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى قۇتقۇزۇشنىڭ ھاجىتى قالمىدى. مۇزتاغ ئاتىغا قىلىنىدىغان 5 ـ قېتىملىق يۈرۈش ھاۋا رايىنىڭ ناچارلىقىدىن كېچىكتۈرۈلدى. سۋېن ھېدىن دىققىتىنى ئەمدى قار سىزىقى ئۈستىدىكى ئېگىزلىكتىن بىپايان قۇملۇققا بۇرىدى. ئىككى مۇز چوققىنى بويسۇندۇرۇش ئىشىدا ئۇچرىغان ئۇدا مەغلۇبىيەت ئاجايىپ غەيرەت ـ شجائەتلىك سۋېن ھېدىننى 20 ـ ئەسىر ئېكسپېدىتسىيە تارىخىدىكى ئەڭ مەشھۇر ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيىچىگە ئايلاندۇردى. چىققىلى بولمىغان بۇ ئىككى مۇز چوققىنىڭ بىرى ئەلۋەتتە مۇزتاغ ئىدى؛ يەنە بىرى سىمۋول قىلىنغان چوققا بولۇپ، سۋېن ھېدىننىڭ ئوتلۇق مۇھەببىتىنى قوبۇل قىلمىغان شۋېتسىيە قىزى ئىدى.

1895 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، 30 ياشقا تولغان تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزۈشكە ئىككى كۈن قالغان سۋېن ھېدىن تەقەززالىق ئىچىدە قەشقەردىن تەكلىماكان قۇملۇقىغا قاراپ يول ئالدى. بۇ قېتىم قۇتقۇزۇشقا

موھتاج بولغان، لېكىن قۇتقۇزۇشقا ئېرىشەلمىگەن كىشى دەل سۆيىن ھېدىنـ
ىنىڭ ئۆزى بولدى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، غەربىي يۇرت ئېكسپېدىتسىيە تارىخىدا تەسىرى ئەڭ چوڭ، كومېدىيە تۈسى ئەڭ قويۇق بولغان چوڭ ئىشلارنىڭ بىرى — ئېكسپېدىتسىيىچى سۆيىن ھېدىنىنىڭ «ھايات - ماماتلىق باياۋان» توغرىسىدىكى ھېكايىسىنىڭ پەردىسى ئېچىلدى...

## 2

1895 - يىلى 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، بۇ كۈن مەكىت يېزىسىدىكى ئاھالىلەرنىڭ خاتىرىسىگە ئۇزاقتىن - ئۇزاق ساقلىنىپ كەلگەن كۈن بولۇپ قالدى.

شۇ كۈنى تاڭ سەھەردە، سۆيىن ھېدىنىنىڭ ئىخلاس بىلەن جابدۇلغان قۇملۇق ئېكسپېدىتسىيە كارۋىنى مەكىت كەنتىنىڭ باشلىقى توختى خوجىنىڭ قورۇسىدىن چىقتى. كارۋان شۇ قەدەر ھەيۋەت ئىدىكى، ئۇ سەككىز تۆگە، ئىككى ئىت، ئۈچ قوي، بىر خوراز، 10 مېكىياندىن تەركىب تاپقانىدى؛ تۆگىلەرگە ئۈچ - تۆت ئايلىق ئوزۇق، جۇۋا، يۇڭ ئەدىيال ۋە باشقا قىشلىق كىيىملەر، ئۈچ مىلتىق، ئالتە تايانچا، تېرمومېتردىن تارتىپ ئالتە مېتىر (ئېگىزلىك ئۆلچىگۈچ) گىچە بولغا پەننىي ئەسۋابلار... ئارتىلغانىدى. سۆيىن ھېدىنىنىڭ ياردەمچىسى ئىسلامباي بىر يول باشلىغۇچى بىلەن ئىككى تۆگىچىنى بىۋاسىتە باشقۇراتتى.

... ئېغىر يۈك ئارتىلغان تۆگىلەر مەكىت بوستانلىقىنىڭ توپىلىق تار يولىدا ئېغىر قەدەم تاشلاپ ئاستا كېتىپ باراتتى، كەنتتىكى ئەر - ئايال، قېرى - ياش ھەممە ئادەم ئۇلارغا قارىشاتتى.

«ئۇلار ئەمدى مەڭگۈ قايتىپ كېلەلمەيدۇ» دېدى بىر بوۋاي ئۇنلۈك قىلىپ. «يۈكى بەك ئېغىر ئىكەن، تۆگىلەر ماڭالماي قاپتۇ!» دېدى يەنە بىر كىشى تۆگىچىلەرگە.

كەنتتىكى ھىندىستانلىق بىر جازانىخور سودىگەر بىر چاڭگال داچەننى سۆيىن ھېدىنىنىڭ بېشىغا چاچتى ۋە «سەپىرىڭلار خەيرلىك بولسۇن!» دەپ ئاق يول تىلىدى، باللار چۇرقىراشقىنىچە داچەنلەرنى تالىشىپ تېرىشتى، يۈزلىگەن ئادەم سۆيىن ھېدىنىنىڭ كارۋىنىغا ئەگىشىپ ئاتلىق خېلى يەرگىچە بېرىشتى...

ئۈزاق ـ ئۈزاقلاردىن بۇيان قەشقەر، لايقىلىق، مەكىت، يەركەن...، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ چېتىگە جايلاشقان بوستانلىقلاردىكى ئاھالىلەر ئارىسىدا قۇملۇقتىكى قەدىمىي شەھەر ھەققىدىكى رىۋايەتلەر كەڭ تارقالغانىدى، ئۇلار بىردىن بىرى شۇنداق ئاجايىپ، بىردىن بىرى شۇنداق راستتەك رىۋايەتلەر ئىدى. ئۇ زاماندا نامرات ياقا يېزىلاردا بولسۇن ياكى ئاۋات شەھەرلەردە بولسۇن، قانداقتۇر بىر خىل «3 ـ كەسىپ» — بايلىق ئىزدەش كەسپى پەيدا بولغانىدى. ھەر قېتىملىق يىگى بوران ـ چاپقۇن بېسىققاندا، ئىشلەپچىقىرىشقا قولى بارمايدىغان بەزى كىشلەر توگىلەرگە مىنىپ قۇملۇققا قاراپ يول ئالاتتى. ئۇلار ئاللىقاچان قۇم ئاستىدا قالغان، كېيىن بوران ئېچىۋەتكەن قەدىمىي شەھەر، ئاسار ئەتىقىلەرنى ئىزدەشەتتى. بەزىلەر بۇنىڭ بىلەن بىردىنلا باي بولۇپ كەتسە، بەزىلەر شۇ كەتكىنىچە قايتىپ كېلەلمەيتتى. قەدىمىي شەھەرلەرنى بايقاش ۋە بايلىق ئىزدەش جەريانى توغرىسىدا ھەرقايسى بوستانلىقلاردا كەڭ تارقالغان ھېكايىلەرنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى بىلىمگە تولغان ئاقساقاللارمۇ پەرق ئېتەلمەيتتى، — پاكىتنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن، قۇملۇقتىن ئىبارەت ھالاكەت رايونىغا بىۋاستە بېرىپ كۆرۈپ بېقىشتىن ئۆزگە چارە يوق ئىدى. سۆيىن ھېدىن ۋە ئۇنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى دەل ئەنە شۇنداق قىلدى.

كېيىنكى قۇملۇققا ئېكسپېدىتسىيە قىلىش جەريانى سۆيىن ھېدىنىنىڭ خىللانغان جابدۇقلىرىنىڭ ھېچقانداق رول ئوينىمىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

ئۇ مەكىتتىن چىقىپ ئالدى بىلەن مارالبېشىدىكى غايىۋى جەننەت كەبى جاي بولغان يەركەن دەرياسى ساھىلى ئورمانلىقىغا يېتىپ كەلدى. مارالبېشىدىكى مۇقەددەس تاغ — مازارتاغ سۆيىن ھېدىندا قانداقتۇر بىر

خىل خىيال پەيدا قىلغان بولسا كېرەك، ئۇ يەركەن دەرياسىدىن خوتەن دەرياسى بويىدىكى يەنە بىر مازار تاغقا ① قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ يەركەن دەرياسى بىلەن خوتەن دەرياسى ئارىلىقىدىكى بىپايان قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتكەندە، رىۋايەتلەردە دېيىلگەن قەدىمىي شەھەردىن بىرنىمۇ ئۇچراتمىدى، بايلىقتىن بىرنىمۇ بايقىمىدى، ئەكسىچە كۆپ مىڭ جەبىر ـ مۇشەققەتلەرگە يولۇقۇپ، پۈتكۈل ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى دېگۈدەك ھالاك قىلىۋەتتى. ئۇ قۇملۇقنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى تۆۋەن مۆلچەرلەپ، ئۆزىنىڭ ئامەت ـ تەلىيىنى يۇقىرى مۆلچەرلىگەنىدى. سۋېن ھېدىننىڭ خوتەن دەرياسىنىڭ غەربىدىكى قۇملۇقتا بەختسىزلىككە ئۇچراپ، يەنە خوتەن دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى كۆلچەكتە نىجادلىققا ئېرىشكەن سەرگۈزەشتىسى بۈگۈنكى كۈندە غەربىي يۇرت ئېكسپېدىتسىيە تارىخىدا بىر كلاسسىك باب بولۇپ قالدى.

سۋېن ھېدىننىڭ بۇ سەرگۈزەشتىلىرىنى دەسلەپكى قېتىم ئوقۇغىنىمدىلا جەزىم قىلدىمكى: پۈتكۈل تەكلىماكان قۇملۇقى ئىچىدە يەركەن دەرياسى بىلەن خوتەن دەرياسى ئارىلىقىدىكى قۇم دېڭىزى ئەڭ ئاۋۋال پەيدا بولغان. چۈنكى، ئۇنىڭ قۇم دۆۋىلىرى بەك زىچ، بەك ئېگىز، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئىچكى قىسمى بەك «ئۆلۈك» ئىدى. دەرۋەقە، بۇ بىر قىياس، بۇنى يەنىلا ئىلمىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئىسپاتلاشقا توغرا كېلىدۇ. بىراق، مېنىڭ قارىشىم شۇكى، تارىم ئويمانلىقىدىكى شامال يۆنىلىشىنىڭ «يېتىشتۈرۈشى» ئارقىسىدا، بۇ قۇملۇق ئۇنىڭ غەربىي چېتىدە پەيدا بولغاندا، باشقا جايلىرى يەنىلا بوستانلىق ئىدى. يەنە كېلىپ، سۋېن ھېدىننىڭ 1895 ـ يىلى يازدىكى «ھالاكەت سەپىرى» ئەمەلىيەتتە بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلىدى دەپ ئويلايمەن.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، سۋېن ھېدىننىڭ شۇ قېتىمقى مەغلۇبىيەتلىك ئېكسپېدىتسىيىسى — تەكلىماكان قۇملۇقىغا قىلىنغان ئېكسپېدىت-

① تەكرارلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئادەتتە يەركەن دەرياسى بويىدىكى مازارتاغ غەربىي مازارتاغ، خوتەن دەرياسى بويىدىكى مازارتاغ شەرقىي مازارتاغ دېيىلىدۇ. كىشىلەر تىلغا ئالىدىغان مازارتاغ ئاساسەن خوتەن دەرياسى بويىدىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سىيىدىكى نۇقتىلىق سەھىپە، 20 ـ ئەسىر جۇڭگو غەربىي قىسىم ئېكسپېدىتسىيە تارىخىنىڭ مۇقەددىمىسى، سۋېن ھېدىنىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى جانلىق، مۇشەققەتلىك، ئەگرى ـ توقاي ئېكسپېدىتسىيە ھاياتى مۇشۇ ھالاكەتلىك بالا ـ قازادىن باشلانغان.

سۋېن ھېدىن پۈتۈن تۆگىلىرىدىن ئايرىلىش ①، ئىككى تۆگىچىنى قۇربان قىلىش، مۇتلەق كۆپ قىسىم قىممەتلىك بۇيۇملىرىدىن ۋاز كېچىش بەدىلىگە، جان تالىشىپ ـ تىرمىشىپ ئاخىر خوتەن دەرياسى بويىدا ھالاكەتتىن قۇتۇلۇپ قالدى. ھالبۇكى، باشقا ئادەم بۇ زىيانغا بەرداشلىق بېرەلمەس ئىدى، سۋېن ھېدىن بولسا بەرداشلىق بەردى ۋە كىشلەر ئۈچۈن ئۆمۈرلۈك تەربىيە بولۇپ قالدى. ئۇ قىممەت باھالىق فوتو ئاپپاراتىنى ۋە مىڭ پارچىدىن ئارتۇق پلىيونكىنى يوقىتىپ قويدى، ئەمما ئۇ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە رەسسام بولۇپ يېتىشتى؛ ئۇ قۇملۇقتا يول بولمىسىمۇ مېڭىۋەردى، ئـەمـمـا ئـۇ دەندەن ئۆيـلـۈك («تـەكلـىـماكـان قـەدىمىي شەھىرى»)، قارادۆڭ، مازارتاغدىكى تۇبۇت قەلئەسى... قاتارلىق مۇھىم قەدىمىي شەھەر خارابىلىرىنى ئۇچراتتى.

بۇنىڭدىن باشقا، سۋېن ھېدىن يەنە توڭگۇزباستىدىكى ئىپتىدائىي كەنتنى زىيارەت قىلدى، تەكلىماكان قۇملۇقىنى جەنۇبتىن شىمالغا دەسلەپكى قېتىم كېسىپ ئۆتۈپ ياۋا تۆگە گۇلىستانىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلىدى. دەرۋەقە، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇ لوپنۇر چۆللۈكىگە يېتىپ باردى، «كرورانىنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى» — كۆنچىقان بەگنىڭ كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى، يەنە تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى قالايمىقان سۇ سىستېمىسى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، «ئەسىرلىك بەس ـ مۇنازىرە» بولغان «لوپنۇر كۆلىنىڭ ئورنى» ئۈستىدە ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتلىك بىر قەدەمنى باستى. سۋېن ھېدىن شۇ قېتىمدىكى ئېكسپېدىتسىيە داۋامىدا لوپنۇرلۇقلار، لوپنۇركۆلى بىلەن 40 يىللىق تارىخىي قىسمەتلىك باغلىنىش ئورناتتى.

---

① خوتەن دەرياسى بويىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ سەككىز تۆگىسىدىن بىر ئاق تۆگىسىلا قالغان. بۇ تۆگىمۇ ئاچلىق ۋە ھارغىنلىق دەستىدىن ئاقسۇدا ئۆلۈپ كەتكەن.

باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ئۇ ئادەتتىكى قانۇنىيەت بويىچە «بەش ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ، ئالتە سەركەردىنى يېڭىپ»، ئاخىر «مەكتىپ شەھرىگە يول ئالىدىغان» ئىشنى قىلماي، ئەكسىچە ھالاكەتتىن پارلاق مەنزىلگە قەدەم تاشلىدى.

غەربىي يۇرت ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىسى — «ھايات ـ ماماتلىق باياۋان» دا خاتىرىلەنگەن چۆل - باياۋان، دەريا ـ كۆل ھەققىدىكى ھېكايىلەر — سۋېن ھېدىننىڭ ئېكسپېدىتسىيە ھاياتىدىكى خاسىيەتلىك باش سەھىپە!

3

1991 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، شۋېتسىيىنىڭ ئۇنىۋېرسىتېت شەھىرى ئۇپسالادا قەدىناس دوستۇم، يازغۇچى راسېر بورگ بىلەن كۆرۈشتۇم. راسېر ماڭا كىم ئارتۇق سودىسى يەرمەنكىسىدىن يېڭىلا ئالغان سۋېن ھېدىننىڭ ئون نەچچە پارچە سىزما رەسىمنى، ئالتە پارچە خېتىنى كۆرسەتتى، سۋېن ھېدىن بۇ خەتلەرنى پېشقەدەم موزدۇز ستېرلىنستروم ئۇستىغا يازغانىكەن. ئۇلارنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن ئوخشاش، ھەممىسىدە ئۇستامغا رەھمەت ئېيتىلىغان ھەم بىر جۈپ ئۆتۈكنىڭ پۇلى ھېسابىغا ئالتە كرونا پۇل ئەۋەتكەنلىكى يېزىلغانىكەن. كېيىن شۋېتسىيە دۆلەتلىك ئارخىپخانىسىدا سۋېن ھېدىننىڭ بارلىق خەت ـ چەكلىرىنىڭ كۆپىيىسىنى كۆرۈش ئارقىلىق، سۋېن ھېدىن-نىڭ ھەر يىلى خوتەن دەرياسى بويىدا قۇتۇلۇپ قالغان ئاشۇ كۈنگە كەلگەندە، موزدۇزغا ئاشۇنداق «رەھمەت خېتى» يېزىپ تۇرغانلىقىنى ئىس-پاتلاشقا مۇۋەپپەق بولدۇم. مەن كۆرگەن ئالتە پارچە خەت ئۇنىڭ خەتلىرى-نىڭ بىر قىسمىلا ئىدى. بۇ خەتلەرنىڭ يېزىلىشىغا شۇ ئىش سەۋەب بولغانىكى، سۋېن ھېدىن 1895 ـ يىلى يازدا جان تالىشىپ يۈرۈپ خوتەن دەرياسى بويىغا يېتىپ بارغاندا، بۇ دەريانىڭ «پەسىللىك دەريا» ئىكەنلىكى-نى بايقىغان، بۇ دەل «سۇ قۇرۇغان مەزگىل» بولغاچقا، دەريادا سۇ يوق

ئىدى. ئۇ كۆتمىگەن يەردىن قىرغاقتا بىر كۆلچەكنى ئۇچرىتىپ قالغان، موزدۇز تىكىپ بەرگەن پۇختا ئۆتۈكىگە سۇ قاچىلاپ، ئۆزىنىڭ، بولۇپمۇ تۆگىچى قاسىمئاخۇننىڭ جېنىنى قۇتقۇزۇپ قالغان. مانا بۇ كۆلچەك ئېكسپېدىتسىيە تارىخىغا پۈتۈلگەن مەشھۇر «تەڭرى ئاتا قىلغان كۆلچەك» نىڭ ئۆزى. بۇنىڭدىن خوتەن دەرياسىنىڭ غەربىدىكى قۇملۇقتا يولۇققان سەرگۈزەشتىنىڭ سۋېن ھېدىننىڭ ھاياتىغا قانداق چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى، سۋېن ھېدىننىڭ ئېكسپېدىتسىيە ھاياتىغا قانداق تامغا باسقانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

بۇ ئىشتىن كېيىن، باشتا سۋېن ھېدىننىڭ ئۆزى ۋە باشقا غەربىي يۇرت ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى، ئۇنىڭدىن كېيىن غەربىي يۇرت ئېكسپېدىتسىيىسىگە دائىر ئەسەرلەرنىڭ ئوقۇرمەنلىرى ۋە تەتقىقاتچىلىرى شۇ قەدەر خىل جابدۇلغان ئېكسپېدىتسىيە كارۋىنىنىڭ ھالاك بولۇشىنىڭ سەۋەبى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ باردى. چىقىرىلغان يەكۈن شۇكى، بىرىنچى، بېتەرلىك سۇ ئېلىۋالمىغان؛ ئىككىنچى، قۇملۇق ھەققىدىكى بىلىم كەمچىل، سۇ بولمىسا، قۇملۇقتا ئېكسپېدىتسىيە قىلىشتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى. سۋېن ھېدىننىڭ كارۋىنى ئۇچۇن ئۇنچىۋالا جىق ئوزۇق، كىيىم، قورال ۋە ئەسۋاب ئېلىش بىھاجەت ئىدى، يېتەرلىك سۇ ئالمىغانلىقى ۋەجىدىن سۋېن ھېدىن ۋە ئۇنىڭ تۆگىچىلىرى كېيىنكى كۈنلەردە كونسېرۋا، توخۇ قېنى، قوي قېنى، تۆگە سۈيدۈكى... دېگەندەكلەرگە تايىنىپ ئۇسسۇزلۇقنى بېسىپ كەلگەن. دەل مۇشۇ ئۇسسۇزلۇق تەييارلىقى شۇ قەدەر پۇختا بولغان ئېكسپېدىتسىيە سەپىرىنى ھالاكەت گىردابىغا ئاپىرىپ قويغان، قۇملۇقمۇ شۇنداق، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى سۋېن ھېدىننىڭ قۇملۇق توغرىسىدىكى — بولۇپمۇ تەكلىماكان قۇملۇقى توغرىسىدىكى تونۇشى ئاساسەن كىتابتىن ۋە رىۋايەتلەردىن كەلگەن. ئۇ بۇ «بارسا كەلمەس» «ھالاكەت دېڭىزى» غا تەۋەككۇل قىلىپ كىرگەندىن كېيىن، قۇملۇقتىكى ئۆزىنىڭ پۈتۈن كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى خورىتىپ تۈگەتكەن سان ـ ساناقسىز ئېگىز ـ پەس قۇم دۆۋىلىرىنى ۋە پايانسىز قۇم بارخانلىرى زەنجىرىنى بىلىپ يەتكەن. دەل

ئاشۇ قۇملۇقنىڭ ئاجايىپ ـ غارايىپ يەر شەكلى ئالاھىدىلىكى كىشىلەرنى كۆرۈپلا ئارقىغا داجىشقا مەجبۇر قىلغان، قەدىمدىن ھازىرغىچە قانچە ـ قانچىلىغان سەپەر قىلغۇچىلارنىڭ يۈرەك قېنى ۋە ئىشەنچىنى خورىتىپ تۈگەتكەن.

بۇ ئىككى سەۋەبتىن باشقا، كىشىلەر ئانچە بىلىپ كەتمىگەن يەنە بىر سەۋەبمۇ بار. ئۇ بولسىمۇ، سۋېن ھېدىن قۇملۇققا ئېكسپېدىتسىيە قىلىشقا تولىمۇ مۇۋاپىق كەلمەيدىغان پەسىل — باش يازنى تاللىۋالغان. شۇ قېتىمقى بىۋاستە كەچۈرمىش ئارقىلىق تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ 5 ـ، 6 ـ ئايلاردىكى ئەھۋالى سۋېن ھېدىننىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ئورۇن ئېلىپ قالغان. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن قۇملۇققا يەنە نۇرغۇن قېتىم ئېكسپېدىتسىيە قىلىپ مىسلى كۆرۈلمىگەن بايقاشلارغا ئېرىشتى، بىراق ئۇ قۇملۇققا ئىككىنچىلەپ ياز پەسلىدە كىرمىدى. سۋېن ھېدىن بۇ ساۋاقنى ئېسىدىن چىقارمىدى.

ئەگەر سېلىشتۇرۇشقا توغرا كەلسە، تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشۈم كېرەك: 1895 ـ يىلى 5 ـ ئايدا سۋېن ھېدىن پۈتۈن قوشۇنىنى دېگۈدەك ھالاك قىلىپ، خوتەن دەرياسىدا ئۆلگىلى تاس قالغان؛ 1980 ـ يىلى پېڭ جيامۇ لوپنۇر قۇملۇقىدا قازا قىلغان؛ 1996 ـ يىلى 6 ـ ئايدا يۈ چۈنشۈن باياۋاندا ھاياتىدىن ئايرىلغان. بۇلارلا ئەمەس، 1984 ـ يىلى يازدا مەنمۇ قۇملۇقنىڭ پىژغىرىم ئاپتىپىدا كۆيۈپ «سېسىپ» قالغىلى تاس قالغان.

قۇملۇق — سۋېن ھېدىننىڭ ئەڭ ياخشى دوستى، ئۇ ئۆز مۇھەببىتىدە ئۇچۇشسىزلىققا ئۇچرىغان چەت ئەللىك ياشنى تارىختا شان ـ شەرەپ قالدۇرغان ئېكسپېدىتسىيىچى قىلىپ يېتىشتۈردى؛ قۇملۇق — سۋېن ھېدىننىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى، ئۇ ئېكسپېدىتسىيىچىنىڭ ھەربىر سەۋەنلىكىگە ھەر ۋاقىت كۆز تىكىپ تۇراتتى ۋە ئەڭ كىچىك سەۋەنلىكنى ئەڭ چوڭ قىلتاققا ئايلاندۇرۇشقا ھەرقاچان تەييار تۇراتتى.

نېمىلا دېمەيلى، 1895 ـ يىلىدىكى قۇملۇق ئېكسپېدىتسىيىسى بولمىغان بولسا، ئېكسپېدىتسىيىشۇناس سۋېن ھېدىن بولمىغان بولاتتى. جۇڭ-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

گونىڭ غەربىي يۇرتىغا ئېكسپېدىتسىيە قىلىش تارىخىنىڭ رەڭدارلىقىمۇ ئاجىزلىشىپ قالغان بولاتتى.

## 4

سۋېن ھېدىن شۇ قېتىمقى ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيىسىنى تامام-لاپ شۋېتسىيىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، كىتاب سودىگىرىنىڭ تەكلىپى بىلەن «ئاسىيانى كېسىپ ئۆتۈش» ناملىق ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىسىنى يېزىپ چىقتى. «ھايات ــ ماماتلىق باياۋان» — «ئاسىيانى كېسىپ ئۆ-تۈش» دېگەن كىتابتىن ئېلىنغان خەۋپ ــ خەتەر ۋە ئەگرى ــ توقايلىق بىلەن تولغان ئاجايىپ رەڭدار قىسىم.

شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، سۋېن ھېدىننىڭ باشقا ئەسەر-لىرىدىمۇ شۇ قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيىگە ئالاقىدار مەزمۇنلار بار. ئالايلۇق، ئۇنىڭ «مېنىڭ ئالدىنقى يېرىم ئۆمرۈم» — «ئاسىيا كىندىكىگە سەپەر» (يەنە بىر نامى «مېنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ھاياتىم») تە مۇناسىپ تەسۋىرلەر بار. ئەگەر بۇ ئىككى كىتابنى سېلىشتۇرساق، ئىش يەنە شۇ بىر ئىش، ئاپتور يەنە شۇ بىر ئاپتور بولسىمۇ، ئىككى كىتابنىڭ كونكرېت مەزمۇنى جەھەتتە بىرى بىرىنىڭكىنى تەكرارلىغان ئىش يوقلۇقىنى بايقايمىز، بولۇپمۇ «ئاسىيانى كېسىپ ئۆتۈش» نى سۋېن ھېدىن شۇ قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيە-سىنى ئەمدىلا ئاياغلاشتۇرغان، خاتىرىسى يېڭى ۋاقىتدا يېزىشقا كىرىشكەن، ۋەقەلىكنىڭ ئۆزىنى يېزىشنى ئاساس قىلغان، ئۇنىڭدىكى جانلىق، كونكرېت تەسۋىرلەر كىشىنى ئاشۇ مۇھىتنىڭ ئۆزىدە تۇرۇۋاتقاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرى-دۇ. «ئاسىيا كىندىكىگە سەپەر» 20 يىلدىن كېيىن سۋېن ھېدىننىڭ ھاياتىي ئىشلىرى تۆۋەن باسقۇچقا كىرگەن مەزگىلدە يېزىلغان، قايتا ئويلى-نىش ۋە ئەسلەش بۇ كىتابنىڭ ئاساسىي روھى. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئىككى كىتابنى سېلىشتۇرۇپ ئوقۇغاندا، ئاندىن مۇكەممەل تەسىراتقا كەلگىلى بولىدۇ. ئوخشاشمىغان ئۇسلۇب بىلەن ئوخشاش ئۈنۈم ھاسىل قىلىش،

ئوپمۇئوخشاش قىلىپ قويماسلىقتىن ئىبارەت يېزىقچىلىق ئۇسۇلى دەل سۈيىن ھېدىنىنىڭ ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىسىنىڭ ئالاھىدىلىكىدۇر. سۈيىن ھې-دىن ئوخشاشمىغان نۇقتا، ئوخشاشمىغان نەزەر دائىرىسىنى تەكرار ئىزدەش ئارقىلىق ئوخشاشمىغان ۋەقەلىكنى تاللاپ، ئوخشاش بىر جەرياننى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىسىنى يىمىرىلمەس سېھرىي كۈچكە ۋە كىشىگە ھەمىشە يېڭى بىلىنىپ تۇرىدىغان ئوقۇش تەسىراتىغا ئىگە قىلغان. بۇ ھال ئۇنىڭ ئېكسپېدىتسىيە كەچۈرمىش-لىرىنىڭ مول مەزمۇنلۇقلۇقى ۋە رەڭدارلىقىنى، ئۇلارنى تەكرارلاشنىڭ ھاجەتسىزلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىپلا قالماي، سۈيىن ھېدىنىنىڭ ئۆزىنىڭ باسقان قەدەملىرى بىلەن كىشىلىك ھاياتىنىڭ قىممىتىنى نامايان قىلغان ئېكسپېدىتسىيىچى ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئېكسپېدىتسىيە پائالىيە-تىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن ئېكسپېدىتسىيىچى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

چوڭ ھەجىملىك كىتاب — «ئاسىيانى كېسىپ ئۆتۈش» نىڭ خەنزۇ-چە تەرجىمە نۇسخىسى نەشر قىلىنمىغان ئەھۋالدا ئوقۇرمەنلەرنىڭ — خۇسۇسەن ياش ئوقۇرمەنلەرنىڭ غەربىي يۇرتقا بولغان چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈمىدىدە، شۇنداقلا يېڭى ئەسىردە غەربىي شىمالنى ئېچىش تەدبىرى ئۈچۈن پايدىلىق پايدىلىنىش ماتېرىيالى يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈمىدىدە، شۇ كىتابنىڭ ئىچىدىكى مەزمۇنى نىسبەتەن مەركەزلىك بولغان «ھايات ــ ماماتلىق باياۋان» نى تەرجىمە قىلىپ نەشردىن چىقاردۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 1 . قۇملۇق ھەققىدە رىۋايەت

دۇنيا جۇغراپىيىسىدىن خەۋەردار كىشىلەرگە مەلۇمكى، سۈيى قۇرۇپ كەتكەن، ئىنتايىن كەڭ دەريا قىنىغا ئوخشايدىغان، شەرقىي شىمالدىن غەربىي جەنۇبقا قاراپ قىيپاش سوزۇلغان، ئاسىيا قىتئەسى بىلەن ئافرىقا قىتئەسىنى كېسىپ ئۆتىدىغان بىر قۇملۇق بەلۋاغ بار. بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭگو ۋە ئىچكى موڭغۇل تەۋەسىدىكىسى گوبى چۆلى ① دېيىلىدۇ، شىنجاڭ تەۋەسىدىكىسى (گوبى چۆلىنىڭ غەربىي چېتىدىكىسى) تەكلىماكان دېيىلىدۇ؛ رۇسىيىگە. تەۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكىسى قىزىلقۇم ۋە قاراقۇم دېيىلىدۇ؛ پارس ② زېمىنىدىكىسى دەشتى كەبىر؛ ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى ئوتتۇرا شەرقتىكى قۇملۇق؛ ئاخىرقىسى شىمالىي ئافرىقىدىكى سەھرايى كەبىر قۇملۇقىدۇر.

بۇ ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن قۇملۇق بەلۋاغ ئىچىدە ئەڭ قاقاس جاي يەنىلا تەكلىماكاندۇر. بۇ قۇملۇق يەركەن دەرياسى ياكى تارىم دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىن باشلىنىپ، شىزاڭنىڭ شىمالىي چېگرىسى بولغان ھەيۋەتلىك قورۇم تاغ تىزمىسىغىچە بارىدۇ. ئۇ ئەزەلدىن كىشىلەرگە تونۇشلۇق بولمىغان بىپايان قاقاش رايون ئىدى. مەن 1895 ـ يىلى ئەتىيازدا، بۇ زوننى ئەلمىساقتىن بۇيان تۇنجى قېتىم كېسىپ ئۆتتۈم.

1894 ـ يىلى يازدىن باشلاپ قەشقەرنىڭ خىتاي شەھرى — يېڭىشەھەردە قىسقا ۋاقىت تۇردۇم، ئۇ جۇڭگونىڭ تارىم رايونىنىڭ مەركىزى ئىدى.

---

① گوبى چۆلى — بۈگۈنكى «بادانگىلىن» قۇملۇقىنى كۆرسىتىدۇ.
② پارس — بۈگۈنكى ئىراننى كۆرسىتىدۇ.



19 ـ ئەسرنىڭ ئاخىرىدىكى قەشقەرنىڭ شەھەر ئەتراپىدىكى
ياغاچ كۆۋرۈك

مەن پامىر ئېگىزلىكىدە تۆت ئاي تۇردۇم، يەنە كېلىپ مۇزتاغ ئاتىدا①
كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىدىغان قىرغىزلار بىلەن بىللە تۇردۇم. شۇ
مەزگىلدە بۇ تاغنىڭ 7880 مېترلىق چوققىسىغا تۆت قېتىم چىقىشقا ئۇرۇ-
نۇپ ھېچقايسىسىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدىم.

1895 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ بېشىدا بارگاھىمنى يەركەن دەرياسى
بويىدىكى لايىقلىق دېيىلىدىغان مەينەت ـ مالىمان بىر جايغا يۆتكىدىم،
مەقستىم كېيىنكى قەدەمدىكى قۇملۇق ئېكسپېدىتسىيىسىگە تەييارلىق كۆ-
رۈش ئىدى.

يەرلىكلەر ۋە جۇڭگونىڭ ئەمەلدار مەھكىمىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى
مېنىڭ تەكلىماكاننى كېسىپ ئۆتۈش پىلانىمنى ئاقمايدىغان پىلان دەپ
قارىشاتتى. بىراق، ئۇلار شۇنى بىلمەيتتىكى، ئاڭلىسا كىشىنىڭ قورققۇسى
كېلىدىغان ئاشۇ گەپلەر ئەكسىچە ماڭا ئىلھام بەرگەنىدى، تەسەۋۋۇرۇمنى
كىشىنى تېخىمۇ گاڭگىرىتىپ قويىدىغان بىر خىل سېھرىي كۈچكە ئىگە

① بۇ يەردە سۆزلەنگەن «مۇزتاغ» نى «مۇزتاغ ئاتا» دەپ خاتىرىلىنىشى مۇۋاپىق ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قىلغانىدى، مەن ئۇ گەپلەر بىلەن قۇملۇق ئالدىدا مۇشكۇلاتلاردىن قورقۇپ ئارقىغا چېكىنمەيتتىم.

كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، يەركەن دەرياسى بىلەن خوتەن دەرياسى ئارىلىقىدىكى قۇملۇقتا قەدىمدە بىر چوڭ شەھەر بولغانىكەن، بىراق بۇ شەھەر ئۇزاقتىن بۇيان قۇملۇق ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغانىكەن، «تەكلىماكان» ئەسلىدە شۇ شەھەرنىڭ نامى ئىكەن، كېيىن پۈتكۈل قۇملۇقنىڭ نامى بولۇپ قالغانىكەن، قۇملۇقنىڭ ئىچكىرى قىسمىدا جىن ــ شاياتۇنلار پەيدا بولۇپ تۇرىدىكەن. ئۇ يەردىكى ئۆيلەرنىڭ تاملىرى ئارىسىدا ئالتۇن ــ كۈمۈشلەر كۆمۈلۈپ ياتىدىكەن. مۇبادا بىراۋ كېلىپ ئۇ ئالتۇن ــ كۈمۈشلەرنى تۆگىگە ئارتىپ ئېلىپ كەتمەكچى بولسا، جىن ــ شاياتۇنلار تۇشمۇتۇشتىن قۇتراپ چىقىپ ئۇ كىشىگە چاپلىشىۋېلىپ كەتكىلى قويمايدىكەن. ئالتۇن ــ كۈمۈشلەرنى تاشلىۋەتسە، ئاندىن جىنىنى ساقلاپ قالالايدىكەن.

بىرنەچچە تېرىقچى ماڭا قۇملۇق ئارىسىدا نۇرغۇن قەدىمىي شەھەرلەرنىڭ كۆمۈلۈپ ياتقانلىقىنى راستلا دەپ بەردى. 80 ياشلىق بىر بوۋاي پىلانىمنى ئاڭلاپ يوقلاپ كەلدى. ئۇ ماڭا مۇنداق گەپلەرنى ئېيتىپ بەردى: ئۇنىڭ ياش ۋاقتىدىكى بىر تونۇشى قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتۈپ خوتەندىن ئاقسۇغا بېرىش سەپىرىدە قۇملۇقتا ئېزىپ قېلىپ، بىر قەدىمىي شەھەرگە بېرىپ قاپتۇ. شەھەرنىڭ ئۆيلىرىدە نۇرغۇن جۇڭگوچە كەشلەرنى كۆرۈپتۇ، كەشلەرنى شۇنداق تۇتۇپ بېقىشىغا، ئۇلار شۇ هامان كۇلگە ئايلىنىپ كېتىپتۇ؛ يەنە بىر كىشى ئاقساقارال دېگەن يەردىن يولغا چىقىپ قۇملۇققا كىرىپ، بىلىپ ــ بىلمەي بىر قەدىمىي شەھەرگە كىرىپ قاپتۇ، ۋەيرانە ئۆيلەردىن نۇرغۇن كۈمۈش تېپىۋاپتۇ، خالتىسى ۋە يانچۇقلىرىنى كۈمۈشكە تولدۇرۇپ، بۇ شەھەردىن چىقىپ كېتەي دەپ مېڭىشىغا، بىر توپ ياۋا مۈشۈك ئالدىغا ئېتىلىپ كەپتۇ، ئۇ كىشى كۈمۈشلەرنى تاشلىۋېتىپ قېچىپ قۇتۇلۇپتۇ. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ يۈرىكى يوغىناپ، باي بولۇش خىيالى قوزغىلىپتۇ ــ دە، قۇملۇققا يەنە كىرىپتۇ. بىراق، ئۇ ھېلىقى سىرلىق قەدىمىي شەھەرنى زادىلا تاپالماپتۇ. قۇم ئۇ شەھەرنى كۆمۈۋېتىپتۇ.

خوتەندە بىر ئىسلام مۇرتىنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كەلگەنىكەن. ئۇ خەققە جىق قەرزدار بولۇپ قاپتۇ، ھەقدار قەرزنى سۈيلەپ ئۇنىڭ ھېچ ھالىنى قويماپتۇ، ئۇ بەخىرامان ئۆلۈپلا كېتەي دەپ قۇملۇققا كىرىپ كېتىپتۇ. بىراق، ئۇ قۇملۇقتىن دۆۋە ــ دۆۋە ئالتۇن، كۈمۈشلەرنى تېپىۋاپتۇ، ھازىر ئۇ بىر كاتتا باي بولۇپ كېتىپتۇ، سانسىزلىغان كىشىلەر شۇ كىشىدەك باي بولۇپ كېتىش ئارزۇسىدا قۇملۇققا كىرىشىپتۇ ــ يۇ، شۇ كەتكەنچە قايتىپ كېلەلمەپتۇ.

مېنى يوقلاپ كەلگەن بوۋاي مۇنداق دەپ كېسىپ ئېيتتى: كۆمۈكلۈك بايلىقنى تاپىمەن دېگەن كىشى ئالدى بىلەن جىن ــ شاياتۇنلارنى قويماي قوغلاپ چىقىرىشى كېرەك، چۈنكى ئۇ جىن ــ شاياتۇنلار يولۇچىلارنىڭ بېشىنى قايدۇرۇپ ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى ئۇيان يۈرۈپ، بۇيان يۈرۈپ يەنە ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى بېسىپ ئۆتكەن يولىغا كېلىپ قالىدۇ ــ دە، ئاخىر مادارىدىن كېتىپ يىقىلىپ ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپ كېتىدۇ.



1895 ــ يىلىدىكى خوتەن شەھىرىنىڭ كوچا مەنزىرىسى

لايىقلىقتا يەنە بىركىشى مۇنداق گەپنى دەپ بەردى: ھېلىقى غايىب

بولغان سىرلىق قەدىمىي شەھەر (يەرلىكلەر ئۇنى «سايچاتاق» ياكى «جىنقىلتاق» دەيدىكەن) بۇ يەردىن 15 كىلومېتىر نېرىدا، لايقىلىقنىڭ غەربىدە ئىكەن. نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا بەزىلەر ئۇنى كۆرۈپتىكەن. بىراق، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى ھېچكىم تاپالماپتۇ. پەقەت ھەممىگە قادىر خۇدالا ئادەمنى ئۇ يەرگە باشلاپ بارالايدىكەن. نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا يەركەن دېگەن يەردىن 12 كىشى بايلىق ئىزدەپ قۇملۇققا كىرىپ كېتىپتۇ، بايلىق ئىزدىگۈچىلەر ئەتىيازدا يولغا چىقىشنى راۋا كۆرىدىكەن. چۈنكى، ئۇلار شۇ چاغدا قۇملۇقتا چىققان بوراننىڭ بايلىقنى ئېچىۋېتىشىنى ئۈمىد قىلىدىكەن. بىراق، يەنە بىر كىشى بىر ئاي ئىلگىرى بايلىق ئىزدەپ چىقىپ كېتىپتىكەن، ھازىرغىچە قايتىپ كەلمەپتۇ.

يەركەن شەھىرىگە بارغاندىن كېيىن بەزىلەردىن يەنە مۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىدىم: قۇملۇقتا سەپەر قىلىۋاتقان كىشى كىمدۇر بىرىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىسمىنى چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلايدىكەن، ئۇ ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ ماڭسا ئېزىپ كېتىپ، شۇنىڭ بىلەن ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپ كېتىدىكەن. بۇ رىۋايەتنى ئوتتۇرا قەدىمكى ئەسىردە ياۋروپاغا مەشھۇر ساياھەتچى، ۋېنېتسىيىلىك ماركو پولو لوپنۇر قۇملۇقى ئۈستىدىكى خاتىرىسىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن. ئۇ مۇنداق دېگەن: ساياھەتچىلەر كېچىدە سەپەر قىلىۋاتقىنىدا، ئۇلاردىن بىرەرى ھەمراھلىرىنىڭ كەينىدە قېلىپ ئۇخلاپ قالسا، ئويغانغاندىن كېيىن ھەمراھلىرىنى قوغلىشىپ كېتىۋاتقىنىدا، جىن ـ شاياتۇنلارنىڭ قىلغان گەپلىرىنى ئاڭلايدىكەن، جىن ـ شاياتۇنلار ھەتتا ئۇنىڭ ئىسمىنى چاقىرىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ قايمۇقۇپ كېتىپ ئېزىپ قالىدىكەن ـ دە، ھەمراھلىرىنى زادىلا تاپالمايدىكەن. نۇرغۇن ئادەم ئەنە شۇ تەرىقىدە قۇملۇقتا ئۆلۈپ كەتكەن؛ ماركو پولو جەزىم قىلىپ شۇنداق دېگەن:

بۇ رىۋايەت ۋە ئەپسانىلەردىن ئالدى بىلەن شۇنداق يەكۈن چىقاردىم، بۇ يەردىكى قۇملۇق ئەتراپىدىكى شەھەر ـ يېزىلاردا نۇرغۇن بىكار تەلەت كىشىلەر بار ئىكەنكى، ئۇلار كۈنلەرنىڭ بىرىدە بايلىق ئىلاھى كېلىپ شۇ بىھېساب ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى ئۆزلىرىنىڭ قوينىغا تۆكۈپ بېرىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىدىكەن. بۇ خىلدىكى بايلىق ئىزدىگۈچىلەر توغرا كەسىپ

بىلەن شۇغۇللانمايدىغان كىشىلەر ئىكەن، قولۇم ـ قوشنىلىرى ئۇلاردىن بىزار ئىكەن، ئۇلار كۆڭۈلرىنى ئوغرىلىق، قاقتى ـ سوقتىلىق بىلەن ئۆتكۈزىدىغان كىشىلەر ئىكەن، شۇڭا ياقا يۇرتلۇقلار ئۇلاردىن ئالاھىدە پەخەس بولۇشى كېرەك ئىكەن.

بىراق، بۇ رىۋايەتلەر زادى قەيەردىن كەلگەن؟ ئاقار قۇم كۆمۈۋەتكەن قەدىمىي كاتتا شەھەر — تەكلىماكان ھەققىدىكى رىۋايەت نېمە ئۈچۈن خوتەندە ۋە يەركەن، مارالبېشى، ئاقسۇلاردا تارقالغان؟ ئەجەبا، بۇ ئاشۇ يەرلىكلەرنىڭ خىيالىمۇ؟ ئۇلار ئېھتىمال ئاللىقاچان ئادەمزاتسىز قالغان ئاشۇ ئۆيلەرنى كۆرگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇ ئۆيلەرنىڭ ئەڭ ئىنچىكە ـ كىچىك يەرلىرىنىمۇ سۈرەتلەپ بېرەلىشى مۇمكىن.

ئۇلار ياۋروپالىقلارغا چاقچاق قىلىۋاتامىدىغاندۇ؟ ئۇلار ياۋروپالىقلارغا: يىراق قەدىمكى دەۋردە، بۈگۈنكى قۇملۇقتا كەڭ كەتكەن ئورمانلىقلار بولغان، بۇغا ۋە باشقا ياۋايى ھايۋانلار ياشىغان جايلارمۇ بولغان دېمەكچى.

ياق، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى تاسادىپىيلىق ئەمەس، چاقچاقمۇ ئەمەس.

بۇ رىۋايەتلەرنىڭ جەزمەن ئاساسى بار، جەزمەن ئورتاق مەنبەسى بار. بۇ رىۋايەتلەرنىڭ كەينىدە جەزمەن يىراق زاماندا يۈز بەرگەن، ئاشۇ گەپلەرگە ئاساس بولىدىغان خىلمۇ خىل پاكىتلار بار. شۇڭا، مەن بۇ رىۋايەتلەرگە ھامان دىققەت بىلەن قۇلاق سالدىم، بۇ ھال باشلاش ئالدىدىكى سەپىرىمنىڭ ئادەمنى جەلپ قىلىدىغان سېھرىي كۈچىنى كۆنسايىن كۈچەيتىپ باردى، ھەتتا مېنى خەۋپ ـ خەتەرگە قارىماي ھەممىنى دو تىكىدىغان يەرگىچە ئېلىپ باردى.

بۇ سىرلىق قۇملۇق مېنى گاڭگىرىتىپ قويۇشقا باشلىدى، ھەتتا قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىدە چىقىدىغان قۇم ئارىلاش بورانمۇ نەزەرىمدە تەسىرلىك ھەم سۆيۈملۈك بولۇپ قالدى.

مەن تاقەت قىلالماي قالدىم. بۇ ئەپسانىۋى ئالەمگە بىرىنچى بولۇپ قەدەم قويغۇچىنىڭ ئاشۇ مىنۇتلىرىنىڭ تېزراق يېتىپ كېلىشىگە تەشنا ئىدىم.

www.uyghurkitap.com

# 2 . قۇملۇق چېتىدە

ئىشنىڭ بىسمىللاسىدىلا سەۋر ـ تاقىتىم بىر خىل ئالاھىدە سىناققا دۇچ كەلدى: يەركەن دەرياسى ئەتراپىدا تۆگە يوق ئىدى.

بۇ قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيە سەپىرىگە ياراملىق تۆگە سېتىۋېلىش ئۈچۈن قەشقەرگە ئادەم ئەۋەتىشكە مەجبۇر بولدۇم. ھەمراھىم ئىسلامبايمۇ باشقا ھەممە لازىمەتلىكلەرنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئاتلىق يەركەن شەھىرىگە يۈرۈپ كەتتى. ئىسلامباي بىر يىلدىن بۇيان ماڭا ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتاتتى، ئۇ رۇسىيە زېمىنىغا تەۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئوش ① دېگەن يېرىدە تۇرۇشلۇق ئىسلام مۇرتى ئىدى.

1895 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، بارگاھىمنى يەركەن دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدىكى بىر چوڭ كەنت — مەكىتكە ② يۆتكىدىم. چۈنكى، ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى باشلاپ شۇ يەردىن قۇملۇققا قاراپ يولغا چىقماقچى بولدۇم.

ئالاھىدە بىر ئىش شۇكى، مەندىن بۇرۇن ھېچقانداق بىر ياۋروپالىق مەكىت دېگەن يەرگە كېلىپ باقمىغانىكەن. كەنت بازىرىغا يېتىپ كېلىشىم يەرلىك ئاھالىنى تەۋرىتىۋەتتى. كەنت بازىرىغا يېتىپ بارمايلا بىر توپ كىشىلەر ئالدىمىزغا چىقىشتى، بەگ — كەنت باشلىقىمۇ بار ئىدى، ئۇ توخۇ، تۇخۇم دېگەندەك نەرسىلەرنى بەردى، يەنە نەرسە ـ كېرەكلىرىمنى ئارتىشقا بىرنەچچە قېچىر يېتىلەپ كەپتۇ. ئۇ مېنى گىلەم سېلىنغان چوڭ ھۇجرىسىغا ئورۇنلاشتۇردى.

---

① ئوش رۇسىيە زېمىنىغا تەۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر شەھەر بولۇپ، پامىرنىڭ غەربىگە جايلاشقان. ئىسلامباي سۋېن ھېدىننىڭ ئوشتىن تەكلىپ قىلغان ياردەمچىسى، ئۇ سۋېن ھېدىننىڭ 1895 ~ 1896، 1899 ~ 1902 — يىللىرى جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىغا قىلغان 2 ـ قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىسىگە قاتناشقان.

② مەكىت — ھازىرقى شىنجاڭنىڭ قەشقەر ۋىلايىتىدىكى مەكىت ناھىيىسى.



سۋېن ھېدىننىڭ ياردەمچىسى ئىسلامباي (رۇسىيە زېمىنىغا
تەۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئوشلۇق كىشى)

مەكىت دېگەن يەردىمۇ «بايلىق ئىزدىگۈچىلەر» بار ئىكەن. ئۇلاردىن بىرى ماڭا ئۆزىنىڭ مەلۇم قېتىمدا 20 نەچچە كۈن پىيادە يۈرۈپ قۇملۇقنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كېسىپ ئۆتكەنلىكنى ھېكايە قىلىپ بەردى.
ئۇ سۇ ۋە ئوزۇق ـ تۈلۈكلىرىنى ئېشەككە ئارتىپ، ھەمراھى بىلەن بىللە شەرقىي شىمال تەرەپكە قاراپ يەتتە كۈن يۈرۈپتۇ. ئېگىز ـ قوم بارخانلىرىدىن ئۆتۈپ، ئۇزۇن سوزۇلغان تاغ تىزمىسىغا بېرىپتۇ. ئۇلار ھەممىلا يەردە غەلىتە ـ غەلىتە يۇلغۇنلارنى كۆرۈپتۇ، تېخى بەزى يەرلەرنى كولاپ سۇمۇ چىقىرىپتۇ. بۇ ئادەم ھەر يىلى نۇرغۇن ئادەم تەكلىپ قىلىپ قۇملۇققا كىرىپ بايلىق ئىزدەپتۇ، بىراق بۇگۈنگە قەدەر بىر قېتىممۇ كونك-رېت ئۈنۈم ئالالماپتۇ. ئۇلارمۇ بۇ قۇملۇقنى «تەكلىماكان» دەيدىكەن.
ھەر كۈنى كەچتە يەرلىكلەردىن نۇرغۇن كىشى ھۇجرامدا مېھمان بولۇپ تۇردى. كەنت باشلىقى توختى خوجا ۋە يەرلىك ئاقساقاللاردىن ھەربىرى ماڭا بىردىن قوي بەردى، شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ھىندىستانلىق سودىگەر ياقۇپ، سېرىقماي بەردى. بۇ ئاقساقال تۈز كۆڭۈل ئادەم ئىدى، مېنى پات ـ پات يوقلاپ كېلىپ، ئۇ يەردىن ـ بۇ يەردىن پاراڭ قىلىپ بېرىپ، نەچچە سائەتلەپ ئولتۇراتتى. تۆگىلەرنىڭ خەۋىرى بولمايۋاتقانلىقىدىن تىت ـ تىت بولغانلىرىمدا، مېنى سەۋر قىلىشقا ئۈندەيتتى، ھامان تولىمۇ خاتىرجەم ھالدا «كېلىدۇ» ، «كېلىدۇ» دەپ كېسىپ ئېيتاتتى. بىراق، تۆگىلەر تېخىچە كېلەلمەيۋاتاتتى.
قىممەتلىك ۋاقىت شۇ تەرىقىدە ئۆتۈپ كېتىۋەردى، مەندە تەشۋىش پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ۋاقىتنىڭ سۆرىلىپ كېتىشى گويا بېشىمغا قوقاس تۆككەندەك ئىش ئىدى، چۈنكى ئەتىياز چىقىپ كېتىش ئالدىدا ئىدى. تومۇز ئىسسىق پەسلىدە قۇملۇق بەئەينى بىر تونۇر ئىدى.
بۇ مەزگىلدە، بۇ يەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى، باشقا خىلمۇ خىل ئىشلىرى توغرىسىدا ھەمىشە توختى خوجىدىن تەلىم ئېلىپ تۇردۇم. ئۇنىڭ قارىشىچە، مەكىتنىڭ پېزا ـ كەنتلىرىدىكى كىشىلەر قەيسەر، ئەمما قوپال كېلىدىكەن، يەنە كېلىپ ئوڭايلا ئۆچ ـ ئاداۋەت ساقلايدىكەن، كۆپ ھاللاردا ئەرزىمەس تالاش ـ تارتىش سەۋەبىدىن بىر ـ بىرى بىلەن نەچچە يىللارغىچە ئۆچەكىشىپ قالىدىكەن. بۇ تەرىپى قوشنا جايلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ كەڭ قورساق، ئەپۇچان مىجەزىدىن كۆپ پەرقلىنىدىكەن.

ئۆتكەن قېتىمقى بازار رامزان كۈنلىرىگە توغرا كەلدى. كىمدۇر بىرى كۈن پاتماستىنلا ئىپتار قىپتىكەن، كىشىلەر ئۇنى تۇتۇپ كېلىپ قامچىلاپتۇ، كېيىن قوللىرىنى قايرىپ باغلاپ كوچا چۆرگىلىتىپ سازايى قىلىپتۇ، جاماـ ئەت ئۇنى تىللاپتۇ، مازاق قىلىپتۇ. 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى مەنمۇ بازارغا باردىم. بازار ناھايىتى چوڭ ئىكەن، ھەربىر دۇكان، ھەربىر مالنىڭ مۇقىم رەستىسى بار ئىكەن. بىراق، بىر ھەپتىدە بىرلا قېتىم سودا ـ سېتىق بولىدىكەن. سودىگەرلەر بازار كۈنىلا ئۇستەل ۋە مال ـ بىساتلىرىنى ئۆيىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقىپ سودا قىلىدىكەن.

3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى خاس خىزمەتچىم قەشقەردىن ئاخىر قايتىپ كەلدى. ئۇ بىرمۇنچە پوچتا يوللانمىسى ئېلىپ كەپتۇ، بىراق تۆگە ئەكېلەلـ مەپتۇ. ئىسلامباي خېلى كارغا كەپتۇ، ئۇ يەركەن شەھىرىدىن تۆت قاڭالتىر باك، ئۆچكە تېرىسىدىن تىكىلگەن ئالتە چاناچ، تاغار، كۈرجەك، قامچا، قاسقان، ئېگەر يەنە يېتەرلىك بۇغداي، ئۇن، قۇرۇق چۆپ ۋە ھەسەل دېگەندەكلەرنى، يەنە تۆگىگە بېرىدىغان ماي ۋە كۈنجۈت ئەكەپتۇ. تۆگە ھەر كۈنى يېرىم كىلو سۇ مېيى ئىچىۋالسا، سۇ ئىچمىسىمۇ بىر ئاي ئۇزۇن سەپەرگە چىدايدىكەن. ئىشقا كامىل ئىسلامباي: يەركەنگە ئاتلىق يەنە بىر باراي، تۆگە ئېلىپ كېلەلمىسەم ھېساب ئەمەس دەپ مەيدىسىگە ئۇردى.

ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ دېگەندەك ئوبدان تۆگىدىن سەككىزنى ئېلىپ كەپتۇ. تـۆگىلـەرنـىڭ ئـورۇق ـ سـېمـىـز، چىرايلىق ـ سەتلىكى بىلەن ھېسابلاشماي، قۇملۇقتا مېڭىشقا كۆنگەن، قاتتىق ئىسسىققا، ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇققا چىدايدىغان تۆگىلەرنى ئاپتۇ. سەككىز ياشلىق چىرايلىق كەلگەن ئاق تۆگىنى كارۋان بېشىلىققا تاللاپتۇ، ئۇنىڭ بوينىغا تىلى چويۇندىن قۇيۇلغان مىس كولدۇرما ئېسىلغانىدى. يەنە «باباي» دەپ ئاتىلىدىغان تۆگە 15 ياشقا كىرگەنىدى، كېيىن ئۇ بىرىنچى بولۇپ ئۆلۈپ كەتتى. يەنە «بۇغرا» دەپ ئاتىلىدىغان ئوبدان كۆندۈرۈلگەن تۆگە مىنىش مىنىشىگە تاللانغانىدى. «نار» ناملىقى بەك شاش ئىدى، ئالدىغا كەلگەن ئادەمنى يا چاپچۇيتتى، يا چىشلەيتتى. تۆگىلەر ئەمدىلا يۇڭ تاشلاۋاتقان بولغاچقا، تولىمۇ سەتلىشىپ كەتكەنىدى. تۆگىلەرگە يىكەن

تىقىلغان يۇمشاق چوم توقۇلغانىدى. ئىسلامباي يەنە يۇك ــ تاق تىڭىشقا كىرەكلىك تۆگە يۈك ئارغامچا، ئېكسپېدىتسىيە كارۋىنى ئۇزۇن سەپەردە ئىشلىتىدىغان ئۈچ كولدۇرما ئېلىۋېلىشنىمۇ ئۇنتۇمىغان.

ئىسلامباي يەنە ئىشەنچلىك ئىككى تۆگىچى ياللاپ كەپتۇ. بىرى، 55 ياشلىق، ساقىلىغا ئاق كىرگەن، مەممەت ساقى ئىسىملىك كىشى بولۇپ، تۆگىچىلىككە بەكمۇ پىششىق ئىكەن. ھېلىقى شاش تۆگە — «نار» غا شۇ كىشىلا يېقىن كېلەلەيتتى، ئۇ «نار» غا ئۆزىنى چاپچىتمايتتى ھەم چىشلەتمەيتتى. مەن ئۇ بوۋاينىڭ قەددى ــ قامەتلىك ھالىتىنى ۋە ھەمىشە خۇشخۇي تۇرىدىغان قىياپىتىنى ھازىرمۇ خۇددى ئۇنىڭدىن تېخى تۇنۇگۇن ئايرىلغاندەكلا شۇنداق ئېنىق كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەلەيمەن. ئۇ خوتۇن ــ بالىلىرىنى يەركەندە تاشلاپ قويغان بولسىمۇ، ھېچ ئىش بولمىغان ئادەم-دەكلا ئىدى. بىراق، ئۇلارغا ئەمدى دىدار كۆرۈشۈش پۇرستى يوق ئىدى.

مەممەت ساقى بىلەن بىللە كەلگىنى ئاقسۇلۇق قاسىمئاخۇن دېگەن كىشى ئىدى. ئۇ يەركەندە يولۇچىلارغا يول باشلىغۇچى بولۇپ كېلىۋاتقان، 48 ياشلارغا كىرگەن، قارا ساقاللىق، بەستلىك كىشى ئىدى. ئۇ ھەمىشە ئۆزىنى تەمكىن تۇتىدىغان، چىراي ئاچمايدىغان بولسىمۇ، باشقىلارغا سىلىق مۇئامىلە قىلاتتى ۋە ياخشى نىيەتتە بولاتتى، ئىشنىڭ ئالدىراشلىقىدا ھالىدىن كېتەي دەپ قالسىمۇ (بۇ دائىملىق ئەھۋال ئىدى)، بەل قويۇۋەتمەيتتى.

تۆگىچىنىڭ ئۈچىنچىسى — يول باشلىغۇچىنى مەكىت كەنتىنىڭ باشلىقى تونۇشتۇرغان، ئۇنىڭ ئىسمىمۇ قاسىمئاخۇن بولۇپ، مەممەت ساقى بىلەن تەڭ دېمەتلىك ئىدى. ئۇ كىشى ئالتە يىلدىن بۇيان ھەر يىلى 10 ~ 20 كۈن ئالدىنقىلار قالدۇرۇپ كەتكەن مال ــ دۇنيانى ئىزدەپ قۇملۇققا كىرىپ تۇرغانىكەن. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىم-دەك بىكار تەلەت «بايلىق ئىزدىگۈچى» لەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكى مەلۇم. مەكىتلىكلەردىن بىرنەچچەيلەن مېنى بۇ ئادەمدىن پەخەس بولۇشقا ئاگاھ-لاندۇردى، چۈنكى ئۇ ئوغرىلىق قىلغانلىقتىن كۆپ قېتىم جازاغا تارتىلغان-كەن. ھالبۇكى، شۇ كىشىلا بۇ قۇملۇققا كىرىشنىڭ بىۋاستە تەسىراتىغا ئىگە ئىدى، مەن بۇ كىشىنىڭ ئۆتمۈشتىكى پەزىلىتى بىلەن ئانچە ھېسابلىد-

شىپ كەتمىگەن تۈزۈك دېگەن قاراشتا بوپتىمەن. بىراق، كېيىنكى سەھىپىدە بۇ خاتا قارارىمنىڭ مېنى قاتتىق پۇشايمانغا قويغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتىمەن. بۇ قاسىمئاخۇن ئىلگىرىكى گۇناھلىرىدىن باشقا يەنە تولىمۇ تەرسا ئادەم ئىدى، خوجىدارىم ئىسلامبايىنىڭ قوماندىسىغا ئىتائەت قىلمايتتى، باشقا تۆگىچىلەرنى بوزەك قىلاتتى. ئۆزىنىڭ قۇملۇق سەپىرى توغرىسىدىكى تەجرىبىسىنى بەك مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتەتتى، بۇ ئاخىر ئۆزىنىڭ بېشىغا چىقتى. يەنە بىر قاسىمئاخۇندىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن بىز ئۇنى «يولچى» دەپ ئاتىۋالدۇق.

ئۇلاغ جەھەتتە، تۆگە ۋە ئىككى ئىت («يولداش» بىلەن «ھەمراھ») تىن باشقا، يەنە ئۈچ قوي (بىر ـ بىرلەپ سويۇپ يېيىش ئۈچۈن)، 10 مېكيان، يەنە چىللاپ بەرسۇن دەپ بىر خوراز ئېلىۋالدۇق. مېكيانلار بىزنى ھەممىدىن بەك ئۈمىدسىز قالدۇردى، دەسلەپكى نەچچە كۈندە تۆگىنىڭ ئۆركىشى ئۈستىگە جايلاشتۇرۇلغان قەپەسكە بىرنەچچە تۇخۇم تۇغدى، ئىچىدىغان سۇ ئازىيىپ كەتكەندىن كېيىن تۇغماس بولۇۋالدى. خوراز ئەسلىدە قوقوقلاپ ـ ئويناقلاپ تۇراتتى، تۆگە ئۈستىدە تۇرغىنىغا ئانچە رازى بولمىدى بولغاي، سەپەر ئۈستىدە ھەمىشە قەپەستىن چىقىپ كېتىشكە تەمشىلەتتى، بىر ۋاقىتتا ئۇ مەغرۇرانە كېرىلدى ـ دە، قەپەستىن چىقىپ يەرگە چۈشۈۋالدى.

4 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئاخىرقى تەييارلىقىمىز پۈتتى. بىرنەچچە تاغارغا بۇغداي، تۆت باكقا سۇ قاچىلىدۇق، تۆت باك، يەنە چاناچلارغا قاچىلانغان سۇ جەمئىي 455 لىتىر كېلەتتى. بۇ سۇ قۇملۇقتا 25 كۈنلۈك سەپىرىمىزگە يېتەتتى، ئەڭ ناچار ئەھۋالغا دۇچ كەلگىنىمىزدىمۇ چاتاق چىقمايتتى. چۈنكى، مەن 15 كۈندە خوتەن دەرياسىغا يېتىپ بارىدىغانلىقىمىزغا ئىشىنەتتىم. ئالدىمىزدىكى خەرىتىدىن قارىغاندا، مەكىتنىڭ شەرقىدىكى قۇملۇقتىن ئۆتۈپ خوتەن دەرياسىغا بارغۇچە ئارىلىق تۈز سىزىق بويىچە 287 كىلومېتىر كېلەتتى، كۈنىگە 20 كىلومېتىر ماڭساقلا كۇپايە، 20 كىلومېتىر يولنى ھەرقانداق قىلىپمۇ ماڭالايتتۇق. ئەمەلىيەتتە، بۇ سەپىرىمىز 26 كۈنگە سوزۇلدى، پىلاندىكىنىڭ ئاز ـ كەم ئىككى ھەسسىگە توغرا

www.uyghurkitap.com

كەلدى. شۇنداق بولغاندىمۇ تەييارلىۋالغان سۇيىمىز جەزمەن يېتىشى كېرەك ئىدى.

بۇنىڭدىن باشقا، يەنە قۇملۇقتا ھېچبولمىغاندا بىرنەچچە يەردىن سۇ تېپىلىپ قالار دېگەن ئۈمىدتە بولدۇم.

يەركەن دەرياسى بىلەن قەشقەر دەرياسى ئارىلىقىدا، مارالبېشىدىن يىراق بولمىغان جايدا يەركەن دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا قاراپ سوزۇلغان، مازارتاغ[①] دەپ ئاتىلىدىغان بىر تاغ بار ئىكەن؛ يەنە مۇشۇ تاغ بىلەن نامداش بولغان بىر تاغ يىراقتىكى خوتەن دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىكەن. شۇڭا، ئىلگىرى جۇغراپىيىشۇناسلار بۇ ئىككى تاغنى بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ تۇرىدۇ دېگەن قاراشتا بولغانىكەن. رۇسىيە ئېكسپېدىتسىيىشۇناسى پرژېۋالسكىي[②] خەرىتىسىگە قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتىدىغان شۇنداق بىر تاغ تىزمىسىنى سىزىپتىكەن. يەرلىكلەرمۇ بۇ قاراشنى توغرا دەپ قاراپتىكەن. شۇڭا، بىز ئاشۇ مازارتاغ تىزمىسىغا ئاخىر دۇچ كېلىمىز، يەنە كېلىپ بۇ تاغنىڭ ئاقما قۇم يېتىپ بارالمىغان باغرىدا جەزمەن سەپەر قىلىشقا ئەپلىك قاتتىق يەر بار، يەنە بۇلاق سۇيى ۋە تۆگىلەر يەيدىغان ئوت ـ چۆپلەرمۇ بار دېگەن ئۈمىدتە بولدۇق.

بۇ خاتا ھۆكۈم بۇ قېتىمقى قۇملۇق ئېكسپېدىتسىيە كارۋىنىنىڭ ھالاك بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەبلەرنىڭ بىرى.

---

① خوتەن دەرياسى بويىدىكى مازارتاغ بىلەن يەركەن دەرياسى بويىدىكى مازارتاغ نامداش تاغلار.

② پرژېۋالسكىي (1839 ـ 1888)، رۇسىيىلىك ھەربىي، ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيەشۇناسى. ئۇ سۈۋېن ھېدىندىن ئىلگىرى 1876 ـ يىلى لوپنۇر چۆللۈكىگە ئېكسپېدىتسىيە قىلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان، شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ: «جۇڭگو خەرىتىسىدىكى لوپنۇر بىلەن ئۇنىڭ ئەمەلىي ئورنىدا ناھايىتى چوڭ پەرق بار دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ قاراش ياۋروپانىڭ جۇغراپىيە ساھەسىدىكىلەر ئارىسىدا لوپنۇرنىڭ ئورنى ھەققىدە تالاش ـ تارتىش پەيدا قىلغان.

## 3. يولغا چىقىش

1895 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، مەكتەت كەنتى ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ خاتىرىسىدە ئۇزاققىچە ساقلىنىپ تۇرىدىغان بىر كۈن بولۇپ قالدى.

تاڭ تولۇق يورۇماستىنلا ھويلىمىز قىزىپ كەتتى. تـۆگـىچىلـىرىـم يۈك ـ تاق، ئوزۇق ـ تۈلۈكلەرنى تەڭمۇ تەڭ ئېغىرلىقتا ئىككى بۆلەككە بۆلۈپ، ئارغامچا بىلەن تاڭدى ۋە جۈپلەپ تەقلىدى، ھەربىر جۈپتىكى بىر تېڭىق يۈك بىلەن يەنە بىر تېڭىق يۈك ئارىسىدا بىر تۆگە پاتقۇدەك ئارىلىق قالدۇرۇلدى. تۆگە يۈكلەر ئارىسىغا يېتەكلەپ كېلىنىپ چۆكتۈرۈلگەندىن كېيىن، يۈكلەر چومغا چىڭ تېڭىلاتتى. شۇنداق قىلغاندا تۆگە ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىپ كېتەلەيتتى.

يۈك ـ تاقلىرىمىز ناھايىتى جىق ئىدى. گۈرۈچ، بۇغداي، كونسېرۋا، شېكەر، چاي، كۆكتات، ئۇن قاتارلىق يېمەكلىكلەر بىرنەچچە ئاي يېيىشـ ـمىزگە يېتەتتى. بۇلاردىن باشقا، يەنە يېتەرلىك قىشلىق كىيىم، جۇۋا يۈك ئەدىيال ئېلىۋالغانىدۇق. چۈنكى قۇملۇق ئېكسپېدىتسىيىسىنى تاماملىغاندىن كېيىن، شىمالغا يۈرۈپ شىزاڭ ئېگىزلىكىگە بېرىش پىلانىم بار ئىدى. كېيىن بۇ پىلانىمۇ ئىشقا ئاشۇرۇدۇم. بۇلاردىن باشقا، يەنە پەننىي ئەسۋابلار، ئۈچ مىلتىق، ئالتە تاپانچا، ئىككى يەشىك ئوق ـ دورا، نۇرغۇن باشقا نەرسىلەر بار ئىدى. ئاخىرقىسى نەچچە باك سۇ ئىدى. دېمەك، تۆگىلەرنىڭ يۈكى ناھايىتى ئېغىر ئىدى.

... يەرلىك پۇقرالار يولغا چىققانلىقىمىزنى كۆرۈش ئۈچۈن ھويلىغا توپلاشقانىدى. كوچا، ھەتتا ئۆگزىلەردىمۇ كۆرۈشكە كەلگەنلەر بار ئىدى. كىشىلەر قانداقتۇر بىر مەنىدە باشلىرىنى چايقىشاتتى، ئۇھسىناتتى.

ئۇلارنىڭ ۋارقىراپ تۇرۇپ دېيىشكەن گەپلىرىنى ئاڭلىدىم: «بۇلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شۇ كەتكەنچە قايتىپ كېلەلمەيدۇ!»

«تۆگىلەرنىڭ يۈكى بەك ئېغىر بولۇپ كېتىپتۇ، قۇمغا پېتىپ قېلىپ ماڭالمايدۇ.»

ھەر تۆت تۆگىنى چېتىپ بىر كارۋان قىلدۇق، چۇلۇۋۇرنىڭ بىر ئۇچىنى تۆگىنىڭ بۇرنىغا ئۆتكۈزۈلگەن چۈلۈككە باغلاپ، يەنە بىر ئۇچىنى ئالدىدىكى تۆگىنىڭ قۇيرۇقىغا باغلىدۇق، تۈگۈچ ناھايىتى بوش ئىدى، ناۋادا بىر تۆگە يىقىلىپ قالسا، تۈگۈچ يېشىلىپ كېتەتتى.

مەن ئىككىنچى كارۋاندىكى تۆت تۆگىنى باشلاپ ماڭدىم. مەن منگەن تۆگىگە نازۇك ئەسۋابلىرىم ۋە چېدىرىمدا ئىشلىتىلىدىغان ھەممە نەرسەم ئارتىلغانىدى. ساندۇقلار ئۈستىگە، ئىككى ئۆركەشنىڭ ئارىلىقىغا يۇڭ ئەديال، ياستۇق دېگەندەكلەر سېلىنغان، مەن گويا كرېسلودا ئولتۇرغاندەك ئولتۇراتتىم. مەممەت ساقى بۇ «بۇغرا» نى پەخەس بىلەن يېتەكلەيدىغان بولغاچقا، دىققەت ـ ئېتىبارىمنى كومپاس، ئەسۋابلارنى كۆزىتىشكە ۋە يەر شەكلىنى خاتىرىلەشكە تولۇق قارىتالايتتىم.

يېقىنقى كۈنلەردىن بېرى ئەتىياز زېمىندىن ئۇزاپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. قۇياش زېمىننى بارغانسېرى قىزىتىپ، ئىسسىق شامال چىقىۋاتاتتى، دېھقانلار ئېتىز ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش ئىدى، ھاۋادا ۋىگىلدىشىپ چۈشۈن ۋە باشقا ھاشاراتلار ئۇچۇشاتتى. بىز مۇشۇنداق گۈزەل باھار كۈنلىرىدە سىرلىق قۇملۇق ئالىمىگە قاراپ يول ئالدۇق. ئۇ يەردە بارلىق ھاياتلىق ئۇزاق ـ ئۇزاقلاردىن بۇيان ئۇيغانماي ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇ يەردە ھەربىر قۇم بارخىنى بەئەينى بىر گۆر ئىدى.

ئاتلىنىش سەلتەنەتلىك پەيت ئىدى. تۆگىلەر مەزمۇت ۋە ئېغىر ـ ئېغىر قەدەم تاشلاپ كەنتنىڭ تار كوچىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا، ساندىن ساناقسىز سىزلىغان تاماشىچىلار بۇ مەنزىرىدىن تەسىرلەنگەندەك قىلاتتى، ئۇلار گويا تۇغقان ياكى دوستلىرىنىڭ مېيىتىنى ئۇزىتىۋاتقاندەك، كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئۈن ـ تىنسىز سەپ بولۇپ تۇرۇشاتتى.

بۈگۈنكى كۈندە، شۇ قېتىمقى ئاتلىنىش ئەھۋالىنى، شۇ قېتىمقى قۇملۇق ئېكسپېدىتسىيەمىنىڭ قورقۇنچلۇق ئاقىۋىتىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈر-

سەملا، بىزنىڭ شۇ سېپىمىزنى بىر قېتىملىق ماتەمنىڭ ھۆرمەت قاراۋۇلغا ئوخشاتسام بولىدۇ دەپ ھېس قىلىمەن.

بوستانلىقتىكى يېزا ـ كەنتلەردە ئۆيلەر شالاڭ ـ شالاڭ، بىر ئۆي بىلەن يەنە بىر ئۆينىڭ ئارىلىقىدا ئۇزۇن يىللىق توغراقلار، ئېتىزلار، كۆكتاتلىقلار، ئورمان ۋە ئېرىق ـ ئۆستەڭلەر بار ئىدى.

جىمجىت دالىدا يېرىم سائەتچە ماڭغاندىن كېيىن، تۇساتتىن قىقاس ـ سۈرەن چىقىپ كەتتى. ھەممىدىن كىچىك ئىككى تۆگىنىڭ شاشلىقى تۇتۇپ كەتكەنىدى، ئۇلار چۇلۇكلىرىنىڭ چۇلۇۋۇرىنى ئۈزۈۋېتىپ، ئۈستىدىكى يۈكلىرىنى چۆرۈۋېتىپ، چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈپ قېچىپ كېتىۋاتاتتى. بىر باكتىن سۇ ئېقىۋاتاتتى. بىر ئازدىن كېيىن بۇ تۆگىلەر تۇتۇپ كېلىنىپ، يۈكلىرى قايتا ئارتىلدى. بىراق، ئەمدى ئايرىم يېتەكلەپ مېڭىلدى. ئارىدىن بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن قالغان ئىككى تۆگىمۇ قېچىپ كەتتى، بىر تېگىق يۈك قاتتىق زىيانغا ئۇچرىدى. ئوق ـ دورا قاچىلانغان بىر ساندۇق تۆگىنىڭ ساغرىسىدا پۇلاڭشىيتتى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن بىلدۇقكى، تۆگە ئۇزاق ۋاقىت ئىشقا سېلىنىمىسا، خۇددى تايغا ئوخشاش شاشلىشىپ كېتىدىكەن. بىز ئەمەلىيەت ئارقىلىق يۈك ـ تاقلارنىڭ ئېغىرلىقىنى قانداق قىلىپ تېخىمۇ مۇۋاپىقراق قىلىپ تەڭشەشنى ئۆگىنىۋالدۇق.

ئەتىسى يەنە يولغا چىقتۇق، بىز ئەمدى ئېھتىيات قىلىدىغان بولدۇق. سۇ قاچىلانغان باكلارنى ياۋاش تۆگىلەرگە ئارتتۇق. يېزىنىڭ ئېتىز ـ كۆكتاتلىقلىرىدىن ئۆتكەندىن كېيىن قويۇق دەل ـ دەرەخلەر ۋە ئاندا ـ ساندا توغراق ئۆسكەن تۈپتۈز ئوتلاقتا قەدەم تاشلىدۇق. غەربىي شىمال تەرەپتىن ھېلىدىن ـ ھېلىغا سوقۇۋاتقان شامال سارغۇچ كۈل رەڭ قۇم تۇمانلىرىنى شەرققە ئۇچۇراتتى. يەر ئۈستى ناھايىتىمۇ ئۇششاق ھەم يۇمشاق چاڭ ـ توزان ۋە شور بىلەن قاپلانغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن پاكار ـ پاكار قۇم بارخانلىرى كۆرۈندى، ئۇزاقتا بارماي يۇتۇنلەي قۇملۇق مەنزىرىسى ئىچىگە كىرىپ كەتتۇق.

تۇنجى قونالغۇمىز كەڭلىكى ئالتە مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 1.5 مېتىر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كېلىدىغان قۇرۇق ئۆستەڭ بويى بولدى. بۇ يەرنىڭ تۇپراق قەۋىتى قۇرۇق بولغىنى بىلەن كولاپ كۆرسەك تېگى نەم ئىكەن، 1.8 مېتىر كولىۋېدۇق، بۇلدۇقلاپ سۇ چىقتى. سۇ ئاچچىق بولغاچقا ئىچكىلى بولمايدىكەن، بىراق ئىت بىلەن قويلار ئىچىپ تازا يايرىۋالدى. بۇ سۇ ھېچبولمىغاندا تۇخۇم پىشۇرۇش بىلەن ئېغىز چايقاشقا يارايتتى. يېرىم سائەتتە قالماي تۆگىلەرنىڭ يۈكلىرىنى چۈشۈرۈپ بولدۇق. تۆگىلەرنى يېتىۋېلىپ پۇتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇۋالمىسۇن دەپ، بىر ـ بىرىگە يېقىن چەمبەرسىمان باغلاپ قويدۇق. مەن بىر تۈپ توغراق ئاستىغا تىكىلگەن، ھىندىستان ئوفىتسېرلىرى ئىشلىتىدىغان چېدىرىمغا تۈنجى قېتىم ئورۇنلاشتىم. خىزمەتكارىم ئوت يېقىپ، تاماققا تۇتۇش قىلدى. كەچلىك تامىقىمىز گۈرۈچتە قىلىنغان پۇدىڭ ① بىلەن تۇخۇم بولدى. قويلار ئوتلاپ كېتىشتى، ئىت ۋە توخۇلار دانلىدى.

كۈندۈزى ھاۋا ئىللىق بولدى، لېكىن كۈن ئولتۇرغاندىن كېيىن سوۋۇپ كەتتى. «يولچى» — يەنى يەنە بىر قاسىمئاخۇن ماڭا قۇملۇقتىكى كەچۈرمىشلىرى توغرىسىدا ھەدەپ پو ئاتقىلى تۇردى. ئۇ مېنى ئاۋۋال يەركەن دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىنى بويلاپ ماڭايلى، بىرنەچچە كۈن ماڭساق چاقماقتاققا ۋە بىر كۆلگە يېتىپ بارىمىز. بۇ كۆل جەنۇبتىن شىمالغا ئاقىدىغان بىر دەريا بىلەن تۇتىشىدۇ. دەريادىن ئالدىغا قاراپ ماڭساق بىر كۈندىلا يەركەن دەرياسى بويىدىكى ئەڭ ئېگىز تاغ — مازارتاغقا بارىمىز دەپ قاتتىق دەۋەت قىلدى.

① پۇدىڭ — غەربچە تاماق.

# 4. دەسلەپكى سەپەر

سەھەردە ھۇشقىرتىپ چىقىۋاتقان قاتتىق شەرقىي شىمال شامىلى مېنى ئويغاتتى، ھاۋانى چاڭ ـ توزان قاپلىغانىدى.

بىز ئىككى سائەتتە ئاشتىلىق تەييارلىدۇق ۋە يۈك ـ تاقلارنى تۆگىلەرگە ئارتتۇق. تۆگىلەر يۈك ئارتقاندا خېلى شاشلىق قىلىپ ياتتى. لېكىن، كېيىنچە سەپەر ئۈستىدە ياۋاشلاپ قالدى. يەر تۈزلۈكى مېڭىشىمىزغا تولىمۇ قۇلايسىز ئىدى. بىز 5 ~ 6 مېترلا ئېگىزلىكتىكى قۇم بارخانلىرىدىن تەركىب تاپقان ئېزىتقۇ رايونغا كىردۇق، بارخانلارنىڭ شەكلى ھەر قىسما بولۇپ، تولىسى شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ جايلاشقانىدى. بارخانلاردىن ئامال بار ئايلىنىپ ئۆتۈشكە تىرىشتۇق، شۇنداقتىمۇ ئۆتۈش تولىمۇ قىيىن بولغان بىرنەچچە بارخاندىن ئارتىلىپ ئۆتۈشىمىزگە توغرا كەلدى.

بارخاندىن ئۆتۈش ۋاقتىدا سۇ باكلىرى ئارتىلغان ئىككى تۆگىدىن چاتاق چىقتى، ئۇلار چۆككەن بولسىمۇ، يۈكلىرىنى چۈشۈرۈۋەتمىگۈچە تۇرالمايتتى. بارخاننىڭ تۆپىسىدىن تىك چۈشكەن تەرىپىدىن تۆگىلەر سىيرىلىپ چۈشەلەيتتى، بۇنداق چاغدا ئۇلارنىڭ تۈپتۈز سوزۇلغان ئارقا پۇتلىرى تورمۇزلاش رولىنى ئوينايتتى.

ئېگىز بارخاندىن چەتلەپ مېڭىش يۈزىسىدىن، چۈشكە يېقىنلاشقان چاغدا شىمالغا قاراپ چوڭ ياي ھاسىل قىلىپ مېڭىشقا مەجبۇر بولدۇق، «يولچى» ئەگەر ئالدىمىزغا قاراپ مېڭىۋېرىدىغان بولساق، جەزمەن سانجاق ـ سانجاق قۇم دۆۋىلىرىگە دۇچ كېلىپ، يەنە كەينىمىزگە يېنىشقا توغرا كېلىدۇ دەپ كېسىپ ئېيتتى.

شىمال شامىلى تۇيۇقسىزلا بىر كۈن چىقتى. ئاسمان كۆكۈچ تۇمان بىلەن قاپلىنىپ، ھاۋا سوۋۇپ كەتتى. قاتتىق بىر بارخان تۆۋىگە بارگاھ تىكتۇق ھەم ئىككى بارخان ئارىسىدىن قۇدۇق كولىدۇق، 62 سانتىمېتىر

كولۈپدۇق، سۇ چىقىشقا باشلىدى. بىراق، بۇ سۇمۇ تۆنۈگۈنكىگە ئوخشاش ئاچچىق ئىدى.

4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىگىچە 23.7 كىلومېتىر يول يۈردۇق. يولنى هامان چوڭ بارخانلارنىڭ گىرۋىكىنى ئايلىنىپ داۋام قىلاتتۇق. بارخان دۆمبىسى شىمال تەرەپكە قىيپاش ئىدى، بىرنەچچە بارخان دۆمبىسىدىن ئارتىلىپ ئۆتمەي بولمىدى.

قۇملۇقنىڭ ئۇ يەر، بۇ يېرىدە ئاندا ـ ساندا كىچىك ـ كىچىك ئوتلۇق يەرلەر ئۇچرايتتى، ئۇنىڭدا ئاز ـ تولا قۇرۇق ئۆسۈملۈكلەر بار ئىدى، ئۇلارنى تۇتۇپلا قويساڭ، خۇددى ئەينەكتەك چىرسلاپ ئۈزۈلۈپ كېتەتتى. قېتىپ كەتكەن ھەم تۇپتۈز قۇملۇق يەردە مېڭىش ئوڭاي ئىدى. ئەمما، قۇم ئۈستىنى خۇددى پاختىدەك يۇمشاق بىر قەۋەت چاڭ ـ توزان قاپلاپ تۇراتتى. بەزى يەرلەردىكى چاڭ ـ توزان شۇنداق قېلىن ئىدىكى، تۆگىلەر تىزىغىچە پېتىپ كېتەتتى. تۈپتۈز كەتكەن نۇرغۇن قۇملۇق يەر نېپىز بىر قەۋەت شور بىلەن قاپلانغان بولۇپ، تۆگىلەر دەسسىگەندە قاراسلاپ ئاۋاز چىقاتتى.

ئۈچىنچى قېتىم بارگاھ تىككەن يەرنى 1.78 مېتىر كولىساقمۇ سۇ چىقمىدى، شۇنىڭ بىلەن كولاشتىن يالتىيىپ توختاپ قالدۇق. بىرنەچچە سائەتتىن كېيىن قۇدۇق ئاستىدىن ئاستا ـ ئاستا سۇ چىقىپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن قىممەتلىك زاپىسىمىزنى يەنە بىر قېتىم تېجەپ قالدۇق. تۆگىلەر ئەتراپتىكى قۇمۇشلارنى يەپ، قۇدۇقتىن چىققان تۇزلۇق سۇنى ئىچتى؛ ئىتلارغا نان، توخۇلارغا ئارپا ۋە تۇخۇم شاكىلى بەردۇق. ئەتىسى سەھەرگىچە قۇدۇقتا 18 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا سۇ يىغىلىپتۇ. شۇ كۈنى 20.6 كىلومېتىر يول يۈردۇق، ۋاقتىمىزنىڭ تولىسى گىرەلىشىپ كەتكەن بارخانلار ئارىسىدا يۈرۈش بىلەن ئۆتتى.

يولىمىزدا توغراقلار ئۇچراپ تۇردى، ئۇلارنىڭ تولىسى يۇمران نوتا سۈرگەنىدى، تۆگىلەر بۇ ياش نوتىلارنى يەۋەتمەي ماڭمايتتى. توغراق ئەتراپىدىكى بارخانلارنىڭ تولىسى خۇددى سىپىلدەك ھالقىسمان جايلاشقانىدى. ئوتتۇرىدىكى ئويمانلىق قۇرۇپ كەتكەن شاخ ـ شۇمبىلار بىلەن



www.uyghurkitap.com

تولغانىدى. شۇ كۈنى ھاۋا بەك ئىسسىپ كەتتى، ئىتلار قۇملۇقنىڭ سوغۇق-راق قاتلىمىدا يېتىۋېلىش ئۈچۈن توغراق سايىسىدىكى قۇم قەۋىتىنى تاتىلاپ ئاچتى.

شۇ چاغدا ئىسلامباي بىلەن «يولچى» ھەدەپ تالاشقىلى تۇردى. باشتىكى تۆگىگە مىنگەن ئىسلامباينىڭ كۆرۈش دائىرىسى ئەلۋەتتە پىيادە كېتىۋاتقان «يولچى» نىڭكىدىن كەڭرەك ئىدى، شۇڭا ئۇ «يولچى» كۆر-سەتكەن تەرەپكە ماڭماي، باشقا نىشانغا قاراپ مېڭىشنى بىرنەچچە قېتىم تەۋسىيە قىلدى. يولچى كارۋاننى ئىسلامباي باشلاپ ماڭالىغانىدىكىن، مېنىڭ نېمە كېرىكىم دەپ بىرنەچچە قېتىم يەردە يېتىۋالدى.

كەچقۇرۇنلۇقى ئىسلامباي بىلەن «يولچى» قاتتىق ئۇرۇشۇپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن «يولچى» چېدىرىمغا ئىسلامباي مېنى ھەممىشە ئەدەپلەپ كەلدى، نان بىلەن سۇنىمۇ يوق دېگۈدەك بەردى دەپ ئىستىپا سوراپ كىردى. مەن قوشۇلدۇم، ئەمما ئالدىن بېرىلگەن 100 تەڭگە ① ئىش ھەققىنى قايتۇرىسەن دېدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ يىلى چىقىپ كەتتى، كارۋان بىلەن قەيقالاي دەپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالدى. مەن ماقۇل بولدۇم، بىراق بۈگۈندىن ئېتىبارەن باش خوجىدار ئىسلامبايغا مۇتلەق ئىتائەت قىلىسەن دەپ شەرت قويدۇم، ئۇ دەرھال ماقۇل بولدى. كېيىنكى ئەمەلىيەت ئۇنىڭ ئىسلامبايغا كۈندىن – كۈنگە ئۆچ بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئۇ سەپەر ئۈستىدە باشقىلارغا گەپ قىلماي ھەممىشە ئۆزى يالغۇز ماڭاتتى، ھەمراھلىرى ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىن گۈلخان يېنىغا كېلەتتى، يەنە كېلىپ باشقىلاردىن يىراق يەرگە ئورۇن سېلىپ ياتاتتى.

باشقا خىزمەتكارلىرىمدا شۇنىڭدىن باشلاپ، بۇ «يولچى» بىزنى قەستەن تۈيۈق يولغا باشلايدۇ دەيدىغان گۇمان تۇغۇلدى. ئەگەر شۇنداق قىلىدىغان بولسا، ئەمەلىيەتتە بىزگە كولىغان گۆرگە ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئۆزى كىرەتتى.

---

① شۇ چاغدا بىر تەڭگە 50 پۇلغا تەڭ ئىدى، كېيىن ئۇنىڭ كۇرسى مال باھاسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ داۋالغۇپ تۇردى.

# 5. مازارتاغ باغرىدىكى بوستانلىق

4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى پاسخا بايرىمى كۈنى ئىدى. شۇ كۈنى بىز ئاران 18.7 كىلومېتىر يول يۈردۈق.

بىر قۇم دۆۋىسىنىڭ ئاستىدا، شىمال تەرەپتىكى قۇمۇشلۇق ئارىسىدا ئوتلاۋاتقان بىر توپ هايۋاننى كۆردۇق، بىراق ئۇلارنىڭ نە ئات ئىكەنلىكىنى، نە بۆكەن ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۈرەلمىدۇق. يولچى مۇشۇ ئەتراپتا ياۋا ئات كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ دېدى. بىز هەقىقەتەن ئات ئىزىنى كۆردۇق، هەتتا تۆگىنىڭ ئىزىنىمۇ كۆردۇق. زادى بۇ ئىزلار «يولچى» دېگەندەك، راستلا ياۋا ئات، ياۋا تۆگىنىڭ ئىزىمىدۇ؟ بۇنىڭغا هۆكۈم قىلالماي قالدىم.

سەپەر ئۈستىدە ئىتلار زادىلا تىنچلىنالمىدى، ئۇلار هېلىدىن ـ هېلىغا ئېكسپېدىتسىيە كارۋىنىدىن يىراققا چېپىشىپ كېتىشەتتى، بىر قېتىم چارەك سائەت يوقاپ كەتتى. كېيىن چىلىق ـ چىلىق هۆل بولۇپ قايتىپ كەلدى، بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ سۇ تاپقانلىقى مەلۇم ئىدى. بىز ئاخىر بىر بۇلاقنى ئۇچراتتۇق، ئۇنىڭدىن سۈپسۈزۈك تاتلىق سۇ چىقىپ تۇراتتى.

شۇنىڭ بىلەن شۇ بۇلاق يېنىغا بارگاھ تىكتۇق ۋە ئۇ يەردە بىر كۈن هاردۇق ئالماقچى بولدۇق.

باكلارنى يەنە بىر قېتىم سۇغا توشقۇزۇۋالدۇق. چوم ۋە تاسملارنى تۈزەشتۈرۈۋېلىپ، قانغۇدەك يۇيۇنۇۋالدۇق، قۇملۇقنىڭ ئىسسىقلىقى 44.6 گرادۇسقا① يەتكەنىدى، لېكىن بىز خالىغانچە سۇ ئىچەلەيتتۇق، تۆگىلەر بىلەن ئىتلار سۇنى ئىچىۋېرىپ قورساقلىرى ناغرىدەك چىڭقىلىپ كەتتى. مېكىيانلارمۇ پايدىلىق مۇهىتنى بىلدى بولغاي، هاردۇق ئالغان كۈنى تۆت تۇخۇم تۇغدى.

---

① بۇ كىتابتا دېيىلگەن گرادۇس بولغۇنكى كۈندە ئورتاق قوللىنىلىدىغان سىلتسىيە گرادۇس ئەمەس، بەلكى فارېنگېيت گرادۇس. فارېنگېيتنىڭ توڭلاش نۇقتىسى سىلتسىيە 32 گرادۇسقا، قايناش نۇقتىسى سىلتسىيە 212 گرادۇسقا تەڭ.

ئىتلار بىز بىسىپ كەلگەن تەرەپكە قاراپ كىچىچە قاۋاپ چىقتى. ئېھتىمال بىز چېلىقتۇرغان ئىزلار راستلا ياۋا تۆگىلەرنىڭ ئوخشايدۇ. قارىغاندا، بۇ ياۋايى ھايۋانلار ئادىتى بويىچە بۇلاق بېشىغا سۇ ئىچكىلى كەلگەن، بىراق ئۇلار بۇ يەرنى بىزنىڭ ئىگىلىۋالغىنىمىزنى كۆرۈپ يېقىن كېلىشكە پېتىنالمىغان.

ئەتىسىدىكى سەپىرىمىزدە كۆز ئالدىمىزدا گىرەلەشكەن قۇم بارخانلىرى بىلەن قۇرۇپ كەتكەن قومۇشلۇقلار پەيدا بولدى.

بىراق، 4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىگە كەلگەندە، شىمال تەرەپتىكى ئۇپۇق سىزىقىدا گويا ئېگىز بىر تاغنىڭ غۇۋا سىماسى كۆرۈنگەندەك بولدى. بىز شۇ تەرەپكە قاراپ يول ئالدۇق. قۇم بارخانلىرى بەش مېتىرچە ئېگىزلىكتە ئىدى، ئادەتتە ئۇلاردىن ئۆتۈشىمىز تولىمۇ قىيىنغا چۈشەتتى. بىراق، بارخانلار ئارىلىقىدا قويۇق ئۆسكەن قومۇشلۇقلار بولۇپ، ئۇ يەردە ياۋا توشقانلار ئۇچراپ تۇراتتى. يەنە كىچىك ـ كىچىك كۆلچەكلەرمۇ ئۇچرايتتى، بىراق ئۇلارنىڭ سۈيى ئاچچىق ئىدى، يەنە ئۇ يەردە كەڭلىكى 40 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 2 مېتىر كېلىدىغان، شەرقىي شىمال تەرەپكە قاراپ سوزۇلغان بىر دەريا قىنى بار ئىدى، دەريانىڭ تېگى ساپلا قۇم، ئويمان يەرلىرىدە يىغىلىپ قالغان سۇمۇ بار ئىدى. شىمال تەرەپتىكى ئۇپۇقتا غۇۋا بۇلۇت پارچىلىرى ئۈزۈپ يۈرەتتى، ئۇلار بەئەينى تۇرخۇندىن ئۆرلەۋاتقان ئىسقا ئوخشايتتى.

بىز بىرنەچچە سائەت ماڭدۇق، شۇنداقتىمۇ ھېلىقى تاغقا قانچىلىك يېقىنلىغانلىقىمىزنى ھېس قىلالمىدۇق. «يولچى» نىڭ قارىشىچە، ئۇ شەرقىي جەنۇب تەرەپكە سوزۇلغان شىمالىي مازارتاغ ① ئىكەن. ئۇنىڭ دېگىنى راست ئىدى، ئۇ بۇ دەريا قىنىمۇ يەركەن دەرياسىنىڭ بىر تارمىقى، ئۇنىڭغا كەلكۈن پەسلىدىلا سۇ كېلىدۇ، شىمال تەرەپتىكى بۇلۇت يەركەن دەرياسىنىڭ سۈيىنىڭ پارغا ئايلىنىشىدىن ھاسىل بولغان دېدى.

بىز بىر ـ بىرىگە پاراللېل جايلاشقان ئىككى قۇم دۆۋىسى ئارىلىقىدا بىر سائەتچە ماڭدۇق، ئاندىن ئوڭ تەرىپىمىزدىكى بىر قۇم دۆۋىسىدىن

① بۇ يەردىكىسى يەركەن دەرياسى بويىدىكى مازارتاغنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆتۈپ يەنە بىر قۇم جىلغىسىغا يېتىپ كەلدۇق. شۇ كۈنى 28.5 كىلومېتىر يۈرگەندىن كېيىن 7 ـ نومۇرلۇق بارگاھىمىزنى قويۇق توغراق سايىسىغا تىكتۇق. بۇ باراقسان توغراقلىق شىمالغا قاراپ سوزۇلغانىدى.

4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى توغراقلىق سوزۇلغان تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق ۋە بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ توغراقلىق ئىچىگە كىرىپ كەتتۇق. توغراقلىقـنىڭ يەر يۈزى قۇرۇپ كەتكەن شاخ ـ يوپۇرماقلار بىلەن توشقانىدى، ئەمدى قۇملۇق كۆزىمىزدىن پۈتۈنلەي غايىب بولدى.

ئۇزاق ئۆتمەي قويۇق قومۇش ئۆسكەن سازلىققا يېتىپ كەلدۇق. سازلىقنىڭ بويىدا ئادەم ۋە ئات ئىزلىرىنى ھەم گۈلخان كۆلى بىلەن ياغاچ، كۆمۈرلەرنى كۆرۈپ ھەيران قالدۇق. قارىغاندا، بۇ يەردە يېقىن ئەتراپتىكى قۇملۇق بويىغا جايلاشقان مەھەللىلەرنىڭ ئاھالىلىرى دائىم كېلىپ تۇرىدىـغان، ياز كۈنلىرى مال بېقىپ، ئوتۇن كېسىدىغان بولسا كېرەك.

سازلىق شىمالغا سوزۇلغان ئۇزۇن كۆلگە تۇتىشىدىكەن، بىز كۆلنى بويلاپ ماڭدۇق. توغراقلىق بەك قويۇق ئىدى، ئۇنىڭ بىرقانچە يېرىدىن زادىلا ئۆتەلمەي، ئىلاجسىز ئايلىنىپ مېڭىپ ئورمانسىز يەرگە كەلدۇق. كۆلنىڭ كەڭلىكى نەچچە كىلومېتىر كېلەتتى، لېكىن بۇ كۆلمۇ ئېھتىمال يەركەن دەرياسىدىن تېشىپ چىققان بىر تارماق ئېقىن بولسا كېرەك. بىز كۆل بويىدىن ئوڭغا بۇرۇلۇپ يەنە ئورمانزارلىققا كىردۇق. ئورمان شۇ قەدەر قويۇق ئىدىكى، تۆگىدىن چۈشۈپ پىيادە مېڭىشقا مەجبۇر بولدۇم، بىز شۇ يەردە توختاپ ئوت ياقتۇق. ئەگەر يېقىن ئەتراپتا ئادەمزات بولسا، ئۇلار جەزمەن بىزنى كۆرگىلى كېلەتتى. بىراق، ئادەمزات كەلمىدى. بىر كۈنلۈك مۇشەققەت بىزنى ھاردۇرۇپ قويىدى، شۇ يەردە ئارام ئالدۇق.

ئەتىسى شىمال تەرەپتىكى ھېلىقى تاققا ئاخىر يېـقىـنلاپ كەلدۇق. ئېگىز ـ پەس، ئۇزۇن تاغ تىزمىسى ئالدىمىزدا ئېنىق كۆرۈندى، شىمالغا سوزۇلغان تاغ باغرىدا ئېگىز ـ ئېگىز قۇم بارخانلىرى چوقچىيىپ تۇراتتى. تاغنىڭ شىمالىي باغرىدا سوپسوزۇك كىچىك كۆللەر بار ئىدى. بىز ئاشۇ كۆللەر بىلەن تاغ باغرى ئارىلىقىدا ئاۋۋال شەرققە، كېيىن شەرقىي شىمالغا قاراپ ماڭدۇق، ئاخىردا توغراقلار سايە تاشلاپ تۇرغان كۆل بويىغا بارگاھ تىكتۇق.

شۇ كۈنى 2 ـ قوينى سويدۇق. گۆشلۈك غىزا يېمىگىنىمىزگە ئۇزاق بولغانىدى، ئىتلارمۇ نان يەپ كېلىۋاتاتتى، ئەمدى ئۇلار قان بىلەن ئۈچەي ـ قېرىنغا راسا بىر تويۇۋالدى.

بارگاھ تىككەن جاي تولىمۇ راھەت ئىدى، ئۇ يەردە يەنە بىر كۈن ھاردۇق ئېلىش قارارىغا كەلدۇق. ھاۋا شۇنداق ئىسسىق ئىدىكى، بىر سائەت ئىچىدە نەچچە قېتىملاپ سۇ ئىچسەك تۇرالمايتتۇق. كېيىنكى سەپىرىمىزدە سۇ باكلىرىدىكى سۇ يېگى پىتى تۇرسۇن دەپ، باكلارنىڭ ئىچىنى لاتا بىلەن پاكىز سۈرتۈپ، ئۇلارنى سايىدە قويۇپ قۇرۇتتۇق.

ئىسلامباي بىرنەچچە ياۋا غاز ئاتتى، لېكىن ئۇلار كۆلگە چۈشۈپ كەتكەچكە ئالالمىدۇق. مەن تاغ تۆپىسىگە چىقتىم، ئەتراپقا قارىسام، بۇ تاغ پۈتۈنلەي دېگۈدەك يېتىم تاغ ئىكەن. شىمال تەرەپتە مازارتاغ تىزمىسى سوزۇلۇپ ياتاتتى، بارگاھىمىزدىن ئۇ يەرگىچە بولغان ئارىلىقتا كىچىك ـ كىچىك كۆلچەك ۋە سازلىق، ئوت ـ چۆپلىرى بولۇق ئۆسكەن بىر پارچە ئوتلاق بار ئىكەن، شەرق تەرەپتىمۇ بىر تاغ سوزۇلۇپ ياتاتتى. جەنۇب تەرەپتە بولسا گىرەلىشىپ كەتكەن ئېگىز ـ پەس پاكار تاغلار ياتاتتى، ئۇ بارگاھىمىز تۇرغان تاغنىڭ قالدۇق تىزمىسى ئىدى.

كەچ كىرگەندە كىشىگە ھۇزۇر بېرىدىغان غۇر ـ غۇر شامال چىقتى، مەن يەنىلا تاغ تۆپىسىدە ئولتۇراتتىم. قۇياش پاتقاندىن كېيىن شامال ئاستا ـ ئاستا توختاپ، ئوتلاق بىلەن كۆلنى نېپىز تۇمان قاپلىدى. ئەتراپنى جىمجىتلىق باستى، ھاۋا ۋىڭشىپ ئۇچۇپ يۈرگەن چىۋىن بىلەن پاشىنىڭ ئاۋازىدىن باشقا ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. سازلىقتا پاقىلارنىڭ ئارىلاپ ـ ئارىلاپ كوركىرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالاتتى؛ يىراق ـ يىراقتىن بىر بولسا بىرەر ئاققۇنىڭ قانات قېقىپ ئۇچقان ئاۋازى ئاڭلانغاندەك، بىر بولسا قومۇشلۇقتىن كولدۇرمىنىڭ ئاۋازى ئاڭلانغاندەك قىلاتتى.

مەن شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى ھەپتىدىكى كەچۈرمىشلىرىمىزنى ھەربىر كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگىنىمدە، يازنىڭ ئاشۇ كۈنىدىكى گۈگۈم ۋاقتى مەندە گويا غايىۋى جەنەتنىڭ ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كەتكەن شېرىن تۇرمۇشىنىڭ تەمىنى تېتىغاندەك خاتىرە قالدۇراتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 6. بالايىئاپەت ئۇرۇقى كۆمۈلگەن مىنۇتلار

تاغدىن بارگاھقا قايتىپ چۈشكىنىمدە، قالغانلار ئۇيقۇغا كېتىشكەنىدى، پەقەت ئىسلامبايلا تاماق — شورپا، ياغلىق قورۇمىسى ۋە چاي تەييارلاش بىلەن ئالدىراش ئىدى. تېرمومېتىر 12 گرادۇسنى كۆرسىتىپ تۇراتتى، بىراق كېچىدە 10.4 گرادۇسقا چۈشۈپ ناھايىتى سوغۇق بولۇپ كەتتى.

بىز شۇ كۆل بويلىرىدىمۇ ئادەمزات ئىزىنى بايقىدۇق. كۆل بويىدا ھەتتا بىر ئەبجەق، كونا كەپىمۇ با ئىدى. ئەتىسى (4 ــ ئاينىڭ 19 ــ كۈنى) كۆل بىلەن تاغ باغرى ئارىلىقىدا شەرق تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقىنىمىزدا، ئىبىز ــ ئېگىز بارخانلارنىڭ كەينىدە يەنە بىر يولنىڭ بارلىقىنى كۆردۇق، يولدا شالاڭ توغراقلىقتا كەتكەن ئىز بار ئىدى. بىز بۇنىڭدىن ھەيران قالدۇق ــ دە، ئىزنىڭ نەگىچە بارىدىغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن شۇ يولنى بويلاپ ماڭدۇق. بىراق، مېڭىپ ئۇزاققا بارماي ئىز غايىب بولدى، توغراقلىقمۇ تۈگىدى، يولمۇ يوقالدى. بىز ئەمدى شەرقىي جەنۇب تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق. ئالدىمىزدا ئۆسۈملۈكلەر شالاڭ ــ شالاڭ ئۆسكەن، تۈپتۈز ھەم قاتتىق بىر دالا تۇراتتى. بۇنداق يەر مېڭىشىمىزغا بەك ئەپلىك ئىدى. شەرق تەرەپتىكى تاغ باغرىدا بىر ئۇزۇنچاق كۆل بار ئىكەن، شۇنىڭغا ھەيران قالدۇقكى، كۆل بويىدا ئۈچ ئات ئوتلاپ يۈرەتتى. بۇ ئاتلار كىمنىڭكىدۇ؟ ئىككى تۆگىچىمىز يىگى باسقان ئىزلارنى بويلاپ بىر بارخاندىن ئۆتۈپ، غەرب تەرەپتىكى تاغ باغرىغا قاراپ ئىزدەپ كەتتى، ئۇلار ئۇزاققا قالماي بىر ناتونۇش ئادەمنى باشلاپ كەلدى.

ئۇ كىشى مارالبېشىلىق ئىكەن. ئۇنىڭ ئېيتىپ بېرىشىدىن بىلدۇقكى، ئۇ پات ــ پات مۇشۇ يەرگە كېلىپ تاشتۇز كولايدىكەن، بۇ ئەتراپتىكى

تاغدىن سۇپەتلىك تاشتۇز جىق چىقىدىكەن، ئۇ تاشتۇزنى مارالبېشى بازىرىغا ئاپىرىپ ساتىدىكەن، بۇ ئۇنىڭ ئۇچۇن ئوبدان ئوقەت ئىكەن. بۇ يەردىن مارالبېشىغا ئىككى كۈنلۈكلا يول ئىكەن.

بىز شۇ يۆنىلىشتە كۆرگەن تاغنىڭ ھەقىقەتەن مازارتاغ تىزمىسىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. شەرقىي جەنۇب تەرەپتىكى ۋە خوتەن دەرياسى بويىدىكى يەنە بىر مازارتاغ ھەققىدە ئۇ كىشى ھېچنېمە بىلمەيدى-كەن. ئۇ بىزگە ئاڭلىشىمچە، سىلەر كېتىۋاتقان جاي ساپلا قۇملۇق، بىر تامچىمۇ سۇ تاپقىلى بولمايدۇ، ئۇ قۇملۇقنى «تەكلىماكان» دەيمىز دېدى.

بىز ئۇ يىگانە يولۇچى بىلەن خوشلىشىپ، ئاۋۋال جەنۇب، ئاندىن شەرق تەرەپكە قىلىدىغان سەپىرىمىزنى داۋام قىلدۇق. بىرەر تال گىياھمۇ ئۈنۈپ باقمىغان، ئادەمزات ئايىغى بېسىلمىغان قاتتىق يەردە ماڭماقتا ئىدۇق. ئوڭ تەرەپتىكى تاغ بارا ــ بارا پەسىيىپ، بىلىنە ــ بىلىنمەي قۇم بارخىنىغا، قۇم دۆۋىسىگە ئايلىنىپ قالغاندەك بولدى ــ دە، كېيىنچە قۇملۇق ئىچىدە غايىب بولدى. دېمەك، بۇ يەردە ئەمدى جەنۇبقا سوزۇلغان قانداقتۇر بىر تاغ تىزمىسى يوق ئىدى. بىراق، شەرقتىكى تاغ تىزمىسىنىڭ خوتەن دەرياسى بويىدىكى مازارتاغ بىلەن راستلا باغلىنىش بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

يەر يۈزى تاشتەك قاتتىق ھەم قۇرۇق سېغىزلىق ئىدى. ئۇنىڭدىكى سانسىزلىغان چاك ــ يېرىقلاردىن ياز كۈنلىرى بۇ يەرگە كەلكۈن كېلىپ تۇرىدىغانلىقى مەلۇم ئىدى. كۆل جەنۇبقا قاراپ بارا ــ بارا تارىيىپ كېلىپ ئاخىر بىر سازلىققا ئايلاندى، بىز كۆلنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا يېتىپ بارغۇچە سازلىقنى نەچچە قېتىم ئايلىنىپ مېڭىشقا مەجبۇر بولدۇق.

بىز شەرقىي قىرغاققا كەلگەندە، بۇ يەرنىڭ سۆزۈك سۇ ئىچەلەيدىغان ئاخىرقى نۇقتا ئىكەنلىكىنى جەزىم قىلدۇق ــ دە، 4 ــ ئاينىڭ 22 ــ كۈنى يەنە بىر كۈن ھاردۇق ئېلىش قارارىغا كەلدۇق. تۆگىلەر ۋە ئاخىرقى بىر قوي كۆل بويىدىكى بولۇق ئۆسكەن قومۇشلارغا يەنە بىر قېتىم تويۇۋالىدى-غان بولدى. مەن تاغقا يالغۇز چىقىپ يۆنىلىشنى كۆزەتتىم.

پاكار كەلگەن تاغ تىزمىسى شەرقىي جەنۇبقا سوزۇلۇپ مۇشۇ يەردە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

توختىغانىدى، ئۇ بەئەينى بىر قۇم دېڭىزى ئىچىدىكى دېڭىز تۇمشۇقىغا ئوخشايتتى. بىراق، ئۇ يەردىن ئوخشاش يۆنىلىشكە نەزەر سالسام، يەردىن كۆتۈرۈلۈپ چىققان ئانچە ئېگىز بولمىغان بىر «يېرىم ئارال» كۆرۈندى، ئۇنىڭدىن باشقا تاغنىڭ قارىسى كۆرۈنمىدى. دېمەك، مەن مارالبېشىدىكى مازارتاغنىڭ شەرقىي جەنۇبىي ئۇچىدىكى تۆپىلىكتە تۇراتتىم، نامىنىڭ ئوخشاشلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ كىچىك تاغ تىزمىسىنىڭ خوتەن دەرياسى بويىدىكى مازارتاغ بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق ئىدى. كۆرۈش دائىرەمدىكى يەر جەنۇبقا، شەرقىي جەنۇبقا ۋە غەربىي جەنۇبقا سوزۇلغان پايانسىز قۇملۇق ئىدى، ئۇپۇق سىزىقى بىر تال تۈز سىزىققا ئايلاندى.

مازارتاغنىڭ قالدۇق تىزمىسى يىراق جەنۇب تەرەپتە يەر يۈزىدىن يەنە كۆتۈرۈلۈپ چىقىدۇ دېگەن گەپكە ئىشەنگىلى بولمايدۇ. مەن ئۇ يەرگە بىۋاسىتە كىرگەندىن كېيىن ئۇنداق تاغنى كۆرۈپ باقمىدىم.

شۇ كۈنى كېيىنكى سەپەر يۆنىلىشىمىز ئۈستىدە كۆپ بويى مەسلىھەتلەشتۇق. «يولچى» مۇشۇ يەردىن شەرققە ماڭساق خوتەن دەرياسىغىچە تۆت كۈنلۈك يول بار، بۇنىڭدا گەپ يوق دەپ تۇردى. قولۇمدىكى ئەڭ ياخشى رۇسچە خەرىتىدىمۇ بۇ مۇساپىنىڭ 130 كىلومېتىر كېلىدىغانلىقى ئېنىق كۆرسىتىلگەنىدى. شۇنىڭدىن قارىغاندا، كۈنىگە 20 نەچچە كىلومېتىر يول ماڭساق، 6 ــ كۈنى خوتەن دەرياسىغا يېتىپ بارالايتتۇق. خوتەن دەرياسىغا ئىككى كۈن قالغاندا، دەريا ئېقىنىغا يېقىن جايدىن جەزمەن يەر ئاستى سۈيى چىقارغىلى بولاتتى. شۇنداقتىمۇ مەن ئادەملىرىمگە 10 كۈن يەتكۈدەك سۇ ئېلىۋېلىشنى بۇيرۇدۇم. شۇنداق بولغاندا باكلارنىڭ يېرىمىغا سۇ قاچىلىۋالساقلا بولاتتى؛ يۈك يەڭگىللەشكەندىكىن تۆگىلەر ئېگىز بارخانلاردىن ھالقىشتا بەك كۆچەپ كەتمەيتتى. تۆگىلەر كۈنىگە ئىككى قېتىم سۇ ئىچكەندىمۇ، زاپىسىمىز ئالتە كۈنگە تولۇق يېتەتتى.

سۇ قاچىلاش ۋەزىپىسىنى «يولچى» بىلەن يەنە بىر قاسىمئاخۇن بېجىردى. ئۇلار بۇ ئىشنى كەچقۇرۇنلۇقى قىلدى. مېنىڭ بۇ قىممەتلىك سۇنىڭ باكلارغا قۇيۇلۇۋاتقاندىكى ئاۋازىنى ئاڭلىغانلىقىم ھېلىمۇ ئېنىق

ئېسىمدە، پىلانىم شۇ قەدەر ئاددىي، بۇيرۇقۇم شۇ قەدەر ئېنىق ئىدى، شۇڭا ئاشۇ ئاخىرقى مىنۇتلاردا بۇيرۇقۇمنىڭ تەلتۆكۈس ئىجرا قىلىنغان ــ قىلىنـ مىغانلىقىنى تەكشۈرۈپ بېقىش زادىلا خىيالىمغا كەلمەپتۇ.

قول ئاستىمدىكىلەرگە شۇنداق بىپەرۋالىق بىلەن ئىشىنىپ قاپتىمەن، بۇ هال بەختكە قارشى ئۆزۈمگىمۇ، ئۇلارغىمۇ هالاكەتلىك بالايىئاپەت ئېلىپ كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 7. ئاخىرقى يۇلغۇن

4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ھاۋا ئىسسىق بولسىمۇ، تۆگىلەر تۈنۈگۈن قانغۇدەك ھاردۇق ئېلىۋالغاچا، 27.5 كىلومېتىر مۇساپىنى باستى.

باشتا كۆلنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىگە كەتكەن، ئوت ـ چۆپلەر، شالاڭ ـ شالاڭ ئۆسكەن يۇمشاق توپىلىق ئوتلاقتا ماڭدۇق. بىر يېرىم سائەتلەردىن كېيىن يەر تۈزۈلۈشى ئادەمنى زېرىكتۈرگۈدەك دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كەتتى. قۇم دۆۋىلىرى يىغىلىپ چېكى يوق كىچىك بارخانلارنى ھاسىل قىلغانىدى. يەنە 10 مىنۇتلار ماڭغاندىن كېيىن بارخانلار ئىچىگە كىرىپ قالدۇق، شەرقىي شىمالدىن غەربىي جەنۇبقا قاراپ جايلاشقان بارخانلار يولىمىزنى توغرىسىغا توسۇۋالدى، ئۇلار 6 ~ 7 مېتىر ئېگىزلىكتە بولغاچقا، ھالقىپ ئۆتۈش تولىمۇ تەس ئىدى، بولۇپمۇ تىك تەرىپى غەربىي جەنۇبقا ياكى غەربكە قىيپاش چۈشكەن بارخاندىن ئۆتۈش بەك مۈشكۈلكە توختايتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئوخشاشمىغان يۆنىلىشتىكى شامالدا ھاسىل بولغان ئىككى بارخاننىڭ كېسىشكەن نۇقتىسىدا بەئەينى ئېھرامغا ئوخشايدىغان قۇم دۆۋىلىرى چوقچىيىپ چىققانىدى، بۇ ئىككى دولقۇن ئۇچراشقاندا ھەسسىلەپ يۇقىرىغا شۇڭغۇيدىغان ئەھۋالغا ئوخشايتتى.

تۆگىلەر بارخانلارنىڭ تىك قىيپاش تەرىپىدىن بارخان ئۈستىگە ئامان ـ ئېسەن چىقىشتى، بولمىسا ئۆزىمىز ئوڭاي چىقالمايتتۇق، يەنە كېلىپ ئۇلار ھەربىر قەدەم ئۆرلىگەندە پەسكە سىيرىلىپ چۈشۈپ يەنە ئۆرلەيتتى.

دەسلەپتە دۈچ كەلگەن بۇ بارخانلار بەك ئېگىز بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ تۆپىسىگە چىقىپ قارىغان ئادەم شەرقتىكى ئەگرى ـ بۈگرى دولقۇنلار ياساپ ياتقان، كۆز يەتمەيدىغان ئاشۇ بىپايان قۇم دېڭىزىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىۋالالايتتى. مۇبادا ئۆزۈمنىڭ «بەخت يۇلتۇزى» غا قارىغۇلارچە ئىشەنمىگەن

بولسام، يەنە كېلىپ قانداقتۇر بىر نامەلۇم دۇنيانى تەكشۈرۈش يولىدىكى توساپ بولمايدىغان ھەۋەس ئۈستىدىن غالىب كېلىدىغان بولسام، شۇنداقلا بۇ ھەۋەس مېنى دەسلەپتە تۇغۇلغان ھەممە ئەندىشىلەرنى بېسىپ چۈشۈشكە مۇۋەپپەق قىلمىغان بولسا، بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپلا قورقۇپ خۇدۇمنى يوقى-تىپ، ئارقىغا چېكىنىشىم كېرەك ئىدى.

قۇملۇق شاملى بوش ئاۋازدا خىتاب قىلاتتى: «ئالغا!»

تۆگە كولدۇرمىلىرى ناخشا ئېيتاتتى: «ئالغا!»

«ئالغا!» دېگەن بۇ بۇيرۇق ھەرقانداق ئارىسالدىلىق ۋە قورقۇش روھىي ھالىتىنىڭ تۇغۇلۇشىغا ھەرگىز يول قويمايتتى.

ئالدىمىزدىكى بارخانلار بارغانسېرى ئېگىزلىمەكتە ئىدى. 20 مېتىر، 25 مېتىر، 30 مېتىر... ئەنە شۇ تەرتىپتە ئالغا باساتتۇق، بولمىسا بىر پەسكە چۈشۈپ، بىر يۇقىرى ئۆرلەپ مېڭىشىمىزغا توغرا كېلەتتى. بىراق، بۇنداق قىلغاندا بىر ئويان، بىر بۇيان ئەگىپ يۈرۈپ ماڭمىساق بولمايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۈرئەت بەك ئاستا بولۇپ قالاتتى. ئەگەر بارخاننىڭ تىك تەرىپى يولىمىزنى توسۇۋالسا، ئۇنى ئەگىپ ئۆتەلمەيتتۇق، ئۇنداق چاغدا تۆگە سەللا بوشاڭلىق قىلىپ قالسا، يۇمشاق قۇمدا غىرتتىدە سىيرىلىپ كېتىپ يىقىلىپ قالاتتى. سۇ باكلىرى ئارتىلغان بىردىنبىر تۆگىمىز ئەنە شۇنداق يىقىلىپ قالغاچقا، يۈكنى چۈشۈرۈۋېلىشقا مەجبۇر بولدۇق. ھېلىدىن ھېلىغا تىك — تىك قۇم توساقلىرى يولىمىزنى توسايتتى، شۇنداق ئەھۋالدا تۆگىلەرگە كۈرجەك بىلەن يول ئېچىپ بېرىشكە مەجبۇر بولاتتۇق.

دەسلەپكى كۈنلەردىكى قاتتىق سىغىزلىق يەرلەرنىڭ ئەمدى ئەسىرىمۇ يوق ئىدى. ھەممىلا يەر ئۇششاق سېرىق قۇم بىلەن قاپلانغان. نە بىر تال گىياھ، نە بىر تال يوپۇرماق يوق. گاھى — گاھىدا قۇملۇقنىڭ قاتتىق قۇرغاق ئىسسىقىغا بەرداشلىق بېرىپ مەردانە تۇرغان يۇلغۇنلار چېلىقىپمۇ قالاتتى.

كۆك ئاسماندا ئۇچار قانات كۆرۈنمەيتتى، يەردە بۆكەن، بۇغا ئىزلىرى چېلىقمايتتى. دۇربۇندا كۆرۈنگىنى قۇم، قۇم، يەنە قۇم ئىدى، تاغلارمۇ قۇم دۆۋىلىرىدىن ھاسىل بولغان قۇمتاغلار ئىدى، ئۇنىڭدىن ئۆزگە ھېچنېمە،

ھېچنېمە يوق ئىدى.
ھەممىدىن بىچارە ئەھۋالدا قالغىنى ئىتلار ئىدى. ئۇلار قاتتىق ئىسسىق ئازابىدا قىينىلاتتى. «ھەمراھ» بەكرەك غىڭشىيتتى، قاۋاپ نالە قىلاتتى، ھەمىشە ئارقىدا قالاتتى.
بىز بارگاھ تىكىشكە لايىق جاي ئىزدىدۇق، بىراق بىر سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىت ئىزدەپمۇ تاپالمىدۇق. گۇگۇم ۋاقتىغا كەلگەندە، ئاخىر كىچىككىنە بىر پارچە قاتتىق سېغىزلىق يەر تاپتۇق، ئۇ يەردە ئىككى جايدا يۇلغۇنلار ئۆسۈپ تۇراتتى. بۇ سەپىرىمىزدە ئۇچراتقان ئەڭ ئاخىرقى دەرەخ ئىدى. تۆگىلەر يۇلغۇنغا ئۆزلىرىنى ئاتتى ـ دە، شاخلىرىنى يېيىشكە باشلىدى. سۇ قىسلىقىدىن ئۇلارغا سېسىق بۇس چىقىرىپ تۇرىدىغان قىچا يېغى ئىچكۈزۈشكە مەجبۇر بولدۇق. ئامال بار قۇدۇق كولىماقچى بولدۇق، 50 سانتىمېتىرچە كولىدۇق، يەر يەنىلا قۇپقۇرۇق ئىدى، شۇنىڭ بىلەن كولاشتىن ۋاز كەچتۇق.
«ھەمراھ» يوقاپ كەتتى. پۇشتەك چېلىپ باقتۇق، چاقىرىپ باقتۇق، قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. تۆگىچىلەر ئۇنى ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىپ ئۆلۈپ قالغان ئوخشايدۇ دېيىشتى. بۇ قۇملۇق ئىتى ھەر قېتىم يۇلغۇن بار يەرگە كەلگەندە، يۇلغۇن تۈۋىدىكى قۇمنى كولاپ سايىدا ئۇخلىۋالاتتى. ئېھتىمال، ئۇ ئالدىمىزدا دەشت ـ باياۋاندىن باشقا نېمە يوقلۇقىنى كۆرۈپ، كەينىگە يېنىپ سۇ بار يەرنى ئىزدەپ كەتكەن بولسا كېرەك. شۇ سەپەردە خەتەردىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، ئۇ ئىتنىڭ دېرىكىنى كۆپ قېتىم قىلىپ كۆردۈم، بىراق نەتىجە بولمىدى. ئۇنىڭ ھەمراھى — «يولداش» بىزگە سادىقلىق بىلەن ئەگىشىپ كېلىۋاتاتتى، ئۇنىڭ سادىق دوستى بولسا قۇربان بولدى.
سەپەرگە چىققاندىن بۇيان تۇنجى قېتىم دۇنيادىكى ئەڭ قاقاس قۇملۇققا بارگاھ تىكتۇق. شۇ مىنۇتتىن باشلاپ ھەممىمىزدە قانداقتۇر بىر خىل باشقىچە كەيپىيات پەيدا بولدى. بەك زۆرۈر بولغان ئەھۋالدىلا بىر ـ ئىككى ئېغىز گەپ قىلىشىپ قوياتتۇق. ئاخىرقى بىر تال قۇرۇق يۇلغۇن شېخى بىلەن پىلدىرلاپ تۇرغان ئوتنى ئۇلغايتتۇق. ئەتراپتا ئادەتتىن تاشقىرى ۋەھىمىلىك جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. تۆگىلەرنى ھېلىقى

كۆل بويىدىكى گۇزەل يايلاقتا قېچىپ كەتمىسۇن دەپ، بارگاھقا يېقىن يەرگە باغلىدۇق. ئۇلارنىڭ بويىنىدىكى تىنىم تاپماي جاراڭلاپ تۇرىدىغان كولدۇرمىلارمۇ شۇنداق تىمتاس بولۇپ كەتكەنىدى. قۇلىقىمىزغا مىدىر ـ سىدىر قىلماي ياتقان تۆگىلەرنىڭ ئۇزۇن ھەم ئېغىر تىنىقلىرىلا ئاڭلىناتتى.

چېدىرىمىدىكى چىراغ ئەتراپىدا بىرنەچچە پەرۋانە ئۇچۇشۇپ يۈرەتتى، ئۇلار نەدىن كەلگەندۇ؟ — ئېھتىمال كارۋىنىمىزغا ئەگىشىپ كەلگەن بولسا كېرەك.

# 8. ھەيران قالارلىق بايقاش

ئەتىسى سەھەردە غەرب تەرەپتىن سوقۇۋاتقان قاتتىق بوراندىن ئويغىنىپ كەتتىم. چېدىرنىڭ ئارغامچا ۋە تىرەكلىرى چېدىرغا ھېلىدىن ــ ھېلىغا پۇرقىراپ كىرىپ تۇراتتى. شىددەتلىك بوران تەرەپ ــ تەرەپتىن غۇرقىراپ كىرەتتى. چۈنكى بارگاھىمىز بارخانلار ئارىسىدىكى ئويمانغا تىكىلگەن بولغاچقا، ئىككى تەرىپىمىزدە ئاساسەن پاراللېل ياتقان قۇم دۆۋىسى بار ئىدى. يېقىن ئەتراپتىكى قۇم دۆۋىلىرىنىڭ شەرققە ۋە شىمالغا قارىغان تەرەپلىرى بىر قەدەر تۈز، جەنۇبقا ۋە غەربكە قارىغان تەرەپلىرى ناھايىتى تىك، قالغان بارخانلارمۇ ئاساسەن شۇنداق ئىدى.

بىز قۇم ــ توزاندا قالغاچقا، مۇزلىغاندەك بولدۇق. ئەمەلىيەتتە پۇرقىراپ ئۇچۇۋاتقان قۇم ــ توزان ئىككى ئادەمنىڭ ئېگىزلىكىدە كېلەتتى، ئۇنىڭ يۇقىرىسىدىكى ھاۋا بوشلۇقى پۈتۈنلەي ئوچۇق ئىدى.

قۇياش كۆچىنىڭ بارىچە قىزىق نۇر چاچاتتى، يەر يۈزىلا قىزغۇچ قۇم پەردىسى بىلەن قاپلىنىپ تۇراتتى. قۇم ــ توزان ئېغىز، بۇرۇن، قۇلاقلىرىمىزغا ھەدەپ كىرىپ كېتەتتى، ھەتتا كىيىملىرىمىزنىڭ ئىچىگىمۇ كىرىپ بەدىنىمىزنى چىدىغۇسىز دەرىجىدە قىچىشتۇراتتى. مۇبادا ئاسمان خىرە بولۇپ، تۈز يەرنى ئوچۇقراق كۆرەلەيدىغان بولساق كۆپ ياخشى بولغان بولاتتى، چۈنكى ھېچبولمىغاندا مېڭىش يۆنىلىشىمىزنى ئوڭاي بەلگىلىيەلەيتتۇق. بارخاننىڭ ئەڭ ئېگىز دۆمبىسىدىن قۇم ــ توزانلار ئۇچۇپ ئۆتكەندە، گويا سانسىزلىغان قۇش پەيلىرى ھاۋادا ئۇچۇۋاتقاندەك مەنزىرە ھاسىل بولاتتى، بېشىمىز دەل ئاشۇ ئېگىزلىككە توغرا كېلەتتى. شۇڭا، قۇم ــ توزانلار قۇلىقىمىزنىڭ تۈۋىدە ھۇشقىرتاتتى ۋە قۇلاقلىرىمىزغا ھەدەپ بۆسۈپ كىرەتتى. مېنىڭ قاردىن مۇداپىئە كۆزئەينىكىدە تۇرۇپمۇ قاپاقلىرىمدىن... تورۇمنىڭ كىچىك تۆشۈكچىلىرىدىن ئۆششاق قۇم ئۆتۈپ كەتسىمۇ، ھەر

هالدا ئەسقاتتى.
بۇ بوراننىڭ بىزگە بەرگەن كىچىككىنە ياردىمى شۇ بولدىكى، ئۇ خەتەرلىك بارخانلارنىڭ يانتۇلۇقنى بىر قەۋەت يالاپ كەتتى، يەنە كېلىپ تىك تەرىپىنى بارا ـ بارا شەرق تەرەپكە يۆتكىدى. بىراق، بىر قېتىملىق بوران بۇ ئۇلۇغ «قۇرۇلۇش» نىڭ بىر قىسمىنىلا تاماملىيالايتتى.
بىز كەچ كىرگۈچە بارخانلار پەسرەك بىر يەرگە ئۇلىشۋالارمىز، بەلكىم ئوت قالىغۇدەك ئوتۇن تېپىلىدىغان بىرەر ئوتلاقنىمۇ ئۇچرىتىپ قالارمىز دېگەن ئۈمىدتە بولغانىدۇق. بىراق بۇ ئۈمىدىمىز ئىشقا ئاشمىدى. ئەمەلىيەتـتە، قۇملۇقنىڭ كىندىكىگە قاراپ بارغانسېرى ئىچكىرىلەپ كەتتۇق.
ئىسلامباي ھازىر بىزنىڭ يول باشلىغۇچىمىز بولۇپ قالغانىدى، ئۇ بۇ ۋەزىپىنى تولىمۇ ياخشى ئادا قىلىۋاتاتتى. قولىدا كومپاس تۇتقىنىچە بىزدىن خېلى يىراق ئالدىمىزدا چېۋەرلىك بىلەن كېتىۋاتاتتى. بىز شەرق تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتاتتۇق، چۈنكى مۇشۇ يۆنىلىش بويىچە ماڭغاندا، خوتەن دەرياسىغىچە بولغان ئارىلىق خېلى قىسقىرايتتى. ئېكسپېدىتسىيە كارۋىنى ئىسلامباي قالدۇرۇپ ماڭغان ئەگرى ـ بۈگرى ئىز بىلەن ئاستا ـ ئاستا ئىلگىرىلىمەكتە. ئىسلامباي ھەربىر توختاپ، يېقىن ئەتراپتىكى بارخان چوققىسىغا چىقىپ، كۆزىگە قولى بىلەن سايە چۈشۈرۈپ تۇرۇپ، ئالدىمىزدىكى قۇم دۆۋىسىگە يېتىپ بارىدىغان ئەپلىك يول ئىزدەپ شەرققە قاراپ تۇرۇپ كەتكىنىدە، بىز ناھايىتىمۇ تىت ـ تىت بولۇپ كېتەتتۇق. چۈنكى، بىز شۇنداق ۋاقىتلاردا ئالدىمىزدا چوقۇم يەنە بىر يامان يەرگە دۇچ كەلگەنلىكىمىزنى، يەنە بىر قېتىم يا شىمالغا قاراپ، يا جەنۇبقا قاراپ ئايلىنىپ مېڭىشقا مەجبۇر بولىدىغانلىقىمىزنى پەملەيتتۇق.
تۆگىچىلىرىم پىيادە ماڭماقتا ئىدى، ئۇلار ئۈن ـ تىن قىلمايتتى. ئىسسىقتىن باشلىرى قايغان، ھېرىپ ھالىدىن كەتكەنىدى. ئۇلار پات ـ پات توختاپ قالاتتى، سۇ ئىچەتتى، بىراق باكتىكى سۇمۇ ئىسسىپ 30 گرادۇسقا يېتىپ قالغاچقا، ئۇسسۇزلۇقنى دېگەندەك باسالمايتتى. بىز كۆپرەك تەر چىقسا سالقىنلاپ قالارمىزمىكىن دەپ سۇنى كۆپ ئىچەتتۇق.
بىر سۇ ئىچكەچ ئەتراپنى كۆزىتەيلى دەپ، بىر ئېگىز بارخان ئۈستىدە

www.uyghurkitap.com

ئۇزاق ھاردۇق ئالدۇق. ئۇسسۇزلۇقتىن چاڭقاپ كەتكەن قوي بىلەن بىچارە ئىت — «يولداش» ئەمدى قانغۇدەك سۇ ئىچىۋالالايتتى. «يولداش» سۇ توغرىسىدا سۆز ئىچىپ قالساقلا قاۋاپ كېتەتتى، بىراۋ باكىنىڭ يېنىغا بېرىپ قالسا، ئېتىلىپ بېرىپ قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتىپ تۇرۇۋالاتتى. قوي ئىتقا ئوخشاشلا سادىقلىق ۋە بەرداشلىق بىلەن بىرگە ئەگىشىپ ماڭاتتى. تۆگىچى-لىرىم ئاچلىقتىن ئۆلۈشكە رازىمىزكى، قورساقنى دەپ بۇ ھايۋاننى سويماي-مىز دەيتتى.

تۆگىلەرمۇ بارا ــ بارا ھالسىراپ كەتتى، يىقىلىپ قالسا يۆلەپ قويمى-ساق ئۆزى تۇرالمايتتى، شۇڭا بىز 12 كىلومېتىر مېڭىپلا ھېرىپ قالدۇق، شۇنىڭ بىلەن كىچىككىنە بىر پارچە قاتتىق يەرگە بارگاھ تىكتۇق.

بۇ يەر ئادەتتىن تاشقىرى قۇرغاق ئىدى، شۇڭا قۇدۇق قازمىز دەپ ئولتۇرمىدۇق. بارگاھ تىكىلىپ بولغاندىن كېيىن، بۈگۈنكى كۆرمىشلىرىمىز ۋە ئەتىكى ئۈمىدلىرىمىز ئۈستىدە پاراڭلاشتۇق. ئىسلامباي باشقىلارغا مەدەت بېرەتتى، ئۇ ئىلگىرىكى تەۋەككۇلچىلىكلىرىمىزنى سۆزلەپ بەردى، پامىر ئېگىزلىكىنىڭ ئالاي جىلغىسىدىكى قارلارنى، مۇزتاغ ئاتىنىڭ مۇزلۇقلىرىنى، ئۇ يەرلەردە تارتقان كۈنلەرنىڭ بۇ قۇملۇقتىكىدىن كۆپ بەتتەر ئىكەنلىكىنى تەسۋىرلەپ بەردى. ئۇنىڭ گەپلىرى كىشىنى ھەقىقەتەن رىغبەتلەندۈرەتتى.

ئەتىسى سەھەردە ھەيران قالارلىق بىر ئىشنى بايقىدىم. باكلاردا سۇ تۈگەپ قالغادەك بىلىندى، باكنى سىلكىگەندە، قالغان سۇ ئۇنىڭ يانلىرىغا ئۇرۇلۇپ شىلىقلاپ ئاۋاز چىقىراتتى. دېمەك، باكلار كۈتكەندىكىدەك لىق ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن باكلارنى تەكشۈرۈپ چىقتىم، پەقەت ئىككى كۈنلۈكلا سۇ قالغانلىقى ئىسپاتلاندى.

تەمتىرەپ كەتتىم ــ دە، تۆگىچىلىرىمدىن: «نېمشقا بۇيرۇقۇم بويىچە 10 كۈنلۈك سۇ قاچىلىمىدىڭلار؟» دەپ سورىدىم.

ئۇلار: «قانچىلىك سۇ ئېلىشىمىزنى ‹يولچى› بەلگىلىگەن» دېيىشتى. مەن «يولچى» نى ئۇنداق بىخەستەلىك قىلغىنىڭ نېمىسى؟ دەپ ئەيىبلى-سەم، ئۇ: «خاتىرجەم بولۇڭ، ھېلىقى ئاخىرقى كۆلدىن تۆت كۈن ماڭساق سۇ چىقىدىغان يەنە بىر يەرگە يېتىپ بارالايتتۇق» دېدى. قولۇمدىكى

خەرىتىمۇ ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايتتى، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ ئىلگىرىكى گەپلىرىنىڭ ھەممىسى دېگەن يەردىن چىقىپ تۇرغاندى، شۇڭا مەن خاتىرجەم بولدۇم. ھەممىمىز ھازىرقى ئورنىمىزدىن شەرققە ئىلگىرىلىسەكمۇ، غەربكە چېكىنسەكمۇ، سۇ بار يەرگىچە بولغان ئارىلىقنىڭ ئاساسەن ئوخشاش ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتۇق، شۇ سەۋەبتىن ھېلىقى ئاخىرقى كۆلگە قاراپ چېكىنىش خىيالىغا كەلمىدۇق. مۇبادا بىز سەپەرنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىغا قايتىش قارارىغا كەلگەن بولساق، قانچىلىك جەبىر ــ جاپا ۋە زىيانلاردىن ساقلىنىپ قالغان بولاتتۇق ــ ھە!

قالغان سۇنى ئىمكانقەدەر تېجەپ ئىشلىتىشتىن ئۆزگە چارە يوق ئىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، تۆگىلەرگە سۇ بېرىش توختىتىلدى. مەن ئىسلامبايغا قىممەتلىك ئۇسسۇزلۇق قاچىلانغان ئاشۇ ئىككى باكنى كۆزدىن بىر مىنۇتمۇ نېرى قىلماسلىقنى ئالاھىدە تاپىلىدىم.

## 9. خىيالىي بېشارەت

بۇنىڭدىن ئىلگىرى بىز بارگاھ تىككۈدەك بىرەر پارچە قاتتىق يەر تاپالمىدۇق. بۇ ئادەتتە يىمىرسە ئۇۋۇلۇپ توزانغا ئايلىنىپ كېتىدىغان بوش ھەم كاۋاك ــ كاۋاك شورلۇق سېغىز تۇپىدىن تۈزۈلگەن يەر ئىدى. تۇپراق قەۋىتى قات ــ قات كەلگەن بۇنداق يەر ئېگىز يەرلەردە بولمايتتى. قىسقىسى، ئۇ تىنما توپىدىن شەكىللەنگەن بولۇپ، قۇرۇپ كەتكەن ئاسىيا «ئوتتۇرا يەر دېڭىزى» نىڭ ئاخىرقى قالدۇق ماددىسىدىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلارنىڭ ھازىرقى ئوخشاشمىغان ئېگىزلىكى ئەينى زامانىدىكى ئوخشاشمىغان گورىزونتال يۈز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇنداق سېغىز توپا قاتلىمى بىزگە تەسەللى بولاتتى، بىز ئۇنىڭغا قاراپ بۇ بىپايان قۇم دېڭىزىنىڭ ھېچبولمىغاندا «دېڭىز ئاستى» بولىدۇ دەپ ھۆكۈم قىلالايتتۇق. بىراق، ئەمدى ئۇنداق سېغىز ئەسلا چېلىقمايتتى. ئەتراپىنىڭ ھەممىسى قۇم ئىدى، بىز قۇملۇقنىڭ ئەڭ مۇدھىش ۋە ئەڭ خەتەرلىك قىسمىدا تۇراتتۇق.

مەن بىر تەرەپتىن ئامراق تۆگەم «بۇغرا» نى ئاياش، يەنە بىر تەرەپتىن تۆگىچىلىرىمگە ئىلھام بېرىش ئۈچۈن كۆپ بويى پىيادە ماڭدىم. ھېلىقى «باباي» دېگەن تۆگە ھېلىدىن ــ ھېلىغا ماڭماي تۇرۇۋالاتتى. تۆگىچى ھەرقانچە تارتسىمۇ مىدىرلىيالماتتى، ھەتتا بۇرنىدىكى چۈلۈككە باغلانغان چۇلۇۋۇرمۇ ئۈزۈلۈپ كېتەتتى ــ بۇ تۆگىنىڭ بۇرنى ئاغرىقنى سەزمەيدىغان بولۇپ قالغاندەك قىلاتتى. ئاخىر ئۇ پۈتۈنلەي يېتىپ قالدى. يۈكىنى چۈشۈرۈپ باشقا تۆگىلەرگە تەقسىملىگەندىن كېيىن قوپتى. بىراق، كېيىنمۇ ئۇ بىر ئادەم يېتىلىمىسە، ماڭماي جىممىدە تۇرۇۋالاتتى ۋە ھەمىشە كارۋاننىڭ كەينىدە قالاتتى. بۇ بىرىنچى نومۇرلۇق «چۆل كېمىسى» جىمىپ كېتىشكە باشلىدى.

شەرق تەرەپنى كۆزىتىپ ماڭماقتىمىز، بىراق ھېچقانداق نەتىجە يوق. كۆز يەتكەن دائىرىدە تاغدەك ـ تاغدەك بارخانلاردىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىدى. تۇساتتىن بىر ئىش بىزدە ئۈمىد قوزغىدى: بىر چۈشىن تۆگىلەرنىڭ ئۈستىدە ۋىڭىلداپ ئۇچۇپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى بىزنى «قۇرۇق-لۇق» قا يېقىنلاپ قاپتىمىز دېگەن ئىشەنچكە كەلتۈردى. ئەجەبا، بۇ چۈشىن تۆگىنىڭ يۇڭى ئارىسىغا كىرىۋېلىپ بىزگە ئەگىشىپ كەلگەنمىدۇ؟

«باباي» نى ماغدۇرىغا كېلىۋالسۇن دەپ بىر سائەت ھاردۇق ئالدۇق. ئۇنىڭغا بىرنەچچە لىتىر سۇ ئىچكۈزدۇق، چومىدىن بىر تۇتام چۆپ ئېلىپ يېگۈزدۇق. ئۇ چۆپنى ھۇزۇرلىنىپ يېدى. ئۈستىدىكى چومنى ئالدۇق، قارىساق دۈمبىسىدە جاراھەت بار ئىكەن، چومنىڭ قىرى دۈمبىسىنى يالاپ يېغىر قىلىۋېتىپتۇ. بۇ جانىۋارنىڭ بىچارە ھالىغا قاراپ كۆڭلۈم يېرىم بولدى. ئۇنىڭ پۇتلىرى دىر ـ دىر تىترەيتتى، تىللىرىنى ئاپئاق شور باغلاپ كەتكەنىدى. بىز ئۇنى مەمەت ساقىنىڭ ئايرىم بېقىپ قارىشىغا تاپشۇردۇق. بىر ئاۋۋال يۈرۈپ كەتتۇق. يىراقلاپ كەتكىنىمىزدىمۇ ئۇنىڭ كوچەپ ـ كوچەپ ھاپىشۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدۇق.

ئەڭ ئېگىز بارخان يەر يۈزىدىن 50 ~ 60 مېتىر كېلەتتى، كېيىنكى بارخانلار 30 ~ 35 مېتىرغا پەسلىدى، ئۈمىدىمىز قايتا قوزغالدى: بىر قارىغا بىر بارخاننىڭ ئۈستىدە ئۇياقتىن بۇياققا يۈرەتتى، ئۇ قانات قېقىپ ئۇچتى ـ دە، كارۋاننى بىر ئايلىنىپ كۆزدىن غايىب بولدى. ئۇ بۇ قۇملۇقنىڭ ئىچكى رايونىغا ھەرگىز يىراقتىن كەلمىگەن — ئۇ جەزمەن يېقىن ئەتراپتىكى خوتەن دەرياسىنىڭ ئەلچىسى ئىدى.

20 كىلومېتىر يول باسقاندىن كېيىن، ھېلىقى قارا تۆگە ماڭماي تۇرۇۋالدى. بىز شۇ يەردە 13 ـ نومۇرلۇق بارگاھنى تىكىشكە مەجبۇر بولدۇق.

«باباي» نىڭ چومىدىكى قالغان چۆپنى شۇ يەردە باشقا تۆگىلەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بەردۇق. باشقا يەتتە تۆگىنىڭ چوملىرىغىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش چۆپ تىقىلغانىدى. چۈشتە چاي، نان ۋە كونسېرۋا بىلەن ئاددىي ئوزۇقلان-دىم؛ تۆگىچىلىرىم بولسا، نان بىلەن چاي ئىچتى. ئېلىۋالغان ئوتۇنىمىز

بىردەمدىلا كۆيۈپ تۈگىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئىشلەتمىسەكمۇ بولىدىغان ساندۇقنى قۇربان قىلىشقا مەجبۇر بولدۇق.

كېچە چېدىرىمىزدا يەنە ئىككى چۈشىن بىزگە ھەمراھ بولدى. ئۇلارنى بىز ئېلىپ كەلگەندىمىزمۇ ياكى يېقىن ئەتراپتىكى دەرەخلىكتىن ئۇچۇپ كەلگەنمىدۇ؟ دەريا ئېقىنىغىچە كۆپ بولغاندا ئۈچ كۈنلۈك مۇساپە باردۇر؟ بىراق دەريا ئېقىنىغا يېتىپ بېرىشتىن ئاۋۋال جەزمەن توغراقلىققا دۇچ كېلەتتۇق.

ئەتىگەندە كارۋىنىمىز يولغا چىقىشقا تەييارلىنىپ بولغان چاغدا، بارخاندىن ئۆتىدىغان يول ئىزدەپ ئاۋۋال ئۆزۈم يالغۇز شەرق تەرەپكە قاراپ پىيادە ماڭدىم. ئارىلىقنى ھېسابلاش ئۈچۈن ماڭغان قەدەملىرىمنى ساناپ ئەستە قالدۇرۇۋېلىشىم كېرەك ئىدى، بۇنىڭغا جىق زېھنىي كۈچ كېتەتتى.

ۋاز كەچكەن بارگاھىمىز ئۇزاققا قالماي قۇم دۆۋىسى ئارقىسىدا قالدى، ئەتراپىم ئاجايىپ جىمجىت ئىدى، بۇ ھالدىن ئادەم تولىمۇ يالغۇزلۇق ھېس قىلاتتى. پەقەت بىرلا چۈشىن ماڭا ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتاتتى، مەن ئۇنى ئاللىقانداق بىر ئامەتنىڭ بېشارىتىغۇ دەپ ئۇنىڭغا بىر خىلدا يېقىملىق قاراپ قوياتتىم.

پەمىچە، بارخانلار ئىلگىرىكىلەردىن پەسرەك ئىدى، تۆگىلەرنىڭ كۆ- چىنى خورىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن، ئامال بار ئوخشاش ئېگىزلىك ئۈستىدە ماڭاتتىم. بىراق، ئۇزاققا بارماي بارخانلار يەنە 40～50 مېتىرغا ئېگىزلەپ كەتتى. بۇنداق بارخان تۆپىسىدە تۇرۇپ، شامال بىلەن بىر يۆنىلىشتىكى قۇم جىلغىسىغا قارىسا، ئۇنىڭ چوڭقۇرلۇقىدىن ئادەمنىڭ بېشى قاياتتى. بارخانلارنىڭ تىك تەرىپى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شەرق تەرەپكە ياكى شەر- قىي جەنۇب تەرەپكە قارايدىغان بولدى، بىراق نەچچە كۈندىن بۇيان بۇ يەردە غەربىي شىمال شاملى چىققانلىقى ئېنىق ئىدى. ھازىرمۇ غەربىي شىمال تەرەپتىن سۇزۇك مەيىن شامال بىر خىلدا ئۇرۇپ تۇراتتى، بەزىدە مەلۇم بىر ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇششاق توزغاقلىرىنى ① ئۇچۇرۇپمۇ كېلەتتى، ھەتتا بىر تۇتام قۇرۇق چۆپ قۇم بىلىدىن دومىلاپمۇ چۈشەتتى. ھاياتلىق

① بۇ توزغاق توغراق ئۇرۇقى ئىدى.

ئالامەتلىرىگە ئىگە بۇ ئاجىز ماددىلارنى غەربىي شىمال شامىلى ئېلىپ كەلگەننىدى. دىمەك، ئۇلار بىز كەلگەن تەرەپتىن كەلگەننىدى.

چۈشكە يېقىن قالغاندا، ھارغىنلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن ئايلىنىپ قالدىم، شۇ چاغدا ھېلىقى چىۋىن بىردىنلا جانلىنىپ كوچەپ ۋىڭىلداپ مېنى ئويغاتتى.

«يەنە بىر كوچە!» شۇنداق بىر سادا قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلىغاندەك بولدى، «كوچەپ يۈرۈپ ئاۋۇ قۇم بارخىنىغا چىق. ئۇ بارخان بۇ يەردىن 1000 چامدام كېلىدۇ، ئۇنىڭغا يېتىپ بارساڭ، خوتەن دەرياسىغا ۋە ئۇنىڭدا شارقىراپ ئېقىۋاتقان سۇغا تېخىمۇ يېقىنلايسەن!»

تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ يۈرۈپ 1000 چامدام مېڭىپ بارخانغا چىققاندا بېشىم قېيىپ يىقىلدىم. بارگاھتىن ھېسابلىغاندا 13 كىلومېتىر يول باسقاندىم. ئاق شەپكەم بىلەن يۈزۈمنى توساپ، يېرىم ئۇيقۇلۇق، يېرىم ئويغاق ھالەتتە ئۇخلىغىنىمچە ياتاتتىم. شۇ چاغدا ئاجايىپ بىر چۈش كۆرۈپتىمەن: باراقسان ئۆسكەن بىر توپ توغراق ئاستىدىكى يايپىشىل ئوتلاقتا ياتقۇدەكمەن، توغراق يوپۇرماقلىرى مەيىن شامالدا سىلكىنەتتى، قۇلىقىمغا دولقۇنىنىڭ كۆل قىرغىقىغا ئۇرۇلغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى، ئۇ قىرغاق دەل توغراقنىڭ يىلتىزىدىن باشلانغاننىدى. توغراق ئۈستىدە ئاللىقانداق بىر قۇشقاچ مەن چۈشىنەلمەيدىغان بىر ناخشىنى ئېيتىپ سايرايتتى.

توساتتىن قاتتىق بىر ئاۋاز مېنى ئويغاتتى. ئۇ كولدۇرما ئاۋازى ئىدى. شۇنداق قىلىپ يەنە قورقۇنچلۇق رېئاللىققا قايتىپ كەلدىم. بېشىم گويا چويۇندەك ئېغىر ئىدى، كۆزلىرىم جاھاننى قاپلىغان قۇمنىڭ ئەكس نۇرىدا قاماشاتتى.

تۆگىلەر سەنتۈرۈلۈپ ـ سەنتۈرۈلۈپ ماڭغىنىچە يېقىنلاپ كەلدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنىڭ نۇرى قېچىپ خىرەلىشىپ كەتكەننىدى، ئۇلار يەيدىغان ئوتى، ئىچىدىغان سۇيى بار يەرنى تېپىشنى ئەمدى خالىمايدىغاندەك قىلاتتى. ئۇلار قىينىلىپ ـ قىينىلىپ نەپەس ئالاتتى، پۇشۇلدىغاندا چىقارغان بۇس ئىلگىرىكىدىن بەتتەر سېسىق ئىدى. بۇ چاغدا ئىسلامباي بىلەن قاسىمئاخۇن يېتەكلىگەن ئالتە تۆگە يېتىپ كەلگەننىدى. قالغان ئىككى ئادەم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ماجالى قالمىغان سۇبىن ھېدىن پىژغىرىم ئىسسىقتا تىرىشىپ ــ
تىرمىشىپ بارخانغا چىقماقتا

«باباي» بىلەن قارا تۆگىگە كەينىدە قالغانىدى، كېيىن ئۇلارمۇ بىر ــ بىرلەپ يېتىپ كېلىشتى.

ئەمدى بارخانلار ئارىلىقىدىكى يەرنىڭ يۈزى ئىنتايىن ئۇششاق ھەم يۇمشاق چاڭ ــ توزانلار بىلەن قاپلانغانىدى، ماڭساق خۇددى پاتقاق كېچىپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنەتتى، شۇڭا بۇنداق يەردىن پەخەس بولۇپ ئۆزىمىزنى تارتىشقا تىرىشاتتۇق. مۇشۇنداق قۇم ــ توزان ئىچىدىن بىر ئىشەك ــ تۆگىچىلىرىمىنىڭ گېپىدىن قارىغاندا بىر ياۋا ئات ــ نىڭ پارچە ــ پۇرات سۆڭەكلىرىنى ئۇچراتتۇق، بۇ بىر پۈت سۆڭىكى بولۇپ، ئاپتاپ تەپتىدىن خۇددى ھاك تېشىدەك ئاقىرىپ كەتكەنىدى، ئۇنى تۇتۇپلا قويسا ئۇۋۇلۇپ كېتەتتى. بۇ ھايۋاننىڭ جەسىتىنىڭ قۇم ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتقىنىغا قانچە يىللار بولغاندۇ؟ بەلكىم 1000 يىل بولغاندۇر، چۈنكى كېيىنكى ئىسپاتلاشلىرىمىزدىن قارىغاندا، قۇرۇپ كەتكەن بۇنداق ئۇششاق قۇم ئورگانىك ماددىلارنى ساقلاش رولىنى ئوينايتتى. بۇ سۆڭەكلەر بارخانلارنىڭ كۆچۈشى ئارقىسىدا يېقىنقى مەزگىلدە يەر ئۈستىگە چىقىپ قالغان بولسا كېرەك.

ھەممەيلەن ئۇسساپ چاڭقىغان ۋە ھېرىپ ھالسىرىغانىدۇق، كۆپ

بولسا يەنە 2.5 كىلومېتىرلا يول ماڭالايتتۇق.

بىز يەككە ـ يېگانە تۇرغان، بىر پارچە تۈز ھەم قاتتىق سىغىزلىق يەرگە كېلىپ توختىدۇق. مەن بۇ يەردىمۇ ئاق ھەم چۇرۇك قۇلۇلە قاپلىرىنى، يىراق قەدىمكى دەۋردە سۇ يالاپ سىلىقلىنىپ كەتكەن ئۇششاق تاشلارنى، قۇلۇلە قېپى پارچىلىرىنى، ھاك تېشى ۋە بىرمۇنچە نەيچىسىمان نەرسىلەر (ئۇلار چوقۇم قومۇش يىلتىزىنىڭ تاشقاتمىلىرى) نى ئۇچراتتىم. ئىچكى قۇملۇق رايونىدا بۇ نەرسىلەرنىڭ بايقىلىشى چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى.

دۇربۇن بىلەن ئەتراپنى كۆزىتىپ، ئالدىمىزدىكى بارخانلارنىڭ بىر قەدەر پەس ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. بارگاھقا يېقىن بارخاننىڭ ئېگىزلىكى 10 ~ 15 مېتىرلا كېلەتتى. ئېھتىمال، ئەتىلىككە ئېگىز بارخانلاردىن ئۆتۈپ بولساق ۋە خوتەن دەرياسى بويىدىكى ئورمانلىقنى كۆرەلىسەك كېرەك. ئۈمىد بىزنى يەنە جانلاندۇرۇۋەتتى. بارگاھقا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، ھەممىمىز ئىنتايىن خۇشال كەيپىياتتا چۈشلۈك تاماقنى يېدۇق. مۇھەممەد شاھ بىلەن «يولچى»مۇ گۇگۇم چۈشكەندە بارگاھقا يېتىپ كېلىشتى.

ئۇلار ئۇسساپ چاڭقىغان، ھېرىپ مادارىدىن كەتكەن ھالدا ئۆزلىرىلا يېتىپ كەلدى، تۆگىلەر يېتىشىلىپ زادىلا قوپقىلى ئۇنىمىغاچقا، ئۇلارنى تاشلىۋېتىشكە مەجبۇر بولدۇق. شۇنداقتىمۇ مەن كۈننىڭ ناھايىتى كەچ بولۇپ كەتكەنلىكىگە قارىماي، ئۇ تۆگىلەرنى كۆرۈپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتىم. كەچقۇرۇنلۇقى ھاۋا سالقىنلاپ قالغاندىن كېيىن، ئۇ تۆگىلەرمۇ سەل ماغدۇرىغا كېلىپ، يېرىم كېچە بولغاندا بارگاھقا يېتىپ كەلدى.

ئالاھىدە ئېيتىپ ئۆتىدىغان گەپ شۇكى، بۇ ئېكسپېدىتسىيە كارۋىنىمىز جەم بولغان ئەڭ ئاخىرقى ئاخشام ئىدى.

# 10 . چاڭقىغاندا قۇدۇق كولاش

قونالغۇ قىلىدىغان جايغا يېتىپ بارغىنىمىزدا، ھېچكىمنىڭ چىدىر تىككۇدەك مادارى قالمىغانىدى. ئامالسىز ئۇچۇقچىلىقتىلا يېتىشقا مەجبۇر بولدۇق.

كەچ سائەت ئالتىلەردە، تۇساتتىن «قۇدۇق كولاپ بېقىشىمىز كېرەك!» دېگەن خىيالغا كەلدىم.

ئىسلامباي بىلەن قاسىمئاخۇن پىكرىمگە دەرھال قوشۇلدى. ئىسلامباي كەچلىك غىزا تەييارلاشقا، قاسىمئاخۇن قۇدۇق كولاشقا كىرىشتى. قاسىمئاخۇن يەڭلىرىنى تۈرۈپ، ئالقىنىغا تۈكۈردى ــ دە، غەيرەت بىلەن كولاشقا باشلىدى. ئۈچ پىچىم (ئۈچ گەز) چوڭقۇرلۇقتا قۇرۇق قاتتىق سېغىزلىق يەرنى كولاشقا باشلىدى. بىردەمدىن كېيىن مۇھەممەد شاھ بىلەن «يولچى» مۇ كەلدى، ئۇلارمۇ ئىشقا تۇتۇش قىلدى. «يولچى» نىڭ كۈن بويى تەرى ئېچىلمىدى، مەنمۇ ئۇنىڭ سۆرۈن تەلەتىگە ئامال بار قارىمايتتىم. ئۇ ئىشلەۋېتىپ، بۇ تىرىشچانلىقىمىزنى قۇرۇق ئاۋارە بولغانلىق دەپ زاڭلىق قىلاتتى يەر ئاستىدا سۇ بارلىقى بار، بىراق 30 مېتىر چوڭقۇرلۇقتا دەيتتى. بىراق، بىر مېتىرچە كولىغاندا، قۇم ئارىلاش نەم سېغىز توپا چىققانلىقىنى كۆرۈپ خىجالەتچىلىكتە قالدى ــ دە، كۈچەپ كولاشقا باشلىدى.

كەچلىك غىزادىن كېيىن بەشىلىمىز تولۇق ھەرىكەتكە كەلدۇق. ئۇزاققا قالماي خېلى چوڭقۇر كولىدۇق، كولاپ چىقىرىلغان قۇم قۇدۇق ئېغىزى ئەتراپىغا توپلىنىپ ئېگىزلا بولۇپ كەتتى، بىر ئادەم كولىسا، قالغىنىمىز چىقىرىلغان قۇمنى يىراققا ئېتىپ يەر بوشىتىپ تۇردۇق. دەسلەپ ئىش باشلىغاندا ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 28.6 گرادۇس، يەر يۈزى تېمپېراتۇرىسى 26.8 گرادۇس ئىدى. 1 مېتىر چوڭقۇر يەردىكى قۇم ئارىلاش سېغىز توپىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 16 گرادۇس، 1.5 مېتىر چوڭقۇر يەردىكىنىڭ 12

گرادۇس بولۇپ چىقتى. كولاپ چىقىرىلغان قۇمنىڭ ئۈستىدە يېتىۋېلىش بىرخىل راھەت بولۇپ، پۈتۈن بەدەن سالقىنلاپ قالاتتى. باكتىنكى سۇنىڭ ھارارىتى 29 گرادۇسقا يەتكەنىدى، ئۇنى سۇدانغا قۇيۇپ قۇمغا كۆمۈپ قويساق، ئۇزاق ئۆتمەي ھەم يېڭى، ھەم مۇزدەك سۇ بولۇپ قالاتتى.

كولانغان يەردىن بارغانسېرى نەم قۇم چىقىشقا باشلىدى، 2 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىن چىققان قۇمنى ئالىقاندا مۇجىغاندا كاللەكلىنەتتى، بىز ئۇنى ئۆتتەك قىزىپ تۇرغان چېكىمىزگە باساتتۇق.

شۇ تەرىقىدە بىرنەچچە سائەت ئۆتۈپ كەتتى. كىشىلەر چارچىغانىدى، چىقىۋاتقان مونچاق ـ مونچاق تەر ئۇلارنىڭ يالىڭاچ دۈمبىسىگە تاراملاپ ئاقاتتى. ئىشىمىز پات ـ پات توختاپ قالاتتى. شۇ كۈنى كەچتە سۇنى قانغۇدەك ئىچتۇق، چۈنكى قۇدۇقتىن چىققان سۇ قۇرۇق باكلارنى توشقۇزۇۋېلىشقا يېتەتتى.

قاراڭغۇ چۈشكەندە، قۇدۇق دىۋارىدىن كىچىك تۆشۈك كولاپ ئىككى كىرسىن چىراغ ياقتۇق، جانىۋارلارمۇ تەبىئىي خۇسۇسىيىتى قوزغىلىپ قۇدۇق ئەتراپىغا ئولاشتى. تۆگىلەر بويۇنلىرىنى سوزۇپ سالقىن، نەم قۇمنى پۇرايتتى، «يولداش» ئاتلىق ئىت قۇم ئۈستىدە سۇنايلىنىپ ياتاتتى. مېكىيانلارمۇ يۈگۈرۈپ كېلىپ قاراپ تۇرۇشاتتى.

ھېرىپ كەتكەن ھالەتتىمۇ ھېچكىمنىڭ ئىشنى توختاتقۇسى كەلمەيتتى. بىز جېنىمىزنىڭ بارىچە كولىدۇق. زۆرۈر تېپىلسا ئەتىمۇ بىر كۈن تۇرۇپ يەنە كولايتتۇق، چۈنكى بىزگە سۇ كېرەك ئىدى. تۆتىمىز قۇدۇق ئەتراپىدا چۆرىدەپ تۇراتتۇق، بىر تەرەپتىن ئىشلىسەك، بىر تەرەپتىن قاسىمئاخۇنغا قارايتتۇق، ئۇ چوڭقۇر قۇدۇق تېگىنى كولاۋاتاتتى. يالىڭاچ بولغاچقا، ئاجىز چىراغ نۇرىدا بەئەينى بىر ئەرۋاھقا ئوخشايتتى.

توساتتىن قاسىمئاخۇن توختاپ قالدى، قولىدىكى گۈرجەكنى تاشلىدى ـ دە، ھالسىز ۋارقىرىۋەتتى ۋە قەددىنى ئاران ـ ئارا رۇسلىدى. «نېمە بولدى؟ نېمە ئىش بولدى؟» ھەممەيلەن قورقۇپ كەتتۇق ۋە تەڭلا ۋارقىرىدۇق.

«قۇم، قۇپقۇرۇق قۇم!» قۇدۇق تېگىدىن شۇنداق سادا چىقتى. يەنە

ئازراق كولاپ كۆرۈۋېدۇق، ئەھۋال ئايان بولدى. 3.13 مېتىر چوڭقۇرلۇقـتىكى يەردىن توساتتىن خۇددى كۆلگە ئوخشاش قۇيقۇرۇق قۇم چىقتى. باياتىنقى ئادەم ئالدايدىغان نەملىك ئېھتىمال قىشتىكى يىغىلما قار ياكى مەلۇم قېتىملىق يامغۇر پەيدا قىلغان ساختا ئالامەت بولسا كېرەك.

شۇنداق قىلىپ، بىزنىڭ ئۈچ سائەت سەرپ قىلغان قىممەتلىك جىسمانىي كۈچىمىز بىكارغا كەتتى. نەقەدەر چارچاپ كەتكەنلىكىمىز ئەمدى بىلىندى، ئۆزىمىزنى باشقۇرالماي ئىختىيارسىز يىقىلدۇق، چىرايىمىزدىن چەكسىز ئازابلىق كەيپىيات چىقىپ تۇراتتى. ھېچقايسىمىز بىر ـ بىرىمىزنىڭ چىرايىغا قاراشقا پېتىنالماي، قاتتىق بىر پېتىۋالساق، بۇ قورقۇنچلۇق ھالەتنى ئۇنتۇپ كېتەرمىز دەپ، سەنتۇرۇلۇپ ـ دەلدۈگۈنۈپ ئورنىمىزغا قايتىشتۇق.

پېتىشتىن ئاۋۋال ئىسلامباي بىلەن ئۆزىمىزنىڭ قاباھەتلىك ئەھۋالىمىز ئۈستىدە سۆزلەشتۇق.

خەرىتىدىن قارىغاندا، بۇ يەردىن خوتەن دەرياسىغىچە بولغان ئارىلىق ئانچە ئۇزاق بولماسلىقى كېرەك ئىدى، شۇنداقتىمۇ بىزدە ئەڭ خەتەرلىك ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى ئۈستىدە روھىي تەييارلىق بولمىسا بولمايتتى. ئاخىرقى باكتا يەنە بىر كۈنلۈك سۇ قالغانىدى، تېجەپ ئىشلەتسەك، ھېچبولمىغاندا ئۈچ كۈنگە يەتكۈزگىلى بولاتتى. ھەربىر كىشىگە ئىككى كۇرۇشكىدىن سۇ تەقسىملەپ بېرىدىغان، ھايۋانلارنى سۇ ئىچمىسىمۇ بەرداشلىق بېرەلەمدۇ ـ يوق؟ سىناپ باقىدىغان بولدۇق. بىردەم پاراڭلاشقاندىن كېيىن، بىزمۇ ئۇيقۇغا كەتتۇق. قۇربانلىق قويغا ئوخشاش ياۋاش، سەۋرچان تۆگىلەر شۇ تاپتا قۇدۇق يېنىدا مىدىر ـ سىدىر قىلماي تاپتەك ياتاتتى.

## 11. دەسلەپكى قۇربانلىق

دەماللىققا ئىشلىتىلمەيدىغانلىكى نەرسلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەتىسى سەھەردە (4 ــ ئاينىڭ 27 ــ كۈنى) قونالغۇدا قالدۇرۇپ قويدۇق. بىر چومدىكى چۆپنى تۆگىلەرگە يىگۈزدۇق، ئۇلار ئىشتىھا بىلەن يەپ بولغاندىن كېيىن، سۇ ئىزدەپ باشلىرىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا قارىدى، شۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە تېمىمدىن سۇ قۇيۇپ، ئۇلارنىڭ كالپۇكلىرىنى نەمدىدۇق.

ئەتراپتىكى بارخانلار ئىلگىرىكىلەردىن پەسرەك بولۇپ، 10 مېتىرچە كېلەتتى، بىراق بىر سائەتچە ماڭغاندىن كېيىن يەنە چېكى يوق چوڭ بارخانلىق ئىچىگە كىرىپ قالدىم. ئۇلار شەرقتىن غەربكە قاراپ جايلاشقانىدى. ھاياتلىقتىن قىلچە ئەسەر يوق ئىدى، كۆز يېتىدىغان دائىرە ئىچىدە بىر تۈپمۇ يۇلغۇن كۆرۈنمەيتتى. ھەربىر بارخانغا چىققىنىمدا، يىراق شەرقتىكى ئۇپۇق سىزىقىدا خوتەن دەرياسى بويىدىكى ئورمانلىقنىڭ غۇۋا سىماسىنى كۆرۈپ قېلىش ئۈمىدىدە، دۇربۇن بىلەن زېمىن چېتىگە كۆز سالاتتىم، بىراق ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى.

قۇم بىلدە كېتىۋېتىپ يەردە ئوتنىڭ يىلتىزىغا ئوخشايدىغان بىر نەرسىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. ئېگىشىپ ئۇنى قولۇمغا ئالماقچى بولۇۋىدىم، توساتتىن مىدىرلىدى ــ دە، قېچىپ كەتتى. قارىسام رەڭگى قۇمغىلا ئوخشايدىغان بىر كەسلەنچۈك ئىدى. ئۇ بارخان ئاستىدىكى بىر تۆشۈككە كىرىپ كەتتى. ئۇ نېمىگە تايىنىپ ياشايدىغاندۇ؟ بىر تامچىمۇ سۇغا ئېھتىياجلىق بولۇپ باقمىغانمىدۇ؟

ئۈچ يېرىم سائەتتىن كېيىن كارۋان ماڭا يېتىشىپ كەلدى. بۇ كۈنى يولنى ئوبدانلا ماڭدۇق، چۈنكى ھاۋا ئانچە ئىسسىق بولمىدى، ئاسماننى نېپىز بۇلۇت قاپلىغانىدى. مۇھەممەد شاھ بىلەن ساقسىز ئىككى تۆگىلا ئارقىدا قالدى.

بىرنەچچە ياۋا غاز ئۈستىمىزدىكى ئاسماندىن غەربىي شىمال تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپ كەتتى.

شۇ دەقىقىدە، شىمالغا قايتقان بۇ پەسىل قۇشى بىزدە يەنە ئالىقاندەك ئۈمىد قوزغىدى. ئۇلار خوتەن دەرياسى بويىدىن بىز ھاردۇق ئالغان ھېلىقى تاغ باغرىدىكى كۆلگە قاراپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان بولمىسۇن يەنە؟ بىراق، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز ئالدايدىغان بۇ ئۈمىد بىردەمدىلا بەربات بولدى. چۈنكى، ياۋا غازلارنىڭ شۇنداق ئېگىز ئۇچقانلىقىدىن قارىغاندا، ئۇلار جەزمەن ناھايىتى يىراقتىن كەلگەنىدى. 300 كىلومېتىر كەڭلىكتىكى قۇملۇقتىن ئۇچۇپ ئۆتۈش ئۇلار ئۈچۈن ھېچقانچە ئىش ئەمەس، ئۇلار ئۈچۈن يەرگە قونۇپ ھاردۇق ئېلىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى.

شۇ كۈنىدىكى بارخانلارنىڭ ئېگىزلىكى يۇقىرى پەللىگە يەتتى. مەن بارخاننىڭ تىك بېلىدىن قوزغىلىپ خېلى يىراق يەرگە بېرىپ قارىسام، كارۋان بارخان تۆپىسىدە كېتىۋېتىپتۇ، زىچ شكالا ئويۇلغان قېرىنداشنى كۆزۈمگە توغرىلاپ تۇرۇپ ئۆلچەپ بېقىۋېدىم، بارخاننىڭ ئېگىزلىكى 60 مېتىر چىقتى. مەن شۇ يول بىلەن ئۇ بارخاننىڭ قانچە تۆگىنىڭ ئېگىزلىكىگە تەڭ كېلىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلالايتتىم، بارخان بىلەن سېلىشتۇرغاندا تۆگە-لەر شۇ قەدەر كىچىك ئىدىكى، كۆزگە كۆرۈنمەيلا قالاتتى.

«يولداش» سۇ باكىدىن نېرى كەتمەي قاۋايتتى، ئىگرايتتى، ھەر قېتىم ئارسالدى بولۇپ، بىرنەچچە مىنۇت توختاپ قالغىنىمىزدا، ئۇ كۈچە-نىڭ بارىچە قاۋاپ كېتەتتى، تۇرۇپ قاۋاپ، تۇرۇپ ئىگرايتتى، بىزگە قۇدۇق كولاش تەكلىپىنى بېرىۋاتقاندەك قىلىپ، پەنجىلىرى بىلەن قۇمنى كولايت-تى. ھەربىر ھاردۇق ئالغىنىمدا، كۆزۈمگە تىكىلىپ قارىغىنىچە يېنىمدا نەچچە مىنۇتلاپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. گويا مەندىن يەنە ئۈمىد بارمۇ؟ دەپ سوراۋاتقاندەك قىلاتتى. مەن ئۇنىڭ دۇمبىسىنى سىلاپ تۇرۇپ، نەدە سۇ بارلىقىنى بىلسۇن دەپ، ئۇنىڭغا شەرق تەرەپنى كۆرسىتەتتىم، ئۇ قۇيرۇقىنى دىڭگايتىپ شۇ تەرەپكە چېپىپ كېتەتتى، بىراق ئۇزاق ئۆتمەي ئۈمىدىنى يوقىتىپ سالپايغىنىچە يېنىمغا قايتىپ كېلەتتى.

كارۋان بىر بارخان ئۈستىدە ئۇزاق دەم ئالدى، ئىسلامباي ئالدىمىزدى-

كى يەر شەكلىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن بارخانىنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسىغا چىقىشقا دەۋەت قىلدى. بارخانلار ئارىسىدىن ئوڭايراق ئۆتەلىگۈدەك بىرەرمۇ يوچۇق تاپالمىدۇق، ھەممىلا يەر گويا بىردىنلا قېتىپ قالغان ئۆركەشلىك دېڭىز دولقۇنلىرىغا ئوخشايتتى.

باشقا تاللاش يولى يوق ئىدى. تاكى تۆگىلەر ماغدۇرسىز بولۇپ قالغانغا قەدەر داۋاملىق ئالغا مېڭىش قارارىغا كەلدۇق. كەچ سائەت ئالتىگە كەلگەندە تۆگىلەر راستتىنلا ماغدۇرسىز قالدى.

15 ـ نومۇرلۇق بارگاھىمىزنى قۇرۇپ بولغاندا مۇھەممەد شاھ يېتىپ كەلدى. ھېلىقى ساقىسىز ئىككى تۆگە ئەتىگەندىلا ئورنىدىن تۇرالماپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى تاشلاپ قويۇپ ئۆزى يالغۇز كېلىشكە مەجبۇر بوپتۇ. ئۇ بوۋاي گۇگۇم چۈشكۈچە سۇ تاپالىساق، ئۇ ئىككى تۆگىنىمۇ قۇتقۇزۇۋال-غىلى بولىدۇ دېدى.

بۇ خەۋەردىن تولىمۇ ئازابلاندىم، ئەگەر مەن شۇ يەردە بولغىنىمدا، ئۇلارنى چوقۇم ئۆلتۈرگۈزۈۋېتەتتىم، ئەمدى ئۇلار ئىنتايىن ئازابلىنىپ ئاستا ـ ئاستا ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدى. بۇ بىچارە جانىۋارلار ھاياتىنى قۇربان قىلدى، بۇ پاجىئەلىك مېنىڭ سەۋەنلىكىم، مەن ئېكسپېدىتسىيە كارۋىنىمنىڭ ئەزالىرى — ئادەملەر ۋە ھايۋانلار ئۇچرىغان جەبىر ـ جاپالارنىڭ جاۋابكار-لىقىنى ئۆزۈم يالغۇز ئۈستۈمگە ئېلىشىم كېرەك. ئېھتىمال، مۇھەممەد شاھ ئايرىلغان چاغدا، يەردە ياتقان «باباي» — ھېلىقى قارا تۆگە سەنتۈرۈلۈپ، تىترەپ ـ تىرمىشىپ ئورنىدىن تۇرغان، بۇرۇنلىرىنى كېرىپ، نۇرسىز كۆزلىرىنى ئېچىپ، ئاستا ـ ئاستا غايىب بولۇپ كېتىۋاتقان كارۋاننىڭ ئارقىسىدىن ھەسرەت ئىچىدە زوقلىنىپ قاراپ قالغان بولۇشى مۇمكىن.

بۇ تەسىراتنى ئۇزاققىچە خىيالىمدىن چىقىرىۋېتەلمىدىم. مەن ئىختى-يارسىز تەسەۋۋۇر قىلاتتىم: ئۇ بىچارە جانىۋار كارۋان كۆزىدىن غايىب بولغاندىن كېيىن، ئاستا ـ ئاستا كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئۆزىگە ھەمدەرد بولۇۋاتقان ھەمراھىغا قارىدى ۋە ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ياتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلار كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ، يوغان بۇرۇنلىرىنى كېرىپ ئېغىر ـ ئېغىر تىنغىنىچە بويۇنلىرىنى ئۇزۇن سوزۇپ ياتتى. زادىلا بەرداش-

لىق بىرەلمەي قالغاندا، پۈتلىرىنى تۈپتۈز سوزۇپ يېنىچە سۇنايلىنىپ ياتتى. تومۇرلىرىدىكى قان بارغانسېرى قويۇلۇپ، ئىقشى ئاستىلىدى، بەدىنى قېتىشقا باشلىدى، تىنىق ئارىلىقى بارا ـ بارا ئۇزاردى.



قۇملۇقنىڭ ھالاكەت رايونىدا ئۇسسۇزلۇقتىن
ئۆلگەن «چۆل كېمىلىرى»

ئۇنىڭدىن كېيىن ھەممە ئىش تۈگىدى. «باباي» جەزمەن ئاۋۋال ئۆلىدۇ، چۈنكى ئۇ ھەممىدىن ئاجىز ئىدى. بىراق، بۇنداق جان تالىشىش قانچىلىك ۋاقىت داۋاملاشقاندۇ؟ ئادەمنى بىئارام قىلىدىغان بۇ خىيال كۆڭلۈمنى ئۇزاق ۋاقىتلاردىن كېيىنمۇ پاراكەندە قىلىپ تۇردى، مەن ئۇلار يەنە بىرنەچچە كۈن ياشىيالىغان بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلىدىم. بىراق، ئەتىسى چىققان بوران ئۇلارنى ئاخىر قۇم بىلەن كۆمۈۋەتكەنىدى.

## 12. قۇملۇقتا قارا بوران

گۇگۇم ۋاقتىغا يېقىنلاشقاندا، غەرب تەرەپتە قويۇق بۇلۇت پەيدا بولدى. تۆمۈر رەڭدىكى ئۇ بۇلۇت قاتلىمى قاتتىق يامغۇر ياغىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرەتتى. بۇلۇت ئەتراپقا كېڭەيدى ۋە تېخىمۇ قويۇقلاشتى، غەرب تەرەپكە قاراپ روھسىز كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. قۇرۇق باكلارنىڭ ئېغىزلىرىنى ئېچىپ قويدۇق، بىرزىنتنىمۇ تۈز يەرگە يايدۇق ۋە ھەممىمىز ئۈنىڭ تۆت بۇرجىكىدىن تۇتۇپ ئۆرە تۇردۇق. كۈتتۇق، يەنە كۈتتۇق، بىراق بۇلۇت قېرىشقاندەك ئاستا ـ ئاستا جەنۇب تەرەپكە سۈرۈلۈپ كەتتى، تەگرى بىزگە بىر تېمىممۇ سۇ ئاتا قىلمىدى.

مۇھەممەد شاھ بىزنى چوقۇم شەيتان ئازدۇردى، بۇ قۇملۇقتىن مەڭگۈ چىقىپ كېتەلمەيدىغان بولدۇق دەپ كېسىپ ئېيتتى. ئىسلامباي بۇ گەپكە ئېرەن قىلماي ئاۋۋال تۆگىلەر بىر ـ بىرلەپ ئۆلۈپ كېتىدۇ، ئاندىن نۆۋەت بىزگە كېلىدۇ. بۇ — دۇنيادىكى ئەڭ تەبىئىي ئىش دېدى.

«يولچى» قولۇمدىكى كومپاسنى مەسخىرە قىلىپ، مۇشۇ نەرسە بىزنى ئالداپ تۇيۇق يولغا كىرگۈزۈپ قويدى دېدى. ئۇ يەنە ھەرقانچە ماڭغىنىمىز بىلەنمۇ بىكار، قۇرۇق ئاۋارىچىلىك. ياخشىسى ئەمدى جان قىيناشمايلى، بەربىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلىمىز دېدى. مەن كومپاستا گەپ يوق، بىز ئىزچىل شەرققە قاراپ مېڭىپ كېلىۋاتىمىز، قۇياشنىڭ ئورنىمۇ بۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ دەپ، ئۇنى قايىل قىلىشقا كۆچىسەممۇ، ئۇ بۇ گەپلىرىمگە پەرۋا قىلمىدى. ئۇ چاڭ تۇمانلىرى ۋە جىن ـ شاياتۇنلار ئادەمنى ھەتتا قۇياشقىمۇ ئىشىنىشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان قىلىپ قويىدۇ دەپ قارايتتى.

4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، شەرقىي شىمال تەرەپتىن كەلگەن شىددەتلىك بوراندىن ئويغىنىپ كەتتۇق. ھېلىدىن ـ ھېلىغا چېدىرغا

بۆسۇپ كىرگەن قۇم ـ توزان دەستىدىن ئۇدۇلدىكى ئادەمنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى. سارغۇچ كۈل رەڭ قۇم ئارىلاش بوران بارخانغا شىددەت بىلەن ئۇرۇلاتتى، ئاندىن ئۆزى بىلەن بىر يۆنىلىشتىكى ياتقۇلۇقتىن پەسكە سوقاتتى. مەن جۇۋىغا چىڭ ئورىلىپ، شەپكىنى چۆكۈرۈپ كىيىپ، ئۇچۇقچىلىقتا يېتىۋالدىم، بوران مېنى قۇمغا كۆمۈۋەتكىلى تاس قالدى. بۇ مۇشۇ قېتىملىق سەپىرىمىزدە دۇچ كەلگەن ئەڭ شىددەتلىك قارا بوران ئىدى، بۇنداق قارا بوران كۈندۈزنى كېچىگە ئايلاندۇرۇۋېتەتتى.



يامغۇر سۈيى يىغىش ئۈچۈن بىرزېنتنى يېيىپ تۇتۇپ تۇرۇش چارىسى بىكار كەتتى

بۇنداق ھاۋارايى شارائىتىدا، بورانغا قارشى مېڭىش ئادەتتىن تاشقىرى قىيىن ئىدى، چۈنكى ئەتراپنى زادىلا كۆرەلمەيتتۇق. بىراق، ھاۋا سالقىن ئىدى، بوراندا ئۇسسۇزلۇقنى ۋاقتىچە ئۇنتۇدۇق.

بۇگۈن قوشۇنىمىزنىڭ ئايرىلماي بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىشى تولىمۇ زۆرۈر ئىدى. مەن ئەمدى ئۆزۈم يالغۇز ئالدىدا ماڭالمايتتىم، ئىزلىرىم دەرھال

يوقىلىپ كېتەتتى. قوشۇن بىلەن ئالاقە ئۈزۈلۈپ قالىدىغان بولسا، ۋارقىرىغان، مىلتىق ئاتقان بىلەنمۇ ھوشقىرىتىپ، گۆركىرەپ چىقىۋاتقان بوراندا قىلچىمۇ كار قىلمايتتى، ئۇنداق ۋاقىتتا قوشۇندىن ئايرىلغان ئادەم جېنىدىن مۇقەررەر جۇدا بولاتتى. بوراندا ئەڭ يېقىندىكى تۆگىنىلا كۆرگىلى بولاتتى، سەللا يىراقتىكىلەر بولسا قارا بوران پەردىسى ئىچىدە غايىب بولاتتى.

بوران چىققاندا، ئۇنىڭغا ئارىلاشقان سانسىزلىغان قۇم دانىچىلىرى ئاللىقانداق ئاجايىپ - غارايىپ ئاۋازلارنى چىقىراتتى، بۇ ئاۋاز قەدىمكى زاماندا ماركو پولودا بىر خىل خىيالىي تەسەۋۋۇر قوزغىغانىدى. ئۇ قۇملۇقتىكى ۋەھىمىنى مۇنداق دەپ تەسۋىرلىگەنىدى: «كۈندۈزدە كىشىلەر جىن - شاياتۇنلارنىڭ سۆزلەشكەن ئاۋازلىرىنىمۇ ئاڭلىيالايدىكەن، بەزىدە سانسىزلىغان چالغۇ - ئەسۋابلىرىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا چېلىنىۋاتقا ئاۋازىنى ئاڭلىيالايدىكەن، پات - پات دۇمباق ئاۋازىمۇ ئاڭلىنىپ تۇرىدىكەن. شۇڭا، بۇنداق يەردە سەپەر قىلغۇچىلار بىر - بىرىگە يېقىن مېڭىشى، ھايۋانلارنىڭ بوينىغىمۇ قوڭغۇراق ئېسىپ قويۇشى كېرەك ئىكەن، بولمىسا ئوڭايلا ئېزىپ قالىدىكەن، ئاخشىمى قونغان چاغدا، ئەتىسىدىكى يۆنىلىشنى بەلگىلەش ئۈچۈن بىر بەلگە تۇرغۇزۇپ قويۇش شەرت ئىكەن.»

كۈن چۈش بولدى، جاھاننىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن كۈننى كۆرگىلى بولمايتتى. كۆز ئالدىمىزدا سارغۇچ قىزىل رەڭدىن كۈل رەڭگە ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ئاللىقانداق غۇۋا يورۇقلۇقلا نامايان بولاتتى. بوران يۈزىمىزگە ئۇدۇل ئۇرۇلغاندا ئورنىمىزدا توختىۋالمىساق تۈنجۇقۇپ قالاتتۇق. ئۇنداق چاغدا تۆگىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇۋالاتتۇق، تۆگىلەرمۇ بوران تەرەپكە قىلىپ، بوينىنى ئۇزۇن سوزۇپ يەرگە چاپلىغىنىچە يېتىۋالاتتى.

ھېلىقى تايلاق بولالماي قالدى. ئۇ سەنتۈرۈلۈپ - سەنتۈرۈلۈپ ماڭاتتى، پۇتلىرى دىر - دىر تىترەيتتى، كۆزلىرى نۇرى قاچقان خىرە ئەينەككە ئوخشايتتى، ئاستى كالپۇكى ساڭگىلاپ، بۇرۇن تۆشۈكلىرى كېرىلىپ كەتكەنىدى. «يولچى» ئۇنى يېتەكلەپ كەينىمىزدىن كېلىۋاتاتتى.

www.uyghurkitap.com



تەكلىماكاننى قاپلىغان قارا بوراندا بارگاھ تىكىش

بىز بىر بارخاندىن ھالقىپ ئۆتۈش ئۈچۈن بىر ــ بىرىمىز مەدەت بېرىشەتتۇق، بارخان ئۈستىدە بوران ھەسسىلەپ شىددەتلىك ئىدى، ئۇ شەرق تەرەپتىكى يەنە بىر بارخانغا قاراپ شىددەت بىلەن سوقاتتى، ئۇ يەردىكى قۇملۇقنىڭ بىر قىسمى تۈز ئىدى. شۇ چاغدا «يولچى» بىزدىن ئايرىلىپ قالماي دەپ، ئىتتىك مېڭىپ يېتىشىپ كەلدى. تايلاق بارخاندىن ئەمدى ئاشالمايتتى، ئۇ بارخان ئالدىدا يىقىلدى ــ دە، يېنىچە يېتىپ قالدى، ھەرقانچە قىلىپمۇ قوپالمىدى.

ئۇنىڭ ئۆلۈك ــ تىرىكلىكىنى كۆرۈپ كېلىشكە يەنە ئىككى ئادەم ئەۋەتتىم. ئۇلار قۇم تۇمانلىرى ئارىسىدا بىرنەچچە مىنۇت غايىب بولغاندىن كېيىن ئۇزاققا قالماي قايتىپ كەلدى. ئۇلار ماڭغان ئىزنى كۆرەلمىگەندىن كېيىن، بىزدىن يىراقلاپ كېتىشكە جۈرئەت قىلالمىغانىدى. شۇنداق قىلىپ، ئېكسپېدىتسىيە كارۋىنىمىزنىڭ ئۈچىنچى تۆگىسى بوراندا ئۆلۈپ كەتتى. مەن بۇ يوقىتىشقا ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمىدىم. ھازىرقى مۇھىم ئىش ئۆزىمىزنىڭ جېنىنى قۇتقۇزۇش ئىدى. ئەتىسى يولغا چىققاندا، ھەربىر كىشىنىڭ كاللىسىدا قۇربانلىق نۆۋىتى ئەمدى قايسىمىزغا كېلەر؟ دېگەن ئوي بار ئىدى.

# 13. ئاخىرقى ئىككى كۆرۈشكا سۇ

بۇ كۈنى كارۋان 20.6 كىلومېتىر يول بېسىپ توختىدى. يۈك ــ تاقلارنى قايتا ــ قايتا تەكشۈرۈپ چىقتۇق، ئەمدى ئىشلەتمىسەكمۇ بولىدىغان نەرسىلەرنى تۈگەل قالدۇرۇپ قويىدىغان بولدۇق.

ھەتتا ئۈچ ئايغا يېتىدىغان ئاشلىقنىمۇ پۇتۇنلەي تاشلاشقا مەجبۇر بولدۇق، جوۋا، ئەدىيال، ياستۇق، كىتاب، كىرسىن ئــوچاق، كىرسىن ئوچاق، قازان ــ چۆمۈچ، قاچا ــ قۇچا قاتارلىقلارنىمۇ ئىخچاملىدۇق، تاشلايدىغان نەرسىلەرنى ئىككى تېڭىق قىلىپ، ئىككى بارخان ئارىسىغا قويۇپ، ئەدىيال بىلەن يېپىپ قويدۇق. يىراقتىن قارىسا بۇ نەرسىلەرنى كۆرگىلى بولىدىغان بارخان ئۈستىگە بىر تال ياغاچ قاداپ، ئۇنىڭغا بىر پارچە شۋېتسىيە گېزىتىنى بايراق قىلىپ چىگىپ قويدۇق.

سۇ تېپىۋالساقلا قايتىپ كېلىپ بۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ كېتەتتۇق. شۇ ئاخشىمى ئوخشاش مەقسەتتە، بىر ياغاچ ساندۇقنىڭ قاپقىقىنى يېرىپ 20 تالغا ئايرىدۇق، ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە بىر پارچىدىن گېزىت چىگىپ، بېسىپ ئۆتكەن بارخانلارغا قاداپ ماڭماقچى بولدۇق، ئۇلار دېڭىز يولىنى كۆرسىتىپ تۇرىدىغان لەيلىمە بەلگىگە ئوخشايتتى. پۇراقلىق موگۇ، راك، ساردىن بېلىقىغا ئوخشاش سۇ تەركىبلىك كونسېرۋا يېمەكلىكلىرىنى تۆگىچىلەرگە بۆلۈپ بەردىم، ئۇلار بۇ مەززىلىك يېمەكلىكلەرنىڭ مۇتلەق ھالال ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ئاندىن يېيىشتى.

پەقەت ئىككى لىترلا سۇ قالغانىدى، ئۇنى ئىككى سۇدانىغا قاچىلىدۇق، ئاخىرقى قۇرۇق باكنى سۇ تېپىپ قالساق ئىشلىتەرمىز دەپ ئېلىۋالماقچى بولدۇق. تۆگىلەر يەنە بىر چومدىكى چۆپنى يېدى، بىراق ئۇلار زورىغا يەيتتى، چۈنكى گاللىرى قۇرۇپ كەتكەچكە تەستە يۇتاتتى. مەن ئاخىرقى قېتىم چاي ئىچتىم. سۇ تەركىبى بارلىكى كونسېرۋا يېمەكلىكلىرىنى ئامال

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بار يېنىمدىن ئايرىمىدىم.
ئەتىسى ئەتىگەندە قۇياش كۆتۈرۈلدى، ھايات قالغان بەش تۆگىنى يېتەكلەپ يولغا چىقماقچى بولغاندا، بىر سۇدانىنىڭ قوپقۇرۇقلۇقىنى بايقىدۇق. ئۇنى «يولچى» ئىچىپ بوپتۇ دەپ گۇمان قىلدۇق. چۈنكى، ئۇ كېچىدە نېمىنىدۇر ئىزدىگەندەك تىمىسقىلىغانىدى، بىراق ئىسپات تاپالمىدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ بەك غەمكىن ئىدى ۋە ئالدىمغا كېلىپ مەيدەم بىلەن قورسىقىم ئاغرىپ كېلىۋاتىدۇ دەپ ئېيتتى. باشتا ئۇنى مۇغەمبەرلىك قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلىدىم، كېيىن ئامال بولمىغاندا ئاغرىقىنى بېسىش ئۈچۈن ئۆزۈمگە تېگىشلىك سۇنىڭ يېرىمىنى ئۇنىڭغا بەردىم. كېيىن ئۇنى كۈن بويى كۆرمىدىم، ئەتىسى سەھەردە ئۇ كارۋان ئارىسىدا يەنە پەيدا بولۇپ قالدى.
بارخانلار ئاز ــ تولا پەسلەپ قالغاندەك ئىدى، بىراق ئۇلار شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ جايلاشقان بولۇپ، تىك تەرىپى غەربكە قارايتتى، بۇ ھال مېڭىشىمىزغا بارغانسېرى قىيىنچىلىق تۇغدۇراتتى. ئىچكىرى قۇملۇقتا مېڭىشىمىز تولىمۇ ئاستا ئىدى، كولدۇرما ئاۋازىنىڭ رىتىمى بارغانسېرى ئۈزىراپ كېتىۋاتاتتى. تۆگىلەرنىڭ ھالى ناھايىتى خاراب ئىدى، ئۇلار ئەمدى ئاساسەن ئۆزىنىڭ يېغىنى سەرپ قىلىۋاتاتتى، ئورۇقلاپ كەتكەنلىكىدىن قوۋۇرغىلىرى تال ــ تال كۆرۈنۈپ تۇراتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ يۈرۈشى بۇرۇنقىدەكلا ھەيۋەتلىك ئىدى.
ھاۋا تولىمۇ جىمجىت، ئەمما چاڭ ــ توزانلىق ئىدى، ئۇنىڭ نەملىك دەرىجىسى قىلچىمۇ ئاشمىدى. ئاخىرقى كۈنلەردە سالقىن بولۇپ بەرمەي، دۈچ كەلگەن بەختسىزلىكلىرىمىز ئۈستىگە كۈنمۇ ئىسسىپ كەتكەن بولسا، ھەممىمىز ئاللىقاچان جېنىمىزدىن ئايرىلغان بولاتتۇق.
12 يېرىم سائەتتە 27 كىلومېتىر يول باستۇق. كېيىن يىگىۋاشتىن بارگاھ تىكتۇق. شەرقتىكى ئۇپۇق سىزىقىدا پايانسىز كەتكەن بارخانلار دېڭىزى ياتاتتى، قۇمدىن باشقا كۆپرەك قارىۋالغۇدەك ھېچ نەرسە يوق ئىدى.
4 ــ ئاينىڭ 30 ــ كۈنى كېچىدە تېمپېراتۇرا بەش گرادۇسقا چۈشۈپ قالدى، سەھەردە مۇزلىغانلىقىمىزنى ھېس قىلدۇق. ھاۋا چاڭ ــ توزانلار

لەيلىشىپ تۇراتتى، بىراق ھاۋا ئوچۇق ئىدى، پارلاپ تۇرغان نۇر قۇياشنىڭ ئورنىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. تۆگىلەر يەنە بىر چومدىكى چۆپنى يېدى ۋە قالغان ياغنى ئىچىپ تۈگەتتى. ئۇلار كېيىنكى مۈشكۈل سەپەرگە ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا بەرداشلىق بېرەلەيدىغاندەك قىلاتتى.

سۇدانىمىزدا يەنە ئىككى كورۇشكا سۇ بار ئىدى. تۆگىلەرگە يۈك ئارتىش بىلەن ئالدىراش بولۇۋاتقىنىمىزدا، ئىسلامباي «يولچى» نىڭ باشقىلارغا ئارقىسىنى قىلىپ تۇرۇپ سۇدانىدىكى سۇنى ئوغرىلىقچە ئىچىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. دەرغەزەپكە كەلگەن ئىسلامباي بىلەن قاسىمئاخۇن ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنى ئۇرۇپ يەرگە باستى، مەن بېرىپ ئارىلاشمىغان بولسام، ئۇلار ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قوياتتى. شۇنداق قىلىپ، بار ـ يوقى ئاران ئالتىدىن بىر لىتىر سۇ قاپتۇ. چۈش مەھەلدە ئازغىنا سۇ بىلەن ھەربىر ئادەمنىڭ كالپۇكىنى نەمدىدىم، قالغان سۇنى كەچتە تەگمۇتەك بۆلدۈم. بۇنىڭدىن كېيىن يەنە قانچىلىك ۋاقىت بـەرداشلـىق بېـرەلەرمىـز؟ بـۇ ھايات ـ ماماتقا ئالاقىدار چوڭ ئىش ئىدى.

.... كولدۇرما يەنە جاراڭلىدى، بىز يەنە شەرققە قاراپ ماڭدۇق. دەسلەپتە بارخانلار 8 مېتىرلا كېلەتتى. بىراق، ئۇزاققا بارماي يەنە قويۇق بارخان ئارىسىغا كىرىپ قالدۇق.

— ئاۋۇ نېمىدۇ؟ بىر سۆڭگۈچ چۇكۇلدىغىنىچە ئۇستىمىزدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ كەتتى. شۇ تاپتا ئىسلامباي قاتتىق ھاياجانلاندى، ئۇ ئامال بار تېز سۇ تېپىش كېلىش ئۈچۈن سۇداننى ئېلىپ شەرققە قاراپ چاپماقچى بولدى، لېكىن ئۇنىمىدىم. مەن ھازىر ئۇنىڭغا تولىمۇ موھتاج ئىدىم، بىز ئايرىلماي بىللە مېڭىشىمىز كېرەك ئىدى.

ئەتىگەندە يولغا چىقىدىغان چاغدا «يولچى» كۆرۈنمىدى. باشقىلار ئۇنى تېخى ئاجىزلاپ كەتكەچكە، يېتىشەلمەي سەپتىن چۈشۈپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ قارايتتى. ئۇلار ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتمايتتى، ئاخىرقى كۆل بويىدا كىشىلەرگە تۆت كۈنلۈك سۇ ئېلىۋالساقلا بولىدۇ دېگەن. تۆت كۈن ئىچىدە بۇلاق تاپالايمىز دەپ ھۆددە قىلغان دەل ئاشۇ ئادەم ئىدى، لېكىن يەنە شۇ ئادەم ھەمراھلىرىنىڭ ئاخىرقى سۇيىنى بۇلاپ ئىچىۋالدى. ئۇلار

بىزنى ئاشۇ ئادەم قەستەن مۇشۇ ھالاكەت رايونىغا باشلاپ كىرگەن، بىز ئۆلۈمدىن قېچىپ قۇتۇلالمايمىز، ئۇ بولسا ئوغرىلىغان سۇ بىلەن جېنىنى قۇتقۇزۇپ، بايلىق ئىزدىگۈچى باشقا ئادەملەر بىلەن بىرلىشىپ يوك ـ تاقلىرىمىزنى ئېلىپ كېتىشى مۇمكىن دەپ قارايتتى. ئۇلارغا پەرەزىنىڭ توغرا ـ خاتالىقىنى ئىسپاتلاش مۇمكىن بولمىدى.

ئىلگىرى كۈنده تەپسىلىي خاتىرە يېزىپ كەلگەنىدىم. ئەمدى يېزىشقا مادارىم قالمىدى. ئاخىرقى خاتىرە 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى يېزىلغانىدى، ئۇ تۆۋەندىكىچە كۆچۈرۈپ بېرىلدى:

بىز ئېگىز بىر بارخان ئۈستىدە ھاردۇق ئالدۇق، تۆگىلەرمۇ شۇ يەردە ياتاتتى. دۇربۇن بىلەن شەرققە قارىدۇق. ئەتراپ پۈتۈنلەي بارخانلىق ئىدى، نە بىر تال گىياھ، نە باشقا بىر ھاياتلىق كۆرۈنمەيتتى. گۇگۇمدىمۇ، كېچىدىمۇ «يولچى» نىڭ قارىسى كۆرۈنمىدى. باشقىلار ئۇنى يوك ـ تاقلارنى قويۇپ قويغان يەرگە قايتىپ كەتتى، ئۇ يەردە كونسىرۋانى قولغا ئالغىنىچە سەكراتتا ياتقان بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىدى. ئىسلامباي بولسا ئۇنى ئۆلدى دەپ قارايتتى.

تاڭ سەھەر، يەنە نەچچە يۇتۇملا سۇ قالدى، تەخمىنەن بىر كۇرۇشكا چىقار. چۈش ۋاقتىدا ئۇ سۇنىڭ يېرىمى بىلەن ھەربىر كىشىنىڭ كالپۇكلىرىنى نەمدىدىم، كەچتە قالغان سۇنى تەڭ بۆلۈپ بەرمەكچى بولدۇم، كىم بىلسۇن، ئۇنى قاسىمئاخۇن بىلەن مۇھەممەد شاھ ئىچىپ بوپتۇ. تۆگىچىلىرىممۇ، تۆگىلىرىممۇ ھەممىسى ئىنتايىن ئاجىزلاپ كەتتى. ئاھ، تەڭرىم! بىزنى قۇتقۇزغايسەن!

# 14. سۇ

5 ــ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تاڭ ئېتىش ئالدىدا ھاۋا ناھايىتى سوۋۇپ كەتتى، تېرمومېتىر 2.2 گرادۇسنى كۆرسىتىپ تۇراتتى، بۇ قېتىمقى سەپىرى-مىزدە بۇنداق سوغۇققا دۇچ كېلىپ باقمىغانىدۇق. بىراق، ھاۋا تولىمۇ سۈزۈك ئىدى، كۆك ئاسماندا سان ــ ساناقسىز يۇلتۇزلار كۆزنى قاماشتۇرۇپ چىمىرلىشاتتى، بۇ ھالەتنى سۆز بىلەن تەسۋىرلەپ بېرىش قىيىن ئىدى. سەھەردە شامالدىن ئەسەر يوق، قۇياش كۆتۈرۈلۈپ ئۇزاق ئۆتمەي ھاۋا يەنە ئىسسىپ كەتتى.

1 ــ ماي، بۇ كۈن ئەسلىدە كىشىگە لەززەت ۋە خۇشاللىق بېغىشلاي-دىغان كۈن ئىدى. بۇلتۇر مۇشۇ كۈندە قەشقەر يېڭىشەھەرگە بارغانىدىم، ئۇ چاغدا كۆزۈمدىكى ياللۇغ ئەمدىلا ساقايغان بولغاچقا، قەشقەردە دەم ئېلىپ ۋە داۋالىنىپ تۇرۇپ قالدىم. بۇ يىلقى 1 ــ ماي ئېھتىمال، تەقدىرىمىز-نىڭ ئۆزگىرىش نۇقتىسى بولۇپ قالارمۇ؟ توغرا، ئۆزگىرىش نۇقتىسى بولۇپ قالدى، بىز ئۈچۈن قورقۇنچلۇق ئۆزگىرىش نۇقتىسى.

سەھەردە باشقىلار ئۆلدى دەپ بىلگەن ھېلىقى «يولچى» بارگاھقا يېتىپ كەلدى. ئۇ سەل ئۇكشىلىپ قالغاندەك تۇراتتى، يەنە كېلىپ بۈگۈن بىزنىڭ جەزمەن سۇ تاپالايدىغانلىقىمىزغا ئىشەنچ بار ئىدى. باشقىلار ئۇنىڭغا گەپمۇ قىلماي، مەيۈسلۈك كەيپىياتتا ئولتۇرۇشتى ۋە ئېشىپ قالغان ئاچچىق مايىنى ئىچىشتى. مايىنى ئىسسىتىپ، قۇرۇق ناننى ئۇنىڭغا تەگكۈزۈپ يېدى.

تۈنۈگۈن بىر تېمىممۇ سۇ ئىچمىدىم، ئۇسساپ ھېچ مادارىم قالمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئاچچىق ئاق ھاراقتىن بىر ئىستاكان ئىچىۋەتتىم. بۇ ھاراقنى ئادەتتە كىرسىن ئوچاققا ئوت يېقىش ئۈچۈن ئىشلىتىپ كېلىۋاتاتتۇق. ھاراق گېلىمنى خۇددى گۈگگۈرت كىسلاتاسىدەك ئېچىشتۇرۇۋەتتى، بىراق ئۇنىڭ ھەر ھالدا ئاز ــ تولا سۇ تەركىبى بار ئىدى. ئىچىپ بولۇپ قاتتىق

سەسكەندىم ــ دە، بوتۇلكىنى بارخانغا ئېتتۇەتتىم. باشقىلار بەختىگە يارىشا بۇ هاراقنى ئىچمىگەنىدى.
شۇنىڭدىن باشلاپ ئۆزۈمنى باشقۇرالماي قالدىم. كارۋان قوزغىلىپ ئاستا ــ ئاستا شەرققە يول ئالغىنىدا قەدەملىرىمنى باسالمايلا قالدىم. جىم ـ جىت هاۋادا تۆگە كولدۇرمىلىرى ئادەتتىكىدىن بەك جاراڭلىق سوقاتتى. ئىسلامباي كومپاسنى تۇتقىنىچە يول باشلاپ باراتتى، مۇهەممەد شاھ بىلەن قاسىمئاخۇن قالغان بەش تۆگىنى يېتەكلەپ، «يولچى» ئاخىرقى تۆگىنىڭ كەينىدىن هەيدەپ ماڭاتتى.
هېرىپ مادارىم، ئۇسساپ هېچ هالىم قالمىدى. كارۋاندىن خېلى يىراقتا ئۇ قالدۇرغان ئىز بىلەن بىر دەسسەپ، ئىككى دەسسەپ، تىرىشىپ ــ تىرمىشىپ ماڭماقتىمەن. كارۋان بارخاندىن چۈشۈپ غايىب بولۇپ، يەنە بىر بارخانغا ئۆرلىگەندە يەنە پەيدا بولاتتى. كولدۇرما ئاۋازىنىڭ رىتىمى بارغانسېرى ئاستىلاپ ۋە ئاجىزلاپ، يىراقلاپ كەتكەندە ئاڭلانماي قالدى. ئالدى تەرەپ ئىنتايىن تىمتاسچىلىق، بىراق ئاياغ ئىزلىرى بار ئىدى، شۇ ئىزلار بىلەن ئالغا باراتتىم. بىرنەچچە قەدەم باسقاندىن كېيىن يىقىلدىم، تەسلىكتە ئورنۇمدىن تۇردۇم ــ دە، پۇتلىرىمنى ئاران ــ ئاران يۆتكەپ، سەنتۈرۈلۈپ ــ سەنتۈرۈلۈپ ئالغا ماڭدىم. شۇنداق قىينىلىپ مېڭىپ كېتىۋېتىپمۇ، مۇشۇ نەچچە سائەت ئىچىدە باسقان ئېغىر قەدەملىرىمنى ساناپ مېڭىشنى ئۇنتۇمىدىم، يەنە كېلىپ جەمئىي نەچچە قەدەم باسقانلىقىمنى ئېسىمدە تۇتتۇۋالدىم.
بىر بارخان ئۈستىگە چىققاندا كارۋاننى كۆردۈم، هېرىپ هالىدىن كەتكەن بەش تۆگە يەردە ياتاتتى. مۇهەممەد شاھ يەرگە يۈزلىرىنى يېقىپ باش ئۇرۇپ نېمىلەرنىدۇر دەپ دۇئا ــ ئىلتىجا قىلماقتا. ئۇ سەپەر ئۈستىدە ئېلىشىپ قالغاندەك بولۇپ قالغانىدى، سۇغا دائىر گەپلەرنىلا قىلاتتى. قاسىمئاخۇن ئىككى قولى بىلەن بېشىنى قاماللىغىنىچە بىر تۆگىنىڭ سايىسىدە ئولتۇراتتى. ئىسلامباي خېلى ئالدىمىزدا ئىدى، بىز ئۇنى چاقىرىۋالدۇق. ئۇ هازىر ئارىمىزدىكى ئەڭ قاۋۇل كىشى ئىدى، ئۆزىنىڭ كېچىدە شەرققە قاراپ 50 كىلومېتىر مېڭىپ سۇ ئېلىپ كېلەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. بىراق،

ئۇ ھالىمنىڭ بەك ناچارلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ قالدى.



كارۋان قاتتىق ئىسسىقتا بارخاندىن ئۆتمەكتە

خېلى ئۇزاق ھاردۇق ئالغاندىن كېيىن، قاتتىقراق يەر تېپىپ، ئاخىرقى مادارىمىزنى ئىشقا سېلىپ قۇدۇق كولاپ بېقىش قارارىغا كەلدۇق. ئىسلامباي بىر تۆگىدىكى يۈكنى چۈشۈرۈۋېتىپ مېنى ئۇنىڭغا مىنگۈزدى. بىراق، ئۇ تۆگە قوپماي تۇرۇۋالدى. مۇھەممەد شاھ ئۆزىچە يىغلاپ، ئۆزىچە كۈلەتتى. قۇمنى ئوچۇملاپ بارماقلىرى ئارىسىدىن ئېقىتىپ ئوينايتتى. ئۇ ئەمدى بىر قەدەممۇ ماڭالمايتتى، ئۇنى تاشلىۋېتىشكە كۆزىمىز قىيمايتتى. شۇڭا، كەچ كىرىپ ھاۋا سالقىنلىغاندا ماڭسۇن دەپ، يىراقتا قالدۇرۇپ قويۇپ تۇردۇق.

ئىسلامباي بىلەن قاسىمئاخۇن سايىداش ئۈچۈن چېدىر تىكتى. ئا-خىرقى ئەدىيالنى سالدۇق، بىر لاتا خالتىنى ياستۇق قىلدۇق. چېدىرغا كىرىپ يالىڭاچلىنىپ ياتتىم. ئىسلامباي بىلەن قاسىمئاخۇنمۇ مېنى دوراپ شۇنداق قىلدى. «يولداش» بىلەن قويمۇ چېدىرنىڭ بىر بۇلۇڭىغا جايلاش-تى، «يولچى» سىرتتا چېدىرنىڭ سايىسىدە ياتتى، مۇھەممەد شاھ ھېلىمۇ بىزدىن يىراقتا ئىدى. پەقەت توخۇلارلا ئىسسىقتا ئۇياقتىن ـ بۇياققا

چېپىشاتتى، چوم ۋە ئاشلىق تاغارلىرىنى چوقۇلىشاتتى.

شۇ كۈنى ئاران 4.5 كىلومېتىر يول ماڭدۇق، سائەت تېخى چۈشتىن بۇرۇن 10 بولغانىدى، كۈندۈز نېمىدېگەن ئۇزاق ــ ھە! 1895 ــ يىلى 1 ــ ماي كۈنى قۇياشنىڭ تېزرەك پېتىشىغا بىزگە ئوخشاش تەقەززا بولغان ھېچكىم بولمىسا كېرەك.

ھېرىپ كەتكەنلىكىمدىن ياتقان ئورنۇمدا ئۇيان ــ بۇيان ئۆرۈلەلمەيت-تىم. ھاياتىمنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسىدا تۇرۇۋاتقانلىقىمنى تولۇق بىلىپ يەتتىم. بۇنىڭدىن ھەرگىز قورقمايتتىم ۋە ھەسرەتلەنمەيتتىم. ئۆتمۈش ھاياتىم خاتى-رەمدە تەرتىپ بىلەن ئەكس ئېتىشكە باشلىدى. ئائىلەمنى ئەسلىدىم، تۇغقانلىرىم ئۇزاق ۋاقىت دېرىكىمنى ئالالمىغاندىن كېيىن قاتتىق قايغۇرىدۇ، يىللاپ ــ يىللاپ خەۋىرىمنى كۈتىدۇ. بىراق، تەقدىرىم ۋە ئىز ــ دېرىكىم ھەققىدە ھېچقانداق خەۋەرگە ئېگە بولالمايدۇ... كىشىلەر مېنى ئىزدەشكە جەزمەن قەشقەردىن ئادەم ئەۋەتىدۇ، ئۇلار مەكىت كەنتىدىن بىزنىڭ 4 ــ ئاينىڭ 10 ــ كۈنى شەرققە قاراپ يولغا چىققانلىقىمىزنى، كېيىن قۇملۇقتا ئىز ــ دېرەكسىز غايىب بولغانلىقىمىزنى بىلىدۇ دېگەنلەرنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم.

ئىلگىرىكى نەچچە قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە سەپىرىمنىڭ تەسىراتلىرى-مۇ كۆز ئالدىمدا نامايان بولۇشقا باشلىدى. ئون يىل ئىلگىرى جاھانكەشتى راھىبقا ئوخشاش ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنى تۇنجى قېتىم كېسىپ ئۆتتۈم. شىراز① نىڭ يېنىدىكى پېرسېپولىس ② قا سېلىنغان دارىي I ③ ئوردىسىدا ۋە ئۇنىڭ كارىدورىدا «ھۆكۈمرانلىق چېكىگە يەتكەندە زاۋال تاپىدۇ» دېگەن ھەقىقەتنى بىلدىم. بەسرەدىكى خورما دەرەخلىرىنىڭ سايىسى نەقەدەر سۆ-يۈملۈك ــ ھە!... باغداد كوچىلىرىدا سۇ ساتقۇچى بىر ئېشەك كۆتۈرەلىگۈ-دەك سۇنى ئاران بىرنەچچە داچەنگىلا ساتىدىكەن... ئەگەر مۇشۇ تاپتا

---

① شىراز — پارس (ئىران) نىڭ مەشھۇر قەدىمكى شەھىرى. دارىي I ئوردىسىنىڭ خارابىسى شىرازنىڭ 60 كىلومېتىر نېرىسىدىكى پېرسېپولىس دېگەن يەردە.
② «پېرسېپولىس» — پارسنىڭ مەركىزى دېگەن مەنىدە.
③ دارىي I (مىلادىيىدىن ئىلگىرى 552 — 486 ـ يىللىرى ياشىغان) قەدىمكى پارس ئىمپېرىيىسى ئاخىمېنىد خانلىقىنىڭ پادىشاھى. قەدىمكى پارسنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك گۈللەنگەن دەۋرى-دىكى ھۆكۈمدارى.

ساتىدىغان سۇ بولسا، قانداق بەدەللەرنى تۆلەشكە رازى ئىدىم ــ ھە!
شۇ تەرىقىدە كۆزۈمنى ئاچقىنىمچە پۈتۈن بىر كۈن ئويغاق ياتتىم. مەن ئاق چېدىرنىڭ تورۇسىغا قارايتتىم، بىراق ئۇيان قاراپ، بۇيان قاراپمۇ ئۇنىڭ مەلۇم بىر ئالاھىدە يېرىگە زەن سېلىپ باقمايتتىم. ئارىدا بىرنەچچە قېتىم پىكرىم قالايمىقانلىشىپ يېرىم ھوشسىز ھالەتكە چۈشۈپ قالغان ۋاقتىمىمۇ بولدى. ئۇنداق چاغدا ئۆزۈمنى توغراقلار سايە تاشلاپ تۇرغان ياپيېشىل ئوتلۇق يەردە دەم ئېلىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم. بىراق، ھوشۇمغا كېلىپ ئويغىنىپ، قورقۇنچلۇق رېئاللىققا قايتىپ كەلگىنىمدە چەكسىز ئازابلىناتتىم. ئارىمىزدىن كىم بىرىنچى بولۇپ ئۆلۈپ كېتەر؟ كىم يەنە ھەممىنىڭ كەينىدە قالار؟ مەن ھېلىدىن ــ ھېلىغا سائەتكە قارايتتىم، — مۇشۇ چاغدىكى بىر سائەت گويا بىر ئۆمۈردەك ئۇزاق بىلىنەتتى.
چۈشكە يېقىنلاشقاندا، چېدىرنىڭ يوچۇقىدىن مەيىن شامال كىردى، كىشىگە ھۇزۇر بېرىدىغان ئاللىقانداق سالقىنلىق ۋۇجۇدۇمغا سىڭىپ كىردى. شامال بارغانسېرى كۈچىيىپ، چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچ ئەتراپىدا ھاۋا بەكلا سالقىنلاپ كەتتى، يۇڭ ئەديالنى يېپىنىۋېلىشقا مەجبۇر بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن، قانداقتۇر بىر ئاجايىپ ئىش يۈز بەردى: قۇياش ئۇپۇق سىزىقىغا يېقىنلاشقانسېرى شۇنچە ماغدۇرۇمغا كېلىۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلدىم. بەئەينى يالقۇنجاپ كۆيۈۋاتقان ئوت شارىغا ئوخشايدىغان قۇياش غەرب تەرەپتىكى بىر بارخانغا باش قويغاندا، پۈتۈنلەي ئەسلىمگە كەلدىم. جىسمىمدا ئېلگىرىكىدەك ئېلاستىكىلىق پەيدا بولغاندى، ئەمدى ئۆزۈمنى كېچە ــ كۈندۈز توختىماي ئالغا ماڭالايدىغاندەك ھېس قىلاتتىم. يولغا چىقىشنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتمەكتە ئىدىم. ئەمدى ئۆلۈشنى خالىمايتتىم، بارلىق كۈچۈم بىلەن جاننى قۇتقۇزۇشۇم كېرەك. باشقىلار ماڭالماي قالسىمۇ بەرداشلىق بېرىشىم، ھەتتا ئۆملەپ بولسىمۇ شەرققە مېڭىشىم كېرەك دېگەن نىيەتكە كەلدىم.
ئىسلامباي بىلەن قاسىمئاخۇنمۇ كۈن ئولتۇرغاندا جانلىنىپ كېتىشتى، ئۆلارمۇ ماڭا ئەگىشىپ ئاخىرقى كۈچىنى ئىشقا سالماقچى بولدى.
مۇھەممەد شاھ ھېلىمۇ بۇرۇنقى ئورنىدا ئىدى، «يولچى» بولسا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاغزىغا كەلگىنىچە جۆيلۈيتتى. بىز ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ گەپ قىلىشۋىدۇق، ئۇلار ئىنكاس قايتۇرمىدى. جاھاننى تۈن پەردىسى قاپلىغاندا «يولچى» ئاندىن ئورنىدىن قوزغالدى. ئۇنىڭ جىسمىدا ھاياتلىق ئىپگى ئويغانغانىدى. ئۇ ئالدىمغا ئۆمىلەپ كەلدى ـ دە، مۇشتۇملىرىنى تۈگۈپ ھەيۋە قىلغاندەك قىلىپ، قولاقنى يىرىتۋەتكۈدەك قوپال ئاۋاز بىلەن: «سۇ، سۇ! بىزگە سۇ بېرىڭ، بېگىم!» دەپ ۋارقىراپ يىغلاپ كەتتى، «بىر تېمىم بولسىمۇ سۇ بېرىڭ!» دەپ كىشىنىڭ يۈرىكىنى ئېزىۋەتكۈدەك تەلەپپۇزدا يىلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭغا نېمىدەپ جاۋاب بېرەلەيتتىم؟ مەن ئۇنى ئاخىرقى بىرنەچچە تامچە سۇنىمۇ سەن ئىچىپ تۈگەتكەن، سەن ھەممىدىن ئۇزاق بەرداشلىق بېرەلىشىڭ كېرەك دەپ ئاگاھلاندۇردۇم. ئۇ قاقشىغىنىچە ئۆمىلەپ كېتىپ قالدى.

ھەممىمىز ئۇسسۇزلۇقتىن چەكسىز چاڭقاپ كەتتۇق. تۆگىچىلىرىم مەندىنمۇ بەكرەك چاڭقاپ كەتكەنىدى. ئەجەبا، بەدەنگە ئازراق بولسىمۇ سۇيۇقلۇق بېرىشنىڭ ھېچقانداق ئامالى يوقمىدۇ؟ شۇ ئەسنادا كۆزۈم خورازغا چۈشۈپ قالدى، ئۇ ھېلىمۇ تۆگىلەر ئارىسىدا جەسۇرانە گىدىيىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ قېنى بىزنى قۇتقۇزالايتتى. نائىلاج ئۇنىڭ گېلىغا پىچاق سۈرگەندە، قېنى بويىنىنى بويلاپ ئاستا ـ ئاستا ئېقىپ چۈشتى.

خورازنىڭ قېنى بەك ئاز ئىدى. بىزگە بولسا كۆپرەك قان كېرەك. ھېلىقى قوي تېخى تىرىك ئىدى. تۆگىچىلىرىم ئۇ سادىق ھەمراھىمىزنى قاراپ تۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىشكە قىيالماي ئۇزاق ئىككىلىنىپ تۇردى. مەن ئىلاجسىز بۇ ئۆزىمىزنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن دېدىم.

ئاندىن ئىسلامباي بۇ بىچارە ھايۋاننى چەتكە ئېلىپ بېرىپ، بېشىنى مۇقەددەس جاي مەككىگە توغرىلىدى ـ دە، پىچىقىنى چىقىرىپ بويىنىغا ئومۇرتقا سۆڭىكىگە يەتكۈچە سۈردى. قويۇق قىزىل قان چېلەككە ئېقىپ چۈشتى، بىز ئۇنى ئىچىۋاتقاندا، قوينىڭ تېنى تېخى سوۋۇمىغانىدى. بۇ قان ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتۇراتتى ھەم چىدىغۇسىز سېسىق پۇرايتتى.

مەن قوينىڭ قېنىدىن بىر قوشۇق يۇتقاندىن كېيىن، ئىككىنچى يۇتالمىدىم. تۆگىچىلەرمۇ يۇتالماي «يولداش» قا بەردى. ئۇمۇ يالاپ كۆرۈپ

كېتىپ قالدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ قۇربانلىق ھېچ ئىشقا يارىمىدى.
ئىسلامباي ۋە باشقىلار ئەمدى ئۇسسۇزلۇق دەستىدىن بىر باكقا تۆگىلەرنىڭ سۈيدۈكىنى يىغدى، ئۇ سارغۇچ قىزىل رەڭلىك ئىنتايىن قويۇق سۇيۇقلۇق ئىدى. ئۇلار سۈيدۈكنى بىر كورۇشكىغا قۇيۇپ، ئاچچىقسۇ ۋە شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ، بۇرۇنلىرىنى ئېتىۋېلىپ تۇرۇپ ئىچىۋەتتى. ئۇلار مېنىمۇ ئىچىشكە دەۋەت قىلدى. بىراق، سۈيدۈكنىڭ ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتۇرىدىغان سېسىق پۇرىقىغا چىدىيالمىدىم. مەندىن باشقا، تەلىيىگە يارىشا قاسىمئاخۇنمۇ ئىچمىگەنىدى، چۈنكى قالغانلار ئىچىپ ئۇزاق ئۆتمەي غارىلداپ قۇسۇۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ تۆگەي دەپ قالغان ماغدۇرى تېخىمۇ خوراپ كەتتى.
كەچ ـ مادارىدىن قالغان «يولچى» گومۇشلاردەك نۇرى قاچقان كۆزلىرىنى يوغان ئاچقىنىچە، قوينىڭ ھۆل ئۆپكىسىنى چايناپ، چېدىر ئالدىدا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ قوللىرىمۇ، يۈز ـ كۆزلىرىمۇ قانغا بويالغانىدى، قارىسا ئادەمنىڭ قورققۇسى كېلەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 15. ئاخىرقى كۆزدىن كەچۈرۈش

قاسىمئاخۇن بىلەن ئىككىمىزلا ئاز ـ تولا ئىشقا يارايتتۇق. ئىسلامباي-مۇ قەي قىلغاندىن كېيىن سەل ـ پەل ماغدۇرىغا كېلىپ قالدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن يۈك ـ تاقلىرىمىزنى ئاخىرقى قېتىم تەكشۈرۈپ چىقتىم. ئۇلارنىڭ تولىسىنى تاشلاشقا توغرا كېلەتتى. خاتىرە دەپتەر، خەرىتە، تاغ جىنسلىرى، قۇم ئەۋرىشكىلىرى پەنىي ئەسۋابلار، قەلەم، قەغەز ۋە باشقا ئۇششاق نەرسىلەر، يەنە «ئىنجىل» ۋە مەرسىيە توپلىمىغا ئوخشاش ئورنىنى تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان مۇتلەق زۆرۈر نەرسىلەرنى بىر چەتكە ئايرىدىم.

ئىسلامباي ئۆزى كەم بولسا بولماس نەرسىلەر دەپ بىلگەن نەرسە — ئۈچ كۈنلۈك ئوزۇق (ئۇن، چاي، شېكەر، نان ۋە كونسېرۋا) نى ئايرىپ چىقتى. مەنمۇ قولىدىكى جۇڭگو يامبۇلىرىمنىڭ ھەممىسىنى تاشلىماقچى بولدۇم. بۇلارنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 5000 ماركتىن ئاشاتتى، بىر تۆگىنىڭ يۈكىنىڭ يېرىمىنى ئىگىلەيتتى. چۈنكى، بىزگە ھاياتىمىزنى ساقلاپ قېلىشتىن باشقا ھېچنېمە كېرەك ئەمەس ئىدى. سۇ تېپىۋالساقلا، قايتىپ كېلىپ بۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ كەتسەك بولاتتى، بىراق ئىسلامباي پۇلنى ئېلىۋالايلى دەپ چىڭ تۇردى. كېيىنكى ئەمەلىيەت ئۇنىڭ بۇ تەشەببۇسىنىڭ نەقەدەر توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئۇ يەنە بىرنەچچە قاپ سىگار ۋە پاپىروس، قازان ـ چۆمۈچ، پانۇس، شام، چېلەك، گۈرجەك، ئارغامچا، ئوق قاتارلىقلارنىمۇ ئېلىۋېلىش ئويىغا كەلدى.

تاشلىماقچى بولغان نەرسىلەر ئىچىدە ئىككى ساندۇق ئوق ـ دورا، چېدىر، كارىۋات، يۈك ئەدىيال، سوۋغاتلىق كىيىم ۋە تۇماق، بىرنەچچە پارچە مۇھىم كىتاب، ئىككى فوتو ئاپپارات ۋە نەچچە مىڭ پارچە پىلىيونكا (بۇنىڭ 100 پارچىسى مۇشۇ قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە سەپىرىدە قولغا تارتىلغان)، يەنە چوم، دورا ساندۇقى، كىتاب ـ ماتېرىيال، زاپاس خاتىرە

دەپتەر، بارلىق كىيىم ـ كېچەكلىرىم، قىشلىق ئۆتۈك، پەلەي ۋە باشقا نەرسىلىرىم بار ئىدى.

ئېلىنىۋالدىغان نەرسىلەرنى خۇرجۇنغا قاچىلاپ تۆگىلەرگە ئارتتۇق. مىلتىق، گۇرجەككە ئوخشاش نەرسىلەرنى بىر يۇك ئەدىيالغا ئوراپ بىر تۆگىگە ئارتتۇق.

كونسېرۋا قۇتىسىدىن بىر نەچچىنى ئاچتۇق. ئۆلارنىڭ سۇ تەركىبى بولسىمۇ، گېلىمىز بەك قۇرۇپ كەتكەچكە بەك تەستە يۇتتۇق. تۆگىلەر ئەتىگەندە ياتقان يېرىدە مىدىرلىماي ياتاتتى. ئەتراپ گويا قەبرىستانلىقتەك جىمجىت ئىدى، بۇ جىمجىتلىقنى تۆگىلەرنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى قىينىلىپ ـ قىينىلىپ ئېلىنىۋاتقان نەپەس ئاۋازىلا بۇزۇپ تۇراتتى. ئۆلارنىڭ تەقدىرىگە تەن بېرىپ ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماي يېتىۋالغانلىقى كىشىنى ھەممىدىن بەك قىينايتتى. ئۆلارنىڭ گاللىرى قۇرۇپ ئاقىرىپ كەتكەنىدى، ئۆلارنى مىڭ تەسلىكتە ئورنىدىن تۇرغۇزدۇق.

www.uyghurkitap.com

# 16. ئېكسپېدىتسىيە كارۋىنىنىڭ يىمىرىلىشى

كەچ سائەت يەتتە بولدى، كولدۇرمىلار يەنە جاراڭلىدى. بىراق، بۇ ئاخىرقى قېتىملىق جاراڭلاش ئىدى. كۈچۈمنى تېجەش ئۈچۈن قىسقا ۋاقىت ھېلىقى ئاق تۆگىگە مىنىۋالدىم، بۇ كارۋىنىمىزدىكى ئەڭ قاۋۇل تۆگە ئىدى. ئىسلامباي بارخانلار ئارىسىدا تۆگە يېتەكلەپ ئاستا ماڭماقتا، قاسىمئاخۇن تۆگىلەرنى ھەيدەپ كەينىدە ماڭماقتا ئىدى.

بىز بۇ «ھالاكەت لاگېرى» دېن ئايرىلىدىغان چاغدا، «يولچى» چېدىرغا كىرىپ مېنىڭ ئورنۇمدا يېتىۋالدى. ئۇ ھەمىشە قوينىڭ ئۆپكىسىنى چاينىغىنىچە ئۇنىڭ سۈيىنى شورايتتى.

مۇھەممەد شاھ يەنىلا ئۆز ئورنىدا ياتاتتى. مەن قېشىغا بېرىپ ئۇنى چاقىردىم. ئۇ نۇرسىز كۆك كۆزلىرىنى ئاران ئېچىپ ماڭا قارىدى. ئۇنىڭ چىرايى كىشىنىڭ قورققۇسى كەلگۈدەك دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كەتكەن، ئۆزى قۇرۇپ قاغجىراپ كىچىككىنە بوۋايغا ئوخشاپ قالغانىدى. پەقەت خورما رەڭگىگە كىرىپ قالغان يۈزىدىلا ئاز ــ تولا ھاياتلىقنىڭ ئالامىتى بار ئىدى. ئۇنىڭ نەپىسى ئىنتايىن ئاستا، تۇرۇپ ــ تۇرۇپ دېمى سىقىلاتتى، قورۇق باسقان قۇپقۇرۇق پېشانىسىنى سىلىدىم ۋە بېشىنى سەل ئوڭشاپ ئەپلىكرەك قىلىپ ياتقۇزدۇم ــ دە، قەلبىمنى قاپلىغان قايغۇ ــ ھەسرەتنى بېسىپ تەمكىن ھالدا بىز ھازىر شەرققە قاراپ ماڭىمىز، ئۇزاققا قالماي سۇدانغا لىق سۇ ئېلىپ كېلىمىز. مۇشۇ يەردە مىدىرلىماي يېتىپ، ماغدۇرىڭىزغا كەلگەندە بىزنىڭ ئىزىمىز بىلەن ماڭغاچ تۇرۇڭ، ئايرىلىشمىز ئۈزىراپ كەتمەسۇن دېدىم. بىراق، ئۇنىڭ بىلەن ئەمدى دىدار كۆرۈشەلمەيدىغانلىقىمىزنى، ئۇنىڭ بىرنەچچە سائەت ئىچىدە بۇ مۇشەققەتلىك دۇنيادىن ئايرىلىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلەتتىم. ئۇ قولىنى كۆتۈرۈشكە تەمشەلدى ــ يۇ، كۆتۈرەلمىدى. ئۇ ئاللىقاچان ھوشىنى يوقاتقانىدى. قەلبىم ھەسرەتتىن ئۆرتىنىپ

پارە ـ پارە بولۇپ كەتتى، ئۆزۈمنى ئەيىبلىدىم، بۇ جاننىڭ ھالاك بولۇشىغا ۋىجدانىم بىلەن جاۋابكار بولۇشۇم كېرەك.



ھالاكەت لاگېرى

مۇشۇنداق روھىي ھالەتنىڭ دەۋتىدە ئۆلۈم ئالدىدا تۇرۇۋاتقان ھەمرا-ھىمدىن ئايرىلدىم. «يولچى» بىلەنمۇ خوشلاشتىم ھەم ئۇنى كارۋاننىڭ ئىزىدىن مېڭىشقا دەۋەت قىلدىم، شۇنداق قىلغاندىلا ئۇنىڭ جېنىنى قۇتقۇ-زۇپ قالغىلى بولاتتى.

ئەجەبلىنەرلىكى شۇ ئىدىكى، قەپقالغان ئالتە مېكىيان يەنىلا سەكرد-شىپ قوقۇقلىشاتتى، سويۇلغان قوينىڭ گۆشىنى شوخلۇق بىلەن چوقۇلد-شاتتى. ئۇلار شۇ گۆش بىلەن ھاياتىنى خېلى ئۇزاققىچە ساقلاپ قالالايتتى. شۇڭا، ئۇلارنى ئۆلتۈرمەسلىك قارارىغا كەلدۇق. ئورۇقلاپ قۇرۇق ئۇستىخان بولۇپ قالغان «يولداش» ھېلىمۇ بىزگە سادىقلىق بىلەن ئەگىشىپ كەلمەكد-تە ئىدى.

بىرىنچى بارخاننىڭ تۆپىسىگە چىققاندا، كەينىمگە بۇرۇلۇپ ھېلىقى «ھالاكەت لاگېرى» غا يەنە بىر قېتىم كۆز سالدىم. چېرىمىز سۇزۇك غەرب ئاسمىنى ئاستىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى، ئۇ خۇددى بىر قارا رەڭلىك ئۇچ بۇلۇڭغا ئوخشايتتى. بىراق، بارخان ئۇنى توسۇۋالغاندىن كېيىن يىنىكلەپ قالغاندەك بولدۇم ـ دە، شۇنىڭدىن كېيىن كەينىمگە ئىككىنچى قارىمىدىم.

ئالدىمىزدا ۋەھىمىلىك قاراڭغۇ كېچە بىلەن قۇم دېڭىزىلا بار ئىدى. ھاياتىي كۈچىمىز قايتىدىن ئويغانغاندەك قىلاتتى. خۇددى بىر تۆكلۈك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قۇرتقا ئوخشاش قوم ئۇستىدە ئۆمىلەپ ماڭالىسام، ھاياتىي كۈچۈمنى جۈشقۇن ۋە يېڭى پېتى ساقلاپ بارالايتتىم. ۋۇجۇدۇمدا توسۇۋالغۇسىز بىر خىل ياشاش ئىستىكى قوزغالدى. مەن تېخى ياش ئىدىم، مۇشۇ قۇملۇقتا ئۇنداق مەنىسىز ئۆلۈپ كەتسەم بولمايتتى. مەن بەك كۆپ زىيان تارتتىم، شۇڭا يەنىلا ھاياتلىقنىڭ ماڭا نۇرغۇن نەرسە بېرىشىنى كۈتەتتىم.

ھەرگىز ئۆلمەسلىك كېرەك. بۇ شۇ چاغدا مېنى باشقۇرۇپ، ئالغا چامدىشىمغا ھەيدەكچىلىك قىلىپ تۇرغان بىردىنبىر ئوي ئىدى.

بىراق، ئالغا مېڭىشىمىز بەكمۇ ئاستا، كىشىنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان دەرىجىدە ئاستا ئىدى. بىر بارخان بېلىگە بارغاندا بىر تۆگە يىقىلدى. ئۇ پۇتلىرىنى ئۇزۇن سوزۇپ، بويىنىنى يەرگە چاپلاپ ياتقۇچە ئۆلۈپ كەتتى. ئۇ كەينىمىزدىكى تۇن قاراڭغۇسىدا كۆزىمىزدىن غايىب بولدى. سۈپسۈزۈك كېچە ئاسمىنىدا ساناقسىز يۇلتۇزلار جىمىرلىشىپ تۇرسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئاجىز نۇرى ئېگىز ـ پەس يەرنى ئېنىق يورۇتۇپ بېرەلمەيتتى. بارخانلار ھامان ئالغا مېڭىشىمىزغا توسقۇنلۇق قىلىپ تۇراتتى.

قالغان تۆت تۆگىمۇ ھېلىدىن ـ ھېلىغا ماڭغىلى ئۇنىماي توختىۋالاتتى. بىرنەچچە قېتىم خېلى ئۇزاق يول ماڭغاندىن كېيىن بىرەر تۆگىنىڭ چۈلۈكىگە باغلانغان چۈلۈۋۈرنىڭ يېشىلىپ كېتىپ، ئۇ تۆگىنىڭ كەينىدە قەپقالغانلىقىنى بايقىدۇق، كەينىمىزگە يېنىپ بېرىپ ئۇنى ئىزدىدۇق.

ئىسلامبايمۇ بولالماي قالدى. ئۇ سىپازىملىق قەي قىلىپ تۇرغانلىقتىن پات ـ پات توختاپ قالاتتى، ئۇنىڭ ئۇچەي ـ ئاشقازىنى قۇرۇقدىلىپ كەتكەنسېرى كۈچ ـ مادارىمۇ تۈگەپ كېتىۋاتاتتى. ئاغرىق دەستىدىن دومىلاپ كېتەتتى، تۈكلۈك قۇرتقا ئوخشاش تۇرۇپ تۈگۈلۈپ، تۇرۇپ سوزۇلاتتى. بىز بارخانلار ئارىسىدا تېمىسقىلاپ يۈرۈپ، خۇددى قۇلۇلىگە ئوخشاش شەرققە قاراپ ئاستا ـ ئاستا سۈرۈلۈپ باراتتۇق. شۇڭا، مەن پانۇسنى يېقىپ، ئۇچاي ماڭغىلى بولىدىغان يول ئىزدەپ پىيادە ئالدىغا ماڭدىم. كومپاس شەرققە مېڭىشىمىزغا يول كۆرسەتتى. قوم دۆۋىسىدە پانۇس خىرە نۇر چاچاتتى. بىردەم ـ بىردەم توختىشىم كېرەك ئىدى، ئاخىرقى كولدۇرما ئاۋازى مەندىن بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتاتتى.

كېچە سائەت 11 ئەتراپىدا كولدۇرما ئاۋازى ئاخىر ئاڭلانماي قالدى. پانۇسنى بارخان ئۈستىدە قويۇپ ئولتۇرۇپ دەم ئالدىم. ئەتراپنى قاپقارا، جىمجىت تۈن پەردىسى قاپلىغانىدى. نەپسىمنى توختىتىپ يىراقتىكى كولدۇرما ئاۋازىغا قۇلاق سالاتتىم ۋە پۈتۈن كۈچۈم بىلەن شەرقنى كۆزىتەتتىم. پادىچىلارنىڭ خەۋەر بېرىپ ياققان گۈلخانلىرىنىڭ بار ـ يوقلۇقىغا ۋە خوتەن دەرياسى بويىدىكى ئورمانلىقتا يېقىنلاپ كەلگەن ــ كەلمىگەنلىكىمىزگە قارايتتىم. بىراق، مەن ھېچنېمىنى كۆرەلمەيتتىم. جاھان شۇ قەدەر جىمجىت ئىدىكى، يۈرىكىمنىڭ سوقۇۋاتقان ئاۋازىمۇ ئۆزۈمگە ئېنىق ئاڭلىناتتى.

كولدۇرما ئاخىر جاراڭلىدى، بىراق ئىككى ئاۋاز ئارىسىدىكى ۋاقىت بارغانسېرى ئۇزىراپ كېتىۋاتاتتى، شۇنداقتىمۇ قانداقلا بولمىسۇن، يېقىنلاپ كەلدى. كارۋان مەن تۇرغان بارخانغا كەلگەندە ئىسلامباي سەنتۈرۈلۈپ ــ دەلدۈگۈنۈپ پانۇس يېنىغا يېتىپ كەلدى ــ دە، ئۆزىنى يەرگە ئاتتى ۋە بوش ئاۋازدا ئەمدى بىر قەدەممۇ ماڭالمايمەن، مۇشۇ يەردە ئۆلەي دېدى.

تراگېدىيىنىڭ ئاخىرقى پەردىسى باشلانغاندەك قىلاتتى. ئەمدى باشقا ئامالىم قالمىدى. قالغان كۈچۈمنى ئىشقا سېلىپ شەرققە ماڭماقتىن باشقا يول يوق ئىدى. ئىسلامباي بىلەن خوشلاشتىم ۋە ئۇنىڭغا كېچىنىڭ سالقىن شامىلىدا بىرنەچچە سائەت ئارام ئېلىۋالغاندىن كېيىن بىزگە يېتىشىڭ، تۆگە ۋە باشقا نەرسىلەر بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن دەپ تاپىلىدىم. ئۇ جاۋاب بەرمىدى، ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ئاسمانغا قارىغىنىچە يېتىپ قالدى.

قاسىمئاخۇن ماڭا ھەمراھ بولۇپ ماڭالايتتى. مەن ۋاقىت ھېسابلىغۇچ، سائەت، كومپاس، قەلەمتىراچ، قېرىنداش، قەغەز، بىر قۇتا راك كونسېرۋاسى، بىر قۇتا كاكائو، ئون تال تاماكا (تاماكىنى مەقسەتلىك ئەمەس، مەقسەتسىزلا ئېلىۋالدىم) دېگەندەك نەرسىلەرنى ئالدىم. قاسىمئاخۇن قۇدۇق كولاشقا كېرەكلىك گۈرجەك، باك ۋە ئارغامچىلارنى ئالدى. باكقا ھېلىقى ئۆلتۈرگەن قوينىڭ قۇيرۇقى، بىرنەچچە نان ۋە ئازراق قوي قېنىنى قاچىلىدى. ئالدىراشچىلىقتا تۇمىقىنى ئۇنتۇپتۇ. كېيىن ئىسسىق ئۆتۈپ كەتمىسۇن دەپ بېشىغا قولياغلىقىمنى چىگىپ قويدۇم.

ئېلىۋالغان ئوزۇق بىزگە ياردەم بېرەلمەيتتى، چۈنكى گېلىمىز بەك قۇرۇپ كەتكەچكە ھېچنېمىنى يۇتالمايتتۇق، يۇتساقمۇ يېنىپ چىقاتتى. بىراق، ئۇسسۇزلۇقتا چىداش شەرتى ئاستىدا ئاچلىق تۇيغۇسىمۇ پۈتۈنلەي يوقالغانىدى.

كېچە سائەت 12 بولغاندا، ئېكسپېدىتسىيە كارۋىنىنىڭ ئاخىرقى ماددىي ئەشيالىرىنىمۇ تاشلىدۇق. بۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇ كارۋىنىمىز نەقەدەر ھەيۋەتلىك كارۋان ئىدى ــ ھە. ئىسلامباي بىزگە قارىمىدى، پەقەت «يولداش» لا كەينىمىزدىن ئۈزۈتۈپ قالدى. يېنىقلىق پانۇسنى ئىسلامباينىڭ يېنىدا قويدۇق. ئۇ ماڭغان ئارىلىق ۋە يۆنىلىشنى بىلىشىمىز ئۈچۈن، بىزگە بىر مەزگىل ماياك بولۇپ بېرەتتى. بىراق، ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ خىرە نۇرىنى بارخان توسۇۋالدى، بىز ئەمدى ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايدىغان قاپقاراڭغۇ كېچىنىڭ قوينىدا قالدۇق.

## 17 . ئۈمىد

بىز ئىگىز ـ ئىگىز بارخانلاردىن ئۆتۈپ شەرققە ماڭاتتۇق. بىردەم ماڭغاندىن كېيىن يېتىپ ھاردۇق ئالاتتۇق. بىراق كېچىنىڭ سوغۇقى بىزنى تېزرەك يولغا چىقىشقا ھەيەيتتى، چۈنكى كىيىمىمىز بەك يېلىڭ ئىدى. قاسىمئاخۇن بىر ماتا كۆڭلەك، ئىشتان ۋە ئۆتۈك كىيگەنىدى، مەن بىر سوكنو ئىشتان، شايى كۆڭلەك، ئاق شەپكە ۋە ئۆتۈك كىيگەنىدىم، مېڭىپ تېنىمىز ئىسسىغاندىن كېيىن ئۇيگدەك باستى ـ دە، يېتىشقا مەجبۇر بولدۇق، يېتىپلا ئۇيقۇغا كەتتۇق.

سائەت تۆت ئەتراپىدا سەھەرنىڭ سوغۇقىدىن مۇزلاپ ئويغاندۇق. شۇنىڭدىن كېيىن توختىماي بەش سائەت ماڭدۇق، ئاندىن يەنە بىر سائەت دەم ئالدۇق. غەربتىن سوقۇۋاتقان ساپ شامال ھاۋانى يەنىلا سالقىنلىتىپ تۇراتتى، شۇڭا يولىمىزنى داۋام قىلدۇرالايتتۇق. بىراق، چۈش ئەتراپىدا ھاۋا چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئىسسىپ كەتتى، كۆز ئالدىمىز قاراڭغۇلىشىپ، ماغدۇرىمىزدىن كېتىپ، بىر بارخان ئۈستىگە يىقىلدۇق.

شىمالغا قارىغان تىك يانتۇلۇققا تويتوغرا بىر كۆن توختىدۇق. چۈنـ ـكى، ئۇ يەرنى ئاپتاپ بەك قىزدۇرۇۋەتمىگەنىدى. قاسىمئاخۇن كېچىدە مۇزلىغان قۇمنى گۈرجەك بىلەن كولاپ چىقاردى، كىيىمىمىزنى سېلىپ گۈرجەك دەستىسىگە ئارتىپ بېشىمىزغا سايە چۈشۈرۈپ، قۇمنىڭ ئۈستىدە ئۇخلىدۇق، ياتقان جايىمىزدىكى قۇم تېنىمىزدىكى ھارارەت ۋە قۇياش تەپتىدىن ئىسسىپ كەتسە، قاسىمئاخۇن يەنە ئاستىنقى قاتلامدىكى قۇمنى كولاپ ئۈستۈمگە قۇيۇپ تۇراتتى، بۇ كىشىگە خۇددى سوغۇق دۇچتا يۇيۇنۇۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. بىز ئۇخلىيالمىدۇق، شۇنداقتىمۇ بىر ـ بىرىمىزگە گەپ قىلمايتتۇق.

سائەت ئالتە ئەتراپىدا كىيىملىرىمىزنى كىيىپ يەنە ئاستا ـ ئاستا يولغا

راۋان بولدۇق. «قۇرۇق قولدا يۇيۇنۇش» بىزنى چارچىتىپ قويغانىدى. شۇنداق بولسىمۇ تۇرۇپ توختاپ، تۇرۇپ مېڭىپ دېگەندەك مېڭىۋەردۇق. چۈش سائەت بىر بولغاندا زادىلا ماڭالماي، بىر بارخان ئۈستىدە ئازراق ئۇخلىدۇق.

سەھەر سائەت تۆت يېرىم بولغاندا ماڭالىغۇدەك ماغدۇرغا كېلىپ قالغانىدۇق. كۈن چىققۇچە بولغان ئارىلىقتىكى سالقىن هاۋادا توختىماي خېلى ئۇزاق مېڭىۋالدۇق.



سۈرەت تارتقۇچى ئۆزىنىڭ قاسىمئاخۇن تۆت يۈلغۈن تۈۋىدە
تۇرۇپ شەرققە نەزەر سالماقتا

قاسىمئاخۇن توساتتىن قەدىمىنى توختاتتى ــ دە، يەلكەمنى تۇتۇپ تۇرۇپ ئۇن ــ تىن چىقارماي شەرققە زەن سالدى. مەن بارخاندىن باشقا هېچنېمىنى كۆرەلمىدىم. بىراق، ئۇنىڭ بۈركۈتنىڭكىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرى ئۇپۇق سىزىقىدا يېگى كۆكلەپ چىققان يۇلغۇننى كۆرگەنىدى. ئۇ يۇلغۇن جەزمەن بىزنىڭ نىجاتچىمىز ئىدى.

بىز يۇلغۇننى كۆزلەپ ئۇدۇل ماڭدۇق. بىر بارخان تۆۋگە بارغاندا يۇلغۇن كۆرۈنمەي قالدى. بىراق بارخان ئۈستىگە چىققاندا يەنە كۆز ئالدىمىزدا پەيدا بولدى. بىز ئۇنىڭغا بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلدۇق ۋە ئاخىر

ئۇنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدۇق. ئۇ ھەقىقەتەن يېڭى كۆكلىگەنىدى، بىز ئۇنىڭ شىرنىلىك يىڭنە يوپۇرماقلىرىنى خۇددى ھايۋانلاردەك چايناپ كەتتۇق. ئۇ بىر بارخان ئۈستىدە ئۆسكەن بولۇپ، ئەتراپىدا تۈز ھەم قاتتىق يەر يوق ئىدى. ئۇنىڭ ناھايىتى چوڭقۇر يەر ئاستى بۇلاق سۈيى قاتلىمىغا قەدەر يىلتىز سۈرگەنلىكى ئېنىق ئىدى. يېقىن ئەتراپتا يەر يۈزىگە چىقىپ تۇرغان بۇلاق سۈيى تېپىش مۇمكىنچىلىكى يوق ئەمەس ئىدى.

ئاخىر مۇشۇ يەردە بۇ كىچىككىنە يېڭى يېشىللىقنى كۆردۇق ۋە ئۇنىڭ ئاران ـ ئارانچە چۈشۈرۈپ تۇرغان سايىسىدە قانجىراپ كەتكەن پۇت ـ قوللىرىمىزنى ئۇزۇن سوزۇشۇپ يېتىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇق، بۇ ھەقىقەتەن تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بەرگىلى بولمايدىغان بىر خىل خۇشاللىق ئىدى. دېمەك، بۇ قۇم دېڭىزىنىڭ چېكى بار ئىدى. يۈلغۇن ئۆسۈۋاتقان بۇ بارخان بەئەينى دېڭىز قىرغىقىدىكى بىر پارچە «خادا تاش» بولۇپ، كېمىسى چۆكۈپ كېتىپ سۇغا چۈشۈپ كەتكەن كىشىلەرگە قىرغاق بۇ يەردىن يىراق ئەمەس دەپ ئۇقتۇرۇپ تۇراتتى.

ئۈمىد يېڭى غەيرەت ئۇرغۇتتى، بىز يولىمىزنى داۋام قىلدۇق. بارخانلار ئەمدى ئون مېتىرچە ئېگىزلىكتە ئىدى، بىر بارخان جىلغىسىدىن ئىككى يەردە شالاڭ ئۆسكەن قومۇشلارنى ئۇچراتتۇق ۋە ئۇنىڭ غولىنى چايىندۇق، سائەت توققۇز يېرىمدا ئىككىنچى يۈلغۇن توپىنى ئۇچراتتۇق، شەرققە قاراپ مېڭىۋەرسەك تېخىمۇ كۆپ يۈلغۇنلارنى ئۇچرىتالايتتۇق. بىراق، قاتتىق ئىسسىق دەستىدىن مادارىمىزدىن بارا ـ بارا كېتىپ قالدۇق ـ دە، شۇ يۈلغۇن تۈۋىگە ئۆزىمىزنى تاشلاپ ھاردۇق ئېلىشقا مەجبۇر بولدۇق.

تۈنۈگۈنكىگە ئوخشاش قۇملۇقتا بىر ئورەك كولاپ يالىڭاچ يېتىپ، خۇددى ئۆلۈكتەك ئون سائەت ئۇخلاپ كەتتۇق. كەچقۇرۇن سائەت يەتتىدە گۇگۇم چۈشەي دەپ قالغاندا يەنە يولغا چىقتۇق. سەنتۈرۈلۈپ يۈرۈپ ئۈچ سائەتچە يول ماڭغاندىن كېيىن، قاسىمئاخۇن توساتتىن توختىدى ـ دە، «قاراڭ! ئاۋۇ توغراق ئىكەن!» دەپ ۋارقىرىۋەتتى. دېگەندەك، ئىككى بارخان ئارىلىقىدا قارا ـ قۇرا نەرسىلەر كۆرۈندى. دۇرۇس، ئۇ يەردە باراقسمان ئۆسكەن ئۈچ تۈپ توغراق بار ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن بىز

ئۇ يەرنى «ئۈچ تۈپ توغراق» دەپ ئاتىدۇق. ئۆسۈۋاتقان توغراقلارنىڭ يوپۇرمىقى شىرنىلىك ئىدى، بىراق يوپۇرماق شۇنداق ئاچچىق ئىدىكى، ئېغىزغا ئالغىلى بولمايتتى، بىز ئۇلارنى تېرىمىزگە تاكى نەملەشكەنگە قەدەر سۈركىدۇق. قاتتىق ماغدۇرسىزلىنىپ كەتكەنلىكىمىزدىن بۇ يەردە بىرنەچچە سائەت ياتتۇق، ئاندىن بۇ يەرنىڭ گېئولوگىيىلىك مۇھىتىنى تەپسىلىي تەكشۈردۇق.

ئەھۋالنى ئېنىقلىغاندىن كېيىن قۇدۇق كولىماقچى بولدۇق. بىراق، كۈچسىز قوللىرىمىز بىلەن گۈرجەكنى ئىشقا سالالمىدۇق. شۇنىڭ بىلەن، قۇرۇق شاخ ــ شۇمبىلارنى يىغىپ گۈلخان ياقتۇق. كۈچلۈك يالقۇن كۆزنى قاماشتۇرىدىغان نۇرىنى بارخانغا چاچاتتى. بىز شۇ ئارقىلىق ئىسلامبايغا بەلگە بەرمەكچى بولدۇق، مۇبادا ئۇ ھېلىمۇ ھايات بولغان بولسا، بىراق بۇنىڭغا ئىشەنچ قىلالمايتتىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇنىڭ بىلەن شەرق تەرەپنىڭ دىققىتىنى — مۇبادا خوتەن دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىدا خوتەندىن دەريا بويلاپ ئاقسۇغا بارىدىغان يولدا كېتىۋاتقان ئادەم بولسا تارتماقچى بولدۇق.

گۈلخان يېقىپ ئىككى سائەتچە تۇردۇق. قاسىمئاخۇن قۇيرۇقتىن بىر پارچە پىشۇرۇپ يېدى. بىراق، ناھايىتىمۇ تەستە يۇتتى؛ مەنمۇ راك كونسېرۋاسىنى شۇنداق تەستە يۇتتۇم. يوك بولۇپ قالمسۇن دەپ قالغان ئوزۇقنى مۇشۇ يەردە تاشلىدۇق. خوتەن دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئىچمەن دەپ ھېلىقى قۇرۇق كاكائو قۇتىسىنىلا ئېلىۋالماقچى بولدۇق. شۇنىڭدىن كېيىن يېرىم كېچە سائەت ئۈچكىچە ئۇخلىدۇق. ئويغانغاندىن كېيىن سائەت توققۇزغىچە ماڭدۇق.

بىراق، ھېلىقى ئۈچ تۈپ توغراقتىن كېيىن باشقا توغراق ئۇچراتمىدۇق. يولغۇنمۇ شۇنداق شالاڭ ئىدىكى، بىر تۈپتىن يەنە بىر تۈپكە كۆز يەتمەيتتى. بىز ئىشەنچىمىزنى يەنە تامامەن يوقاتتۇق. تېخى باياتىنلا بىر پەس يەرنى بېسىپ ئۆتكەنىدۇق، ئەمدى يەنە بىپايان قۇم دېڭىزى قوينىغا كىرىپ قالدۇق.




1895 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى قىرغاقتا بايقالغان
تۇنجى توغراق 1933 ـ يىلدىكى ئەسلىمە

چۈشتىن ئىلگىرى سائەت توققۇزدا بىر تۈپ يۇلغۇن ئاستىدا ئارام ئالدۇق. ئۇ يەردە ئۆتتەك قىزىق قۇياش بىزنى كۆيدۈرەتتى. بىز ئۇن سائەت ياتتۇق، يەنە بىر ئورەك كولاپ يېتىشقا ئەمدى مادارىمىز يوق ئىدى. ئۆتكەن قېتىمدىكىدەك قۇم ئارىلاش بوران يەنە بىر قېتىم چىققان بولسا، قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە! شۇنداق بولغاندا ئۆزىمىزنى قۇياشنىڭ كۆيدۈرۈشىدىن ساقلاپ قالاتتۇق. بىراق، ئۇپۇق سىزىقىدا بىر تارامۇ بۇلۇت كۆرۈنمەيتتى، قۇياش بىلەن قۇملۇق بىرلىشىپ بىزگە زىيان ـ

زەخمەت سالماقتا ئىدى.

قوياش غەربتىكى ئۇپۇق سىرتىغا يېقىنلاشقاندا، پۈتۈن كۆچۈمنى يىغىپ غەيرەتكە كەلدىم ـ دە، ئۇستۇپشىمدىكى قوملارنى قاقتىم، بەدىنىم گويا خورما رەڭدىكى قوي تېرىسى بىلەن قاپلانغاندەك بولۇپ كەتكەنىدى. كىيىملىرىمنى كىيىپ قاسىمئاخۇننى بىللە مېڭىشقا دەۋەت قىلدىم. بىز كۈن بويى بىر ئېغىزمۇ سۆزلەشمىگەنىدۇق. گەپمۇ خۇش ياقمىغاچقا، پەس ئاۋازدىلا كۇسۇرلىشاتتۇق. قاسىمئاخۇن سەكرات ئالدىدىكى ئادەمنىڭ ئاۋاز- دەك ئاۋازدا ئەمدى ئورنۇمدىن تۇرالمايمەن دەپ جاۋاب بەردى ۋە ئۇمىدىنى ئۈزگەندەك قىلىپ، ماڭا ئۆزىنىڭ ئەمدى پۈتۈنلەي تۈگەشكەنلىكىنى ئۇقتۇر- دى. شۇنىڭ بىلەن، قاپقاراڭغۇ كېچىدە قۇملۇقنى كېزىپ ئۆزۈم يالغۇز يۈرۈپ كەتتىم.

## 18. يالغان ئىز

ئەمدى مەن راستتىنلا بىر يېگانە ئادەم ئىدىم، پەقەت چىراغ نۇرىدەك چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلارلا ماڭا ھەمراھ ئىدى.

ھاۋا سوغۇق ھەم جىمجىت، يىراقتا شۇنچىكى ئاۋاز بولسىمۇ ئېنىق ئاڭلىنىلى بولاتتى. بىر پەس يۈرگەندىن كېيىن قۇلىقىمنى قومغا يېقىپ تىڭشاپ باقاتتىم، بىراق قۇلىقىمغا ۋاقىت ھېسابلىغۇچنىڭ تىك ـ تىك قىلغان ئاۋازى بىلەن يۈرىكىمنىڭ ئاستا ۋە ئاجىز سوققان ئاۋازىلا ئاڭلىناتـتى. ئۇنىڭدىن باشقا، يىقىن ئەتراپتا باشقا جانلىقنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر بېرىدىغان ھېچقانداق ئاۋاز يوق ئىدى.

ئاخىرقى بىر تال تاماكىنى ھوزۇر بىلەن تۈتاشتۇردۇم، قالغىنىنى تۇنۇگۇن چېكىپ بولغانىدىم. ئۇسسۇزلۇق ئازابىنى بېسىش ئۈچۈن يېرىمـىنلا چېكەتتىم، قاسىمئاخۇن قالغان يېرىمىنى چېكەتتى؛ قاسىمئاخۇن ھەر قېتىم چەككىنىدە، ماڭا بۇنىڭ ھوزۇرى بىلەن روھىم كۆتۈرۈلۈپ قالدى دەيتتى. بىراق، بۈگۈن ئاخشام بۇ ئاخىرقى بىر تال تاماكىنى يالغۇز چېكىۋېتىشىمگە توغرا كەلدى.

ئاستا ـ ئاستا بېلىمنى رۇسلاپ، قاراڭغۇ كېچىدە يەنە ئالغا قاراپ ماڭدىم، سائەت 12 يېرىم بولغاندا بىر تۈپ يۇلغۇن تۈۋىگە كېلىپ ئولتۇرـدۇم. ئوت يېقىشقا تىرىشىپ كۆرۈۋېدىم، ياقالمىدىم، شۇنىڭ بىلەن ئۇخلاپ قالدىم.

توساتتىن نېمىنىڭدۇر ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كەتتىم. كەينى تەرەپتىكى قۇملۇقتىن قانداقتۇر بىر ھەرىكەتنىڭ شەپىسى كېلەتتى. ئۆزۈمنى سەگەكـلەشتۈرۈپ قۇلاق سالدىم، قۇلىقىمغا ئاللىقانداق بىر ئاياغ تىۋىشى ئېنىق ئاڭلاندى، ئاندىن قاراڭغۇلۇق ئىچىدە بارا ـ بارا بىر ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈندى.

— سىزمۇ، قاسىمئاخۇن؟ — دەپ سورىدىم.
— ھەئە مەن، بېگىم، — دېدى ئۇ، ئۇ سوغۇق كېچىدە ئاز ـ تولا ماغدۇرىغا كەلگەندىن كېيىن ئىزىمدىن مېڭىپ يېتىشىپ كەلگەنىكەن.
بۇ ئۇچرىشىش مەندە بىر ئاز جاسارەت قوزغىدى. قاراڭغۇدا يەنە بىر پەس يول ماڭدۇق، بىز ھارغىنلىق بىلەن ئۇيقۇسىراشقا قارشى پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن تىركىشەتتۇق. قول ـ پۇتلىرىمنى تەڭ ئىشقا سېلىپ خېلى ئۇزاق يولنى ئۆمىلەپ ـ پايپلاپ باستىم، بارخاننىڭ تىك يانتۇ تەرىپىدىن ھېچنېمىگە قارىماي دومىلىدىم. ھاياتىنىمۇ قەدىر ـ قىممەتلىك ھېچ نەرسە يوق ئىكەن.
قىيپاشراق كەلگەن بىر بارخان ئۈستىدە كېتىۋاتاتتۇق، توساتتىن ئەندىكىپ كەتتۇق، يۈرىكىمىز گېلىمىزغا قاپلىشىپ قالغاندەك بولدى، كۆز ئالدىمىزدىكى قۇملۇقتا قانداقتۇر بىر يولۇچىنىڭ ئىزى پەيدا بولدى.
ئېڭىشىپ تۇرۇپ تەپسىلىي قاراپ باقتۇق. شۈبھىسىزكى، بۇ ئادەم قالدۇرغان ئىز — بۇنىڭدىن دەريانىڭ ئانچە يىراق ئەمەسلىكى مەلۇم ئىدى، بولمىسا نەدىمۇ بۇنداق يىراق قۇملۇقتا ئېزىپ يۈرىدىغان باشقا يولۇچى بولسۇن؟ بىز بىردىنلا سەگەكلىشىپ كەتتۇق.
— بىراق، غەلىتە ئىشقۇ، بۇ بىيگى ئىز ئىكەن، — دېدى قاسىمئاخۇن.
— بۇنى چۈشەندۈرۈش ئوڭاي، — دېدىم مەن جاۋابەن، — نەچچە كۈن بولدى بوران چىقمىدى. ئېھتىمال، تۈنۈگۈن ئاخشام ئۈچ توغراقتا ياتقان گۈلخان بىرەر پادىچىنىڭ دىققىتىنى تارتقان بولسا كېرەك. ئۇ پادىچى ئوت كۆرۈنگەن يەردە نېمە ئىش بولغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن مۇشۇ دائىرىگە ئىختىيارسىز كىرگەن بولسا كېرەك.
ئەمدى بىز ئېھتىيات بىلەن شۇ ئىزنى قوغلىشىپ بىر بارخاننىڭ ئۈستىگىچە باردۇق، ئۇ يەردە قۇمنىڭ ئۈستى قاتتىق بولغاچقا، ئىزنى تېخىمۇ ئوچۇق كۆرگىلى بولاتتى. شۇ چاغدا قاسىمئاخۇن لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى ـ دە، ئاڭلىنار ـ ئاڭلانماس ئاۋاز بىلەن دېدى:
— بۇ ئۆزىمىزنىڭ ئىزى ئىكەن!
ئېڭىشىپ سىنچىلاپ قارىدىم، ئۇنىڭ گېپى توغرا ئىكەن. بۇ بىزنىڭ

ئۆتۈكمىزنىڭ ئىزى ئىدى، يەنە ئۇ يەردە، بۇ يەردە ئۇششاق ـ ئۇششاق ئىزلار تۇراتتى، بۇ گۈرجەكنىڭ ئىزى ئىدى، قاسىمئاخۇن دائىم گۈرجەكنى ھاسا قىلىپ ماڭاتتى. ئىشەنچسىزلىك ۋە ئۈمىدسىزلىك تۈپەيلىدىن ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتۇق! مۇشۇ بىر دائىرىدە كوچىمىزنى ھارام قىلىپ بىكاردىن ـ بىكار چۆرگىلەپ يۈرۈپتۇق. مۇشۇ نەچچە سائەت ئىچىدە ھارغىنلىق بىلەن ئۆگدەك دەستىدىن كومپاسقا قاراشقا كۆڭۈل بۆلمەپتىمەن. ئاخىرقى كۈچ ـ قۇۋۋىتىمىزنى بىكار ئىسراپ قىلىۋېتىپتىمىز! ئەمدى پۈتۈنلەي تۈگەشتۇق!

ئىككىنچىلەپ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىشمىدۇق، يەرگە ئۆزىمىزنى تاشلىۋەتتۇق، سائەت ئىككى يېرىم ئەتراپىدا ئۇخلاپ كېتىپتۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 19. نىجاتلىقتا ئېرىشىش

تاڭ سەھەردە ئويغاندۇق. ئويغىنىپلا زورىغا يولغا چىقتۇق. سائەت تۆتتىن ئون مىنۇت ئۆتكەنىدى، گېلىمىز چىدىغۇسىز دەرىجىدە قۇرۇپ كەتكەنىدى. ئۆگىلىرىمىزنىڭ غىرسىلىغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى، ھەتتا ئۆگىلىرىمىزنىڭ بىر ـ بىرىگە سۈركىلىشىدىن قىزىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلاتتۇق، كۆزىمىزنى يۇمۇپ ـ ئاچالمايتتۇق.

قاسىمئاخۇننىڭ تۇرقى ناھايىتى قورقۇنچلۇق ئىدى. ئۇنىڭ تىلى ئىششىپ قۇرۇپ ئاقىرىپ، كالپۇكلىرى كۆكىرىپ، مەڭىزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنىدى، كۆزلىرى خۇددى ئەينەكتەك نۇرسىز ئىدى، يەنە سىپازمىلىق قىلتاماق كېسىلى بولۇپ قالغانىدى. ئۇ مەزمۇت دەسسەپ تۇرالمايتتى، شۇنداقتىمۇ ماڭا ئەگىشىپ كېلەتتى.

كۈن چىققان پەيتتە شەرق تەرەپتىكى ئاسمان بىلەن يەر تۇتاشقان جايدا روشەن بىر رامكا پەيدا بولدى. بىردىنلا كۆزىمىزگە يېشىل ئۇپۇق سىزىقى كۆرۈندى، يۈرىكىمىز قارتىندە قىلىپ قالدى. چۈنكى، ئۇ ئىلگىرى كۆرگىنىمىزگە ئوخشىمايتتى. ئەمدىكى ئۇپۇق سىزىقى سان ـ ساناقسىز قۇم دۆۋىلىرىدىن تەركىب تاپقان ھەرە چىشىسىمان سىزىقچە بولماستىن، بەلكى قىلچىمۇ ئەگرى ـ بۈگرىلىكى يوق ئىلپەتەك تۈز سىزىق. خوتەن دەرياسى بويىدىكى توغراقلىق ئىدى. ئۇ يىقىنلاپ كەلسە غايىب بولۇپ كېتىدىغان ئىزنىتقۇغا ئوخشىمايتتى، بەلكى ئۇپۇق سىزىقى ئۈستىدىكى بىر تال قارا رەڭلىك يولغا ئوخشايتتى. ئالدىمىزغا قاراپ ماڭغانسېرى شۇنچە ئوچۇق كۆرۈنەتتى.

سائەت بەشكە يېقىنلاشقاندا بىر قۇم جىلغىسىغا يېتىپ كەلدۇق. ئۇ يەردە سانسىزلىغان توغراق ئۆسۈپ تۇرۇپتۇ. بۇ يەردە يەر ئاستى سۈيى جەزمەن تېرەن ئەمەس ئىدى، بۇ يەرنىڭ بىز ئىزدىگەن خوتەن دەرياسىنىڭ

كونا قىنى ئىكەنلىكىدە گەپ يوق ئىدى. قۇدۇق كولاشقا يەنە بىر قېتىم ئۇرۇنۇپ كۆردۇق، بىراق ئۇنىڭغا مادارىمىز يەتمىگەچكە يالتىيىپ قالدۇق ـ دە، شەرققە قاراپ يەنە ماڭدۇق.

يەنە بىر گىياھسىز تاپتاقىر ئويمان قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كەلدى. سائەت بەش يېرىمدا شالاڭ ئۆسكەن، ئەمما تۇتاش كەتكەن توغراقلىققا يېتىپ كەلدۇق. قويۇق يوپۇرماقلىق توغراق شاخلىرى تاشلاپ تۇرغان سالقىن سايە كەڭ ئاسماننى توساپ تۇراتتى. بۇ توغراقلار راسا كۆكلەۋاتقان پەيت ئىدى.

باھار شادلىقىنى بىزدەك ھەقىقىي ھېس قىلغان كىشىلەر كەمدىن ـ كەم بولسا كېرەك!

ئۇ يەردە مىدىر ـ سىدىر قىلماي تۇراتتىم، قولۇم بىلەن چېكەمنى باستىم، تېخى بايىلا بىر يامان چۈش كۆرگەندەك قىلاتتىم، ھېلىمۇ يېرىم ئۇيقۇلۇق، يېرىم ئويغاق ھالەتتە تۇرغاندەك ئىدىم، ئەمدى پىكرىمنى كۆچەپ تۇرۇپ بىر يەرگە يىغدىم. بىز يېقىنقى بىر ھەپتە ئىچىدە خۇددى كۆيۈۋاتقان مەشكە ئوخشاش ئىسسىق قۇملۇقنىڭ ھالاكەت رايونىنى تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ يۇرۇپ مىڭ تەسلىكتە بېسىپ ئۆتمىدۇقمۇ؟ ھازىر بولسا كۆز ئالدىمىزدا سالقىن سايە ۋە يېقىملىق يېشىللىق، ئورماندا ئېچىلىپ كەتكەن ياۋا گۈللەر، شاختىن ـ شاخقا سەكرەپ سايرىشىپ تۇرغان قۇشلار تۇراتتى. كۆل رەڭلىك بۇ قەدىمىي دەرەخلەر ئارىسىدا ياۋايى ھايۋانلاردىن يولۋاس، بۆرە، تۈلكە، بۇغا، توشقان ۋە بۆكەنلەر قالدۇرغان سان ـ ساناقسىز ئىزلار بار ئىدى. چىۋىنلار گىژىلداپ ئۇچۇشۇپ تۇراتتى، بىراق ئادەمنى بىزار قىلمايتتى؛ ئۇچار قوڭغۇزلار يېنىمىزدىن خۇددى ئوقتەك ئۇچۇپ ئۆتەتتى، ئۇلارنىڭ قاناتلىرى چىقارغان ئاۋاز گويا چېلىنىۋاتقان گارمۇننىڭ ئاۋازىغا ئوخشايتتى، ھەممە يەر باھار ۋە ھاياتلىققا تولغان.

ماڭغانسېرى ئورمان شۇنچە قويۇقلىشىپ باراتتى. گاھى ـ گاھى توغراقلارنىڭ غولىنى پىلەكلەر قاتمۇقات ئورىۋالغانىدى. يىقىلغان قۇرۇق دەرەخلەر ياكى قويۇق جىغانلار ۋە ياكى قۇرۇپ تىك تۇرۇپ قالغان ياغاچلار ھېلىدىن ـ ھېلىغا يولىمىزنى توسىۋالاتتى.

سائەت يەتتىدىن ئون مىنۇت ئۆتكەندە ئورماندىكى بىر پارچە قۇرۇق يەرگە يېتىپ كەلدۇق، ئۇ يەردە ئات ئىزەكلىرى ۋە ئادەم بىلەن ئات ئىزلىرى بار ئىدى. ناھايىتى ئېنىق بولمىسىمۇ، ئەمدى شۇنداق دەپ كېسىپ ئېيتالايتتۇقكى، بىز ھەقىقەتەن قوتۇلدۇق.

ئۇدۇل شەرققە مېڭىشنى تەۋسىيە قىلدىم، چۈنكى ئۇ يۆنىلىش خوتەن دەرياسىغا ئەڭ يېقىن ئىدى. بىراق، قاسىمئاخۇننىڭ مەسلىھەتىگە كىرىپ ھېلىقى ئىزلار بىلەن ماڭدۇق. سايە ئاستىدا ئۇ ئىزلارنىڭ جەنۇب تەرەپكە كەتكەنلىكى ئېنىق كۆرۈندى. شۈبھىسىزكى، بۇ بىزگە بىر يولنىڭ بارلىقىنى ئۇقتۇراتتى.

بىراق، سائەت توققۇز ئەتراپىدا قاتتىق ئىسسىققا چىدىماي، توغراق سايىسىدە ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇق. قول بىلەن تاتىلاپ يىلتىزلار ئارىسىدىن ئورەك كولاپ، توپتوغرا بىر كۈن ياتتۇق. بىراق، كىرپىك قاقماي چىقتۇق.

قاسىمئاخۇنمۇ كۆزلىرىنى ۋە ئاغزىنى يوغان ئاچقىنىچە ئاسمانغا قاراپ مىدىرلىماي ياتاتتى. ئۇ ئىگرايتتى، ھاسىرايتتى، نېمىلەرنىدۇر دەپ جۆيلۈيتتى. گەپ قىلسام زۇۋان سۈرمەيتتى؛ يەلكىسىنى سىلكىسىمۇ سەزمەيتتى. خوتەن دەرياسى يېنىمىزدىلا ئىدى، بۇنىڭغا شەك كەلتۈرمەيتتىم. بىراق، شۇ سەۋەبتىن بۇ يەردە تۇرۇپ ئۇزاق كۈن ۋە قاتتىق ئىسسىقنىڭ ئاستا ـ ئاستا ئۆتۈپ كېتىشىنى كۈتۈشۈم كېرەك ئىدى. بۇ چىداش تېخىمۇ تەس بولغان بىر پەۋقۇلئاددە جازا ئىدى.

كەچ سائەت يەتتە بولغاندا ماغدۇرۇمغا كېلىپ كىيىمىمنى كىيەلىگۈدەك بولدۇم. قاسىمئاخۇننى بىللە مېڭىپ سۇ تېپىپ كېلىشكە دەۋەت قىلدىم، ئۇ بېشىنى چايقاپ، ئۆزىڭىز بېرىڭ، سۇ تاپقاندىن كېيىن ماڭا ئالغاچ كېلىڭ، بولمىسا مۇشۇ يەردە ئۆلمەن دېگەن ئىشارەتنى قىلدى.

مەن گۈرجەكنى ئېلىپ بېشىنى بىر نېمىلەر قىلىپ چىقىرىۋالدىم ـ دە، قايتقاندا بۇ يەرنى تېپىش ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، توغراقنىڭ يولغا سوزۇلغان شېخىغا ئېسىپ بەلگە قىلىپ قويدۇم. گۈرجەكنىڭ سېپىنى ھاسا قىلىپ يولغا چىقتىم. بىرنەچچە قېتىم جىغانلىق ئارىسىغا قاپسىلىپ قېلىپ

چىقالمىغىلى تاس قالدىم، كىيىملىرىم تىتما ـ تىتما بولۇپ، قوللىرىم قاناپ كەتتى. مەن ھەممىشە قۇرۇق دەرەخ غولىدا ئولتۇرۇپ دەم ئالاتتىم، بەزىدە ھەتتا شۇنداق ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قالاتتىم.

قۇياش تاغ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كەتتى. زېمىننى بارا ـ بارا قاراڭغۇلۇق باستى. توساتتىن توغراقلىق خۇددى ئۇزۇۋەتكەندەكلا توختاپ قالدى. شەرق تەرەپتە خۇددى تاختايدەك تۈپتۈز كەلگەن پايانسىز تۈزلەڭلىك ياتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستى قاتتىق قۇم ۋە سېغىز، يەنە كېلىپ ئۇ ئورمان يۈزىدىن ئىككى مېتىر ئەتراپىدا پەس، بارخاننىڭ ھېچقانداق ئالامەتلىرى يوق ئىدى.

بۇ باشقا ئەمەس، دەل خوتەن دەرياسىنىڭ سۈيى قۇرۇپ كەتكەن مەزگىلدىكى قىنى ئىدى.

بىراق، قۇم يەنىلا قۇرۇق، قۇملۇقنىڭ ئىچكى رايونىدىكى بارخانلارغا ئوخشاش قۇرۇق، كەڭ كەتكەن دەريا قىنى قۇپقۇرۇق ئىدى، ئۇ ياز پەسلىدە ئېگىز تاغلاردىكى قارلار ئېرىگەندە كېلىدىغان كەلكۈننى كۈتۈپ تۇراتتى. ياز ۋە كۈز پەسىللىرىدە دەريا سۈيىنىڭ تولىسى ئۇنىڭ قىرغاقتىكى پەسرەك جايغا يىغىلاتتى. شۇڭا، ئاخىرقى مىنۇتلاردا دەريا قىنى ئوتتۇرىسىدا ئۆلۈپ كەتمەي دېسەم، يەنە بىر پەس يول مېڭىشىم كېرەك ئىدى.

مەن ئۇدۇل شەرقىي جەنۇب تەرەپكە ماڭدىم.

ھالبۇكى، نېمىشقا ئىلگىرىكىدەك شەرق تەرەپكە ماڭمىدىم؟ بۇنى ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم. ئېھتىمال، ئاي مېنى ئېزىقتۇرغان بولسا كېرەك.

شۇ چاغدا شەرقىي جەنۇب تەرەپتىن يېڭى ئاي كۆتۈرۈلۈپ، كۆكۈچ نۇرىنى زېمىنغا چاچقانىدى. گۇرجەك سېپىگە تايىنىپ، شۇ تەرەپكە قاراپ مەزمۇت قەدەم بىلەن يۈرۈپ كەتتىم، گويا قارشىلىق كۆرسەتكىلى بولمايدىـ غان قانداقتۇر بىر يوشۇرۇن قول مېنى سۆرەۋاتقاندەك قىلاتتى.

قاتتىق ئۇخلىدەك بېسىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلغىنىمدا، بىر ئاز ئارام ئېلىپ، توساتتىن ئۇخلاپ كەتمەسلىك ئۈچۈن ئۇنى پۈتۈن كۈچۈم بىلەن چەكلەيتتىم. ئادەم مۇشۇنداق ۋاقىتتا ئۇخلاپ قالسا، مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كېتەتتى.

كېتىۋېتىپ ئايغا قارايتتىم ھەم ئۇنىڭ كۈمۈش رەڭ نۇرىنىڭ دەريا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سۇيىدە ئەتكەن ئەكسىنى كۆرۈشنى ئۈمىد قىلاتتىم. بىراق، ھېچنېمىنى كۆرەلمىدىم، شەرق تەرەپتىكى بوشلۇقنى شۇ تاپتا سوغۇق كېچە پەردىسى قاپلىدى.

شۇ تەرىقىدە دەريا قىنىدا 2.5 كىلومېتىر خامۇشتەك ماڭغاندىن كېيىن، كۆزۈمگە قۇرۇق دەريا قىنىنىڭ قارشى قىرغىقىدىكى قاراڭغۇ ئورمان بەلۋېغى كۆرۈندى. ئۇ بەلۋاغنىڭ سىزىقچىلىرى بارا ــ بارا ئوچۇقلاشتى، ئەمدى ئۈنىڭدىكى بۆك ئۆسكەن جىغان بىلەن قومۇشلارنى كۆرگىلى بولاتتى. يېرىم يىقىلغان بىر توپ توغراقنىڭ غولى دەريا قىنىدىكى بىر چوڭقۇر ئازگالنىڭ ئۈستىدە قىيىقچىقىسىغا ياتاتتى. يەنە بىرنەچچە چامدام ماڭسام قارشى قىرغاققا قەدەم قوياتتىم. تۇساتتىن، ئۈركۈپ كەتكەن بىر ياۋا ئۆردەك پۇررىدە ئۇچۇپ كەتتى. ۋوي! ئاللىقانداق بىر ئاجىز دولقۇننىڭ چايقالغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدىم! شۇ دەقىقىدە، يىگىرمە مېتىرچە ئۇزۇنلۇقتىكى بىر كۆلچەك بويىدا تۇرۇپتىمەن. كۆلچەكتە ساپ، مۇزدەك، لەززەتلىك سۇ بار ئىدى!

## 20. قاسىمئاخۇننى قۇتقۇزۇش

شۇ تاپتا قانداق ھېسسىياتتا بولۇۋاتقانلىقىمنى ھەرقانچە قىلساممۇ تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمەن.

مېنىڭ سۇ ئىچىشتىن ئىلگىرى نىمىنى ئويلىغانلىقىمنى ئوقۇرمەنلەر ئۆزلىرى قىياس قىلىۋالسۇن. مەن سۇپىسۇزلۇك سۇ بويىغا كېلىپ تومۇرۇمنى تۇتۇپ باققىنىمدا، تومۇرۇم مىنۇتىغا 49 قېتىم سوقۇۋاتاتتى. مەن يانچۇقۇمدىكى ئاق تۇڭكە قۇتىنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا لىپمۇلىق سۇزۇك سۇ ئېلىپ قانغۇچە ئىچتىم.

سۇ ئىچكەن چاغدىكى ھېسسىياتىمنى ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلەي دەپ قالغان ئادەمدىن باشقا ئادەم ھەرگىز تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ. مەن قۇتىدىكى سۇنى گۇپۇلدىتىپ خاتىرجەم ئىچىشكە باشلىدىم. ئون مىنۇتتا تەخمىنەن ئۈچ لىتىر سۇ ئىچىپ بولدۇم. ئاق قاتالتىر قۇتىغا پاتىدىغان سۇنىڭ مىقدارى ئادەتتىكى ئىستاكانلاردىن ئانچە پەرقلەنمەيتتى، مەن توختىماي 21 قۇتا سۇ ئىچتىم.

ئۇزۇن ۋاقىت ئۇسسۇز قالغان ئادەمنىڭ سۇنى بۇنداق تېز ئىچىۋېتىشى تولىمۇ خەتەرلىك ئىش ئىدى. لېكىن، ئەينى چاغدا بۇ ئىشلار خىيالىمغىمۇ كەلمىگەنىدى. شۇ تاپتا مەن ھاياتلىقىنىڭ تامچە ـ تامچە شەربەتتەك سۇنىڭ جىسمىمدا قانداق ئايلىنىۋاتقانلىقىنىڭ، سۈيۈقلۇقنىڭ جىسمىمدىكى تومۇر ۋە ھۈجەيرىلىرىمگە قانداق كىرىۋاتقانلىقىنىڭ تەمىنى تېتىماقتا ئىدىم. تومۇرلىرىم ۋە ھۈجەيرىلىرىم سۇنى خۇددى قۇرۇق بۇلۇتتەك پاك ـ پاكىز سۈمۈرمەكتە ئىدى.

بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن تومۇرۇم كۆچىيىپ مىنۇتىغا 56 قېتىم سوقۇشقا باشلىدى.

قان گەرچە يېپىشقاق، ئېقىشى ئاستا بولسىمۇ، لېكىن ئۇ تومۇردا يەنىلا

www.uyghurkitap.com

راۋان ئېقىۋېرىدىكەن. ئۇسسۇزلۇقتىن قورۇلۇپ سولىشىپ يىرىكلىشىپ كەت-
كەن قوللىرىمغا سۇ يۇگۇرۇشكە باشلىدى، قەغەزگە ئوخشاپ قالغان تېرىلە-
رىم نەملىشىپ يۇمشاپ، ئېلاستىكىلىقى ئەسلىگە كېلىۋاتاتتى. ئۇزۇن ئۆت-
مەي پېشانەمدە مونچاقتەك تەر تامچىلىرى پەيدا بولدى.




سۇبىن ھېدىن «تەگرى ئاتا قىلغان كۆلچەك» نىڭ بويىدا تۇرۇپ تۇنجى
قۇتا سۇنى ئىچمەكتە (1939 ـ يىلىدىكى ئەسلىمە)

مەن ھايات مۇساپەمنى ھېسابلاپ كۆرسەم، ھاياتىم ئەزەلدىن خوتەن
دەرياسىنىڭ قۇرۇپ كەتكەن قىنىدا ئۆتكەندىكىدەك ئاشۇنداق ئەزىز، ئاشۇن-

ـداق مول، ئاشۇنداق قەدىرلىك تۇيۇلمىغانىدى. «كەلگۈسى» خۇددى كۆچلۈك نۇردەك كۆز ئالدىمدا چاقنىماقتا ئىدى. شۇ تاپتا قەلبىم چەكسىز شادلىققا تولغانىدى. شۈبھىسىزكى، مەن بىر پەرىشتىنىڭ يول باشلىشى بىلەن قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن چىقىپ بۇ كۆلچەك بويىغا كەلگەنىدىم. مەن تېخى پەرىشتىنىڭ قانات قاققان ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم.

ئالاھىدە يېرى شۇكى، بۇ كۆلچەك دەريا قىنىدىن تۆۋەن بولغان بىر ئېرىق ئىچىگە جايلاشقان، ئۇنىڭ يېنىغا كەلمىگۈچە ئۇنى كۆرگىلى بولمايـ ـدىكەن. ناۋادا ئۇنىڭ 50 قەدەم ئوڭ ياكى سول تەرىپىدىن ئۆتۈپ كەتكەن بولسام، ئۇنى بايقىمىغان بولاتتىم. كېيىن ئۇقسام، بۇ يەر بىلەن يەنە بىر كۆلچەكنىڭ ئارىلىقى ناھايىتى يىراق ئىكەن.

خوتەن دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدا بۇلتۇرقى قۇرۇپ سارغىيىپ كەتكەن قومۇشلار تامدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەن، ئەتىيازدا بىخ سۈرۈپ چىققان قومۇشلار كونا قومۇش پايلىرى ئارىسىدىن ئۆسۈپ چىققانىدى. قومۇشلۇقنىڭ كەينى تەرىپىدە قاپقاراڭغۇ، سۈرلۈك بىر ئورمانلىق چوقچىـ ـيىپ تۇراتتى. كۆمۈش رەڭلىك ھىلال ئاي بىر توغراقنىڭ شېخىغا ئىلىنىـ ـشىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى.

يىنىمدىكى ئورمانلىقتىن غەيرىي بىر خىل ئاۋاز ئاڭلاندى. ئېنىقكى، ئۇ يوشۇرۇن مېڭىۋاتقان ئادەمنىڭ ئاياغ تىۋىشى ۋە قومۇشلارنىڭ ئىككى تەرەپكە يىقىلىۋاتقان ئاۋازىدەك قىلاتتى. ئۇ بەلكىم يولۋاس بولسا كېرەك. لېكىن، ئۆز ھاياتىمنى قۇتقۇزغاندىن كېيىن ھېچ نەرسىدىن قورقمايدىغان بولۇپ كەتكەنىدىم. ئەگەر يولۋاسنى كۆرسەم ناھايىتى خۇشال بولىمەن، كۆزلىرىمنى چەكچەيتىپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن مېنىڭ ھاياتىم زور بەدەل تۆلەش ئارقىلىق ئامان قالغان، سەن ئۇنى ئېلىپ كېتەلەمسەن؟ دەپ سورايمەن دېگەنلەرنى ئويلاپ تۇرغىنىمدا، ئاياغ تىۋىشى ۋە قومۇشلارنىڭ ئاۋازى بۇ يەردىن يىراقلاپ كەتتى. نېمىلىكىنى بىلگىلى بولمىغان بۇ ياۋايى ھايۋان بەلكىم بۇ كۆلچەككە سۇ ئىچكىلى كېلىپ، بۇ يەردە بىر ئادەمنىڭ تۇرغىنىنى كۆرۈپ، يىراق كېتىپ ئارام تېپىشنى ئويلىغان بولسا كېرەك.



سۈيۈن ھېدىن خوتەن دەرياسىنىڭ بويىدىكى قويۇق ئورمانلىقتا تىپىرلاپ يۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئاياغ ئىزىنى ئىزدىمەكتە (1933 ـ يىلىدىكى ئەسلىمە)

ھەممە ئىش پەسكويغا چۈشكەندىن كېيىن دەرھال قاسمئاخۇن ئې-
سىمگە كەلدى. ئۇ تېخىچە ئارقامدا قالغان ئورمانلىقتا يېتىپ ئەزرائىل بىلەن
ئېلىشىۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئۈچ سائەت يول يۈرۈپ بۇ يەرگە كېلىپ سۇ ئىچىشى
مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا، دەرھال كەينىمگە قايتىپ ئۇنى قۇتقۇزۇشۇم
كېرەك ئىدى. بىراق، ھېلىقى ئاق قاشالتىر قۇتا بەك كىچىك بولغاچقا،
ئۇنىڭ بىلەن ئېلىپ بارغان سۇ ھېچنېمىگە دال بولمايتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟



سۈيىن ھېيدىن ئۆتۈككە سۇ ئېلىپ تۆگىچى قاسمئاخۇننى قۇتقۇزماقتا

توغرا، پۇتۇمدا ئۆتۈك بار ئەمەسمۇ؟ يەنە كېلىپ سۇ ئۆتمەيدىغان
ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك بار ـ دە. ئۇنىڭغا سۇ قاچىلىسام چېلەك، كومزەك
ئورنىدا ئىشلەتكىلى بولاتتى.

ئۆتۈكنى سېلىپ سۇ قاچىلاش قوللىنىشقا بولىدىغان بىردىنبىر چارە
ئىدى. مەن ئۆتۈكنىڭ قونچىغا لىق سۇ ئېلىپ، ئىككى ئۆتۈكنى ئاياغ
بوغقۇچى بىلەن گۈرجەك سېپىنىڭ ئىككى ئۇچىغا ئېسىپ، ئوڭ مۈرەمدە
كۆتۈرۈپ ماڭدىم. يېنىك قەدەم تاشلاپ، كەلگەن يولۇم بىلەن ئارقامغا
قايتتىم.

ئاي قۇرۇپ كەتكەن دەريا قىنى خىرە يورۇتۇپ تۇرغاچقا، قۇم
ئۈستىدىكى ئاياغ ئىزىنى تېپىش ئانچە تەسكە چۈشمىدى. بۇ چاغدا چارچى-

غىنىمنىمۇ ئۇنتۇپ، دەريانىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى ئورمانلىققا ناھايىتى تېزلا يېتىپ كەلدىم. ئورمانلىققا مېڭىش بىر ئاز تەسكە چۈشتى. پۇتۇمدا نېپىز پايپاقلا بولغاچقا، تىكەن ۋە شاخ ــ شۇمبا ئۇۋاقلىرى ھەدېگەندە پۇتۇمغا كىرىپ كېتەتتى. بۇ چاغدا تەلىيىم تەتۈر كېلىپ قويۇق تۇمان كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى، تۇمان بىردەمدىلا ئايىنى توسۇۋالدى. دەرەخلىك قاپقاراڭغۇ بولۇپ كەتتى، بۇنىڭ بىلەن مەن كەلگەن چاغدىكى ئاياغ ئىزىمنى تاپالمىدىم.

مەن بىر تال سەرەڭگىنى يورۇتۇپ كومپاسقا قارىدىم، لېكىن ئېنىق كۆرەلمىدىم. ئاۋازىمنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ: «قاسىمئاخۇن!» دەپ توۋلىدىم، ھېچبىر سادا چىقمىدى.

مەن ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە قاراپ بىر ئاز ماڭدىم ۋە جېنىمنىڭ بارىچە توۋلىدىم. تىمىسقىلاپ يۈرۈپ خىلۋەت ئورمانلىق ئىچىگە تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىپ كېتىپتىمەن، شۇڭا مۇشۇ يەردە توختاپ تاڭ ئېتىشىنى كۈتمەكچى بولدۇم.

ئۇششاق ــ چۈششەك دەرەخ شاخلىرىنى تېرىپ كېلىپ گۈلخان ياقتىم. ئۇلۇغ ئوت يالقۇنى بىردەمدىلا توغراق غوللىرىنى يورۇتۇۋەتتى. قاسىمئاخۇن چوقۇم ئوتنى كۆرىدۇ، چوقۇم پاراس ــ پۇرۇس ئاۋازلارنى ئاڭلايدۇ، چۈنكى ئۇ بۇ يەردىن ئانچە يىراقتا ئەمەس ئىدى. ئوت ئورمانلىقنى كۈندۈزدەك يورۇتۇۋەتكەن بولسىمۇ، تەۋرىنىپ تۇرغان ئوت يورۇقىدا كەلگەن چاغدىكى ئىزىمنى يەنىلا تاپالمىدىم. يۇمشاق قۇم ئۈستىدە يېتىپ ئوت يالقۇنىنىڭ تەلۋىلەرچە ئوينىغان ئۇسسۇلىنى تاماشا قىلدىم. كېيىن ئوتنىڭ يېنىدا بىرنەچچە سائەت بەھۇزۇر، تاتلىق ئۇخلاۋاپتىمەن. ئوت بولغاندىن كېيىن بۆرە ۋە باشقا ياۋايى ھايۋانلار يېقىن كېلەلمەيتتى.

ئويغانسام تاڭ ئېتىپ كېتىپتۇ. گۈلخانمۇ ئۆچۈپ قاپتۇ، ئەتراپتىكى يىگى كۆكلەپ چىققان توغراقلار ئوتنىڭ يامراپ كېتىشىنى توسۇۋاپتۇ. ئوت پەقەت توغراق غوللىرىنى ئىسلىتىۋېتىپتۇ، دەرەخ ئۈستىنى قويۇق ئىس قاپلاپ كېتىپتۇ، ھېلىقى سۇ قاچىلانغان قىممەتلىك ئۆتۈك بىر توپ توغراققا يۆلەكلىك تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭ ئاستىدىكى تۇپا پەقەت نەم بولماپتۇ. مەن

دەرھال بىر ئوتلام سۇدا ناشتا قىلدىم ــ دە، يەنە ئىزىمنى ئىزدەشكە باشلىدىم، تەلىيىمگە يارىشا ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئىزىمنى تېپىۋالدىم.

قاسىمئاخۇننىڭ يېنىغا يېتىپ كەلگەندە، ئۇ تېخىچە ئورنىدا ياتاتتى. دەسلەپتە سىرلىق نەزەرى بىلەن ماڭا قارىدى ۋە مېنى تونۇپ زورلاپ ئولتۇرۇپ، ئۆمىلەپ ئالدىمغا كېلىپ:

— مەن ئۆلەي دەپ قالدىم، — دېدى پەس ئاۋازدا.

— سۇ ئىچەمسىز؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن ئاستاغىنا.

ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ يەنە ياتتى. ئۇ ئۆتۈكنىڭ ئىچىدە نېمە بارلىقىنى قىياس قىلالمىغانىدى. مەن بىر ئۆتۈكنى قولۇمغا ئېلىپ ئۇنى ئاڭلىسۇن دەپ، ئۆتۈكنىڭ ئىچىدىكى سۇنى شالاقشىتتىم. ئۇ ھاياجانلىنىپ ۋارقىرىۋەتتى. ئۆتۈكنىڭ قونچىنى ئۇنىڭ ئاغزىغا ئاپاردىم، ئۇ بىر ئۆتۈك سۇنى تىنماي ئىچىۋەتتى. ھەش ــ پەش دېگۈچە يەنە بىر ئۆتۈكتىكى سۇنىمۇ ئىچىۋەتتى.

مىسلىسىز قىممەتلىك سۇنى ئىچكەن قاسىمئاخۇننىڭ جىسمىدىمۇ تونۇگۇن ئاخشام مېنىڭ جىسمىمدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشكە ئوخشاش ئۆزگىرىش يۈز بەردى. ئىككىمىز بىللە ھېلىقى كۆلچەكنىڭ بويىغا بېرىپ، ئۇ يەردە ئارام ئېلىپ سۇ ئىچىپ، يۇيۇنماقچى بولدۇق.

يېقىنقى بىر ھەپتە ئىچىدە بىز بۇنداق راھەت كۆرۈپ باقمىغانىدۇق. بىراق، قاسىمئاخۇننىڭ تېنى بەك ئاجىزلاپ كەتكەچكە، مەن بىلەن تەڭ ماڭالمىدى. ئۇ خۇددى مەست ئادەمدەك دەلدەڭشىپ ماڭاتتى، بىر نەچچە قەدەم ماڭا ــ ماڭمايلا ئولتۇرۇپ دەم ئالاتتى. مەن مېنىڭ كۆلچەك بويىغا قاراپ ماڭغان ئىزىم بولغاندىكىن ئۇ تېپىپ بارار دەپ، كۆلچەك بويىغا ئالدىدىراق بېرىپ سۇ ئىچىپ، يۇيۇنۇپ ئۇنى بىر سائەت ساقلىدىم. لېكىن، قاسىمئاخۇننىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمىدى. بۇ چاغدا قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتكەچكە، ئىمكانقەدەر تېزرەك ئادەم تېپىپ، ئاز ــ تولا نەرسە ــ كېرەك تېپىپ يەپ ئىسمىگە كەلگەندىن كېيىن، ئۇلارنى ماڭا ياردەملىشىپ قۇملۇققا بېرىپ، ئىسلامباينى قۇتقۇزۇشقا ۋە يىتۈپ كەتكەن يۈك ــ تاقلىرىمنى ئېلىپ كېلىشكە تەكلىپ قىلىشىم كېرەك ئىدى. شۇڭا، قاسىمئاخۇن بىلەن ۋاقتىنچە

كارىم بولمىدى، چۈنكى ئۇ كېيىن كەلسۇن ياكى بالدۇر كەلسۇن كۆلچەك بويىغا كېلەلەيتتى. مەن خوتەن دەرياسىنىڭ قۇرۇپ كەتكەن قىنىنىڭ شەرقىي قىرغىقىنى بويلاپ يۇقىرىسىغا، يەنى جەنۇب تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. ئۆتلۈكۈم بەك ھۆل بولۇپ كەتكەچكە، كىيگىلى بولمىدى، شۇڭا يالاڭ ئاياغ مېڭىشقا مەجبۇر بولدۇم.

## 21 . ئادەم ئىزدەش

سائەت توققۇزدا شىددەتلىك غەرب بورىنى چىقىشقا باشلىدى. توپا ــ چاڭ ۋە قۇمدىن ھاسىل بولغان تۇمان تۇرۇپ ــ تۇرۇپ قۇرۇپ كەتكەن دەريا قىنىغا ھۇجۇم قىلاتتى، يەر ــ جاھان قاراڭغۇلىشىپ كەتتى، بۇنىڭ بىلەن مەن پىژغىرىن ئىسسىق ئازابىنى تارتمايدىغان بولدۇم، لېكىن بوران دەستىدىن دەريانىڭ سول ۋە ئوڭ قىرغاقلىرىدىكى دەرەخلەرنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى.

ئالدىمدىن كېلىۋاتقان قۇم ــ توزانلار مېنى تۇنجۇقتۇرۇپ قويىدىغاندەك قىلاتتى. ئۈچ سائەت ماڭغاندىن كېيىن، بەك ئۇسساپ كېتىپ، ئوڭغا بۇرۇلۇپ ئورمانلىققا كىرىپ چاتقاللار ئارىسىدا ئۆزۈمنى دالدىغا ئالدىم. ئالدى تەرەپتىكى ئەڭ يېقىن كۆلچەككە يېتىپ بېرىش ئۈچۈن نەچچە كۈن يول مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. مۆجىزىدەك بايقىلىپ قالغان سۇ بار جايدىن ئايرىلىش ساراڭلىققۇ؟ قايتىپ كېلىپ قاسىمئاخۇن بىلەن ئۇچرىشىش ئەڭ ياخشى ئامال ئەمەسمۇ؟

مەن بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ئارقامغا قايتىپ، دەريانىڭ دامبىسىنى بويلاپ شىمال تەرەپكە ماڭدىم. يېرىم سائەت مېڭىشىمغا ئالدىمغا كەڭلىكى 1 مېتىر كېلىدىغان بىر كۆلچەك ئۇچرىدى، كۆلچەكتە تۇزلۇقراق كەلگەن دۇغ سۇ بار ئىكەن. مەن سۇنى خېلى جىق ئىچتىم، شۇ تاپتا ھېرىپ پۇت ــ قولۇمدا جان قالمىغانىدى. مەن ئىككىلىنىپ قالدىم. بۇ يەردىمۇ سۇ بار، لېكىن قاسىمئاخۇن ماڭا ھېچقانداق ياردەم بېرەلمەيدۇ، مەنمۇ ئۇنىڭغا ھېچقانداق ياردەم بېرەلمەيمەن. مېنىڭ بەدىنىممۇ بەك ئاجىزلاپ كەتتى، ئەمدى جەنۇب تەرەپكە ھەرگىز ماڭالمايمەن. مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇرغىنىم مۇۋاپىقمىكىن؟ بەلكىم بىرەرى دەريانىڭ سول ياقىسىدىكى ئورمانلىقنى كېسىپ ئۆتىدىغان يولدىن ئۆتۈپ قالار. بوران توختىغاندىن

كېيىن كىشىلەر بىلەن ئالاقىلىشاي.
كۆلچەك بار جايدا پاكار ئۆسكەن قويۇق بىر دەرەخلىك بار ئىكەن، مەن شۇ دەرەخلىكتە ئۆزۈمنى بوراندىن دالدىغا ئالدىم. لېكىن، شۇ يەردە يېتىپ ئۇخلاپ قاپتىمەن. چۈنكى، 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن بۇيان تۈزۈكرەك ئۇخلىيالمىغانىدىم.
ئويغانسام كەچ بولۇپ كېتىپتۇ. بۇ كەچ سائەت سەككىزلەر بولغان چاغ ئىدى. ئورمانلىقتا بوران تېخىچە گۈركىرەپ چىقىۋاتاتتى. مەن يەنە بىر قېتىم سۇ ئىچىۋېلىپ، ئوت قالاپ، ئوت ئالدىدا ئوتقا قاراپ ئولتۇردۇم.
شۇ تاپتا قورسىقىم ئېچىپ كوركىراپ كەتكەنىدى. مەن يۇمران ئوت ـ چۆپ، يېگىلى ئۆسۈپ چىققان قومۇشلار، ھەتتا كىچىك پاقىلارنى تۇتۇپ يېدىم. پاقا شۇنچە سېسىق بولسىمۇ، ئۇنىڭ بوينىدىن تۇتۇۋېلىپ يالماپ يۇتتۇم.
مەن «كەچلىك تاماق» تىن كېيىن يەنە يېقىن ئەتراپتىن نۇرغۇن قۇرۇق شاخ ـ شۇمبا تېرىپ كېلىپ بىر كېچە يەتكۈردەك ئوت قالاپ، شۇ يەردە ياتتىم.
مېنىڭ ئىتىم «يولداش» ماڭا ھەمراھ بولغان بولسا ياخشى بولاتتى ـ ھە! ئۇ ھېلىمۇ تىرىكمىدۇ؟ بەلكىم ئۇ ئىزىمىزنى پۇراپ مۇشۇ دەريا بويىغا كېلەر. مەن جېنىمنىڭ بارىچە ئىسقىرتتىم، لېكىن ھېچقانداق شەپە بولمىدى، شۇنىڭ بىلەن يېنىپ كېلىپ ياتتىم.
ئەتىسى ئەتىگەندە بوران توختىدى، لېكىن ھاۋانى تېخىچە چاڭ ـ توزان قاپلاپ تۇراتتى، بۇ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى قۇملۇققا كىرگەندىن بۇيانقى تۇنجى بوران ئىدى. بوران دەسلەپتە ئۆلۈپ كەتكەن تۆگىمىنى ۋە تۆگەمنى قۇمغا كۆمۈۋەتتى، ئۇ قۇم ئۈستىدىكى ئىزىمىزنىمۇ پاك ـ پاكىز يوقىتىۋېتىشى مۇمكىن. ئىسلامباي ئۆلمىگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭدا كومپاس بولغىنى بىلەن بىزنى تاپالمايدۇ. مەن يات ئادەملەرگە ئۇچراپ قالسام، ئۇلار مەن بىلەن قۇملۇقتا بىرىشقا قوشۇلغان تەقدىردىمۇ، ئاياغ ئىزى بولمىسا، ئىسلامباينى ۋە گازارمامنى، چېدىرىمنى قانداق تاپالايمەن؟
لېكىن، مۇھىمى مەن ھازىر بىرەر ئادەمنىڭ ئىزىنىمۇ ئۇچراتمىدىم.

بۇ يەردە يولدىن ئۆتكەن ئادەمنى ساقلىغان بىلەنمۇ ھېچبىر ئىشەنچ يوق ئىدى. ئالدىنقى قېتىم خەرىتىدىن ئۆلچەپ كۆرسەم، بىز يېتىپ كەلگەن خوتەن دەرياسى ئۆتكەن جاي بىلەن خوتەن شەھىرىنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن 250 كىلومېتىر چىققانىدى. ئەگەر مەن پۈتۈن كۈچۈمنى ئىشقا سېلىپ ماڭسام، خوتەن شەھىرىگە ئالتە كۈندە يېتىپ بارالايمەن.

راستىنى ئېيتقاندا، ئازراقمۇ كېچىكىشكە بولمايتتى. ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە دەرھال يولغا چىقىش قارارىغا كەلدىم، بۇ چاغدا ئەتىگەن سائەت تۆت يېرىم بولغانىدى. مەن ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈككە سۇ ئېلىۋېلىپ، دەريا قىنىنىڭ ئوتتۇرىسى بىلەن ئىتتىك ماڭدىم. يەر شەكلى تۈز بولغاچقا، دەريانىڭ ئەگرى ـ بۈگرى جايلىرىمۇ ناھايىتى ئاز ئىدى. دەريانىڭ كەڭلىكى 1 كىلومېتىردىن 3 كىلومېتىرغىچە كېلەتتى.

بىرنەچچە سائەت ماڭغاندىن كېيىن پۇتلىرىم قاپىرىپ كەتتى. پايپىقىمنى يېرتىپ ئىككى قات قىلىپ پۇتۇمنى تاڭدىم، كۆڭلىكىمنى يىرتىپ قىيىنداق چىقىرىپ ئۇنى پايپاق ئۈستىگە يۆگىدىم.

يەنە بىر كۆلچەك ئۇچرىدى، ئۇنىڭ سۈيى سۈزۈك ۋە تاتلىق ئىكەن. مەن ئۆتۈكتىكى كونا سۇنى تۆكۈۋېتىپ يېڭى سۇنى ئېلىپ، دەريانىڭ سول قىرغىقىنى بويلاپ ماڭدىم. ماڭا ـ ماڭا ئاخىر توغراق چىۋىقلىرىدىن توقۇلغان بىر قوي قوتىنىنىڭ ئالدىغا كېلىم قالدىم ۋە قوتانغا قاراپ بىر ھازا ھاڭۋېقىپ تۇردۇم. تازا زەن سېلىپ قارىۋىدىم، خۇشاللىقىمنىڭ بىردەملىكلا ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. قوتاننىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ قارىسام، بۇ قوتان ئۇزۇندىن بۇيان ئىشلىتىلمىگەنىكەن.

سائەت 11 يېرىم بولغاندا، ئىسسىق ۋە ھارغىنلىق دەستىدىن ئورمانلىققا كىرىۋالدىم. مەن يەنە يۇمران ئوت ـ چۆپ غولى ۋە يېڭى چىققان قومۇشلارنى يىغىپ، ئۇششاق توغراپ سۇ بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يېدىم. بۇ «چۆشلۈك تاماق» تىن كېيىن يەنە بىر چۈشتىن كېيىن ماڭدىم، كەچ سائەت سەككىز بولغاندا ماڭالماي قالدىم، شۇنىڭ بىلەن يەنە ئورمانلىقتا ئوت قالاپ ياتتىم.

ئەتىسى تېخى كۈن چىقماي تۇرۇپلا ئويغىنىپ كەتتىم. ئويغانغاندىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كېيىن دەريانىڭ سول قىرغىقىنى بويلاپ ماڭدىم. بۇ يەرگە كەلگەندە دەريا جەنۇبتىن جەنۇبىي غەرب يۆنىلىشىگە قاراپ سوزۇلغانىكەن. ئەجەبلىنەرلىك يېرى شۇكى، ماڭا يول بويىي بىرمۇ ئادەم ئۇچرىمىدى.

مەن دەريانى بويلاپ ماڭغان بۇ يولنىڭ ئورمانلىقنى كېسىپ ئۆتىدىغان ـ ئۆتمەيدىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن، دەريا قىرغىقىدىكى كەڭلىكى 1 كىلومېتىر كېلىدىغان ئورمانلىقنى غەربكە قاراپ توغرىسىغا كېسىپ ئۆتتۈم. ئورمانلىقنىڭ ئۇ بېشىغا چىقىپ قارىسام، كۆز ئالدىمدا قاراشقىمۇ رايىم قالمىغان ساپسېرىق قۇملۇق كۆرۈندى. ھەيران بولۇپ دەرھال ئارقامغا ياندىم. يەنە بىر سائەت ماڭغاندىن كېيىن قۇم بارخانلىرى دەريانىڭ قىرغىقىغىچە يېتىپ كەلگەن بىر جايغا كېلىپ قالدىم. ئەتراپتا ئۇ يەر، بۇ يەردە ئۆسكەن بىرنەچچە تۈپ توغراقلار بار ئىدى، شۇ تاپتا ئىسسىق دەستىدىن ھېچ ھالىم قالمىغانىدى. مەن بىر تۈپ توغراقنىڭ سايىسىغا بېرىپ ئولتۇردۇم. بۇ قېتىمقى سەپىرىمدە ماڭا سەككىز كۆلچەك ئۇچرىدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ سۈيى تۇزلۇقراق ئىدى.

مەن بىرنەچچە سائەت دەم ئېلىۋېلىپ جەنۇبقا قاراپ يەنە يالغۇز ماڭدىم. بۇ يەردە بىرەر يول بولغان بولسا، ھەرگىز دەريا قىرغىقىنى بويلاپ ماڭمىغان بولاتتىم. كىشلەر ھەققەتەن ئامالسىز قالمىسلا، ھەرگىز قۇم بارخانلىرى ئارىسى بىلەن ماڭالمايدۇ. شۇڭا، دەريانىڭ ئوڭ قىرغىقىدىكى ئورمانلىققا بېرىپ تەكشۈرۈپ باقماقچى بولدۇم.

مەن 2 كىلومېتىر كېلىدىغان دەريا قىنىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتتۈم، لېكىن ئوڭ قىرغاقتىكى ئورمانلىقتىن يولنىڭ كىچىككىنە ئىزناسىنىمۇ تاپالمىدىم.

شۇنىڭ بىلەن، مەن يەنە دەريا قىنىغا چۈشۈپ قىرغاق ۋە ئورمانغا يېقىن ماڭدىم. قۇرۇپ كەتكەن دەريا قىنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا، دەريا قىرغىقىغا 300 مېتىر كېلىدىغان، ئۆستىدە چاتقال ۋە توغراقلار ئۆسكەن جەنۇب ۋە شىمالدىكى ئارالنى بايقىدىم.

كۈن پاتاي دېگەندە، جەنۇبتىكى ئارال بىلەن دەريا قىرغىقى ئارىلىقىدا يالاڭ ئاياغ ماڭغان ئادەمنىڭ يېڭىلا قالدۇرغان ئىزىنى بايقىدىم، ئۇلار مەن ماڭغان يۆنىلىشكە قارىمۇ قارشى يۆنىلىشتە، يەنى جەنۇبىي شىمالغا ماڭغان،

ئۇنىڭ ئۇستىگە تۆت ئىشەكنى ھەيدەپ ماڭغانىدى.

بۇنىڭدىن بۇ چۆل ـ جەزىرىدە مىنىڭ يالغۇز ئەمەسلىكىمنى كۆرۈۋې-لىشقا بولاتتى. بۇ ئىزلار كۆپ بولسا بىر كۈن ئىلگىرىكى ئىزلار ئىدى، ناھايىتى بوش چىققان ئىزلارنىمۇ قۇم ئۇستىدە ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. مەن ئىشەك ھەيدەپ كېتىۋاتقان بۇ ئىككى ئادەم بىلەن قانداقسىگە ئۇچراش-مىغاندىمەن؟ ئۇلار دەل مىنىڭ قارشى تەرىپىمدىن كەلگەن تۇرسا، ئۇلار كۈندۈزى ئارام ئېلىپ ئاخشىمى ماڭغانمىدۇ؟

ئۇلار قەيەردىن كەلگەن، قەيەرگە بارىدىغاندۇ؟ ئۇلار بۇ قېتىم يەنە قەيەردە قونار؟ ئۇلار يا بىرەرىنىڭ قومۇش كەپىسىدە، يا بىرەر كۆل بويىدا قونۇشى مۇمكىن. دەرھال ئۇلارغا يېتىشىۋالاي! بۇ ياخشى چارە ئەمەس ئىدى، چۈنكى ئۇلار خېلىلا ئۇزاپ كەتكەچكە، قانداقلا قىلغان بىلەن ئۇلارغا يېتىشەلمەيتتىم. شۇڭا، مەن ئۇلارنىڭ ئىزىغا قارىمۇ قارشى يۆنىلىش-نى بويلاپ، خوتەن دەرياسىنىڭ ئۇڭ قىرغىقىدىن يىراق كەتمەي جەنۇبقا قاراپ مېڭىۋەردىم.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

# 22. خوتەن دەرياسى بويىدىكى پادىچىلار ئارىسىدا

بۇ خىلۋەت بەلۋاغنى نامازشام قاراڭغۇسى قاپلىدى. مەن دەريا قىنىغىچە سوزۇلغان بىر ئېگىز يەردىن ئۆتۈۋاتقاندا غەلىتە بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ قالدىم. قەدىمىمنى توختىتىپ، نەپەسىمنى بېسىپ زەن سېلىپ ئاڭلىدىم. سۈرەتقاشنىڭ سايرىغان ئاۋازى مېنى كۆپ قېتىم توختاپ ئاڭلاشقا مەجبۇر قىلدى، لېكىن ئىزىمدا جىم تۇرسام ھەممە نەرسە ئىلگىرىكىدەكلا جىمىپ كېتەتتى. بۇ قېتىممۇ ئوخشاشلا ئۈمىدسىزلەندىم. مەن بۇ يەردىن كەتتىم، لېكىن بىرىنىڭ تووۇلغان ئاۋازىنى ئېنىق ئاڭلىدىم، ئارقىدىنلا بىر كالا مۆرىدى، بۇ ئاۋاز ماڭا ئالەمچە شادلىق ئاتا قىلدى.

مەن ھۆل ئۆتۈكنى ئالمان ـ تالمان كىيدىم، يۈرىكىم ئاۋاز چىققان تەرەپكە تەلپۈنۈپ تىپچەكلەيتتى. تىكەن ۋە يەرگە تاشلىنىپ ياتقان قۇرۇق دەرەخ شاخلىرىنىڭ ئارىسى بىلەن يۈگۈرۈپ ماڭدىم، نەچچە قېتىم يىقىلىپ چۈشتۈم، لېكىن قىلچىلىك كۆڭلۈم سوۋۇپ قالمىدى، قويۇق قومۇشلۇق ئىچىدىن دۈگجۈپ يۈرۈپ ئۆتتۈم، يولنى توسۇۋالغان كىچىك دەرەخلەردىن ھالقىدىم.

مەن يېقىنلاشقانسېرى قويلارنىڭ مەرەشكەن، ئادەملەرنىڭ قاتتىق تووۋلاشقان ئاۋازى شۇنچە ئېنىق ئاڭلىنىشقا باشلىدى. بىردەمدىن كېيىن ئورمانلىق ئارىسىدىكى بىر بوش يەرگە يېتىپ كەلدىم. ئۇ يەردە بىر پادىچى ئۇزۇن ھاسىنى كۆتۈرۈۋېلىپ بىر توپ قويىنى بېقىۋاتقانىكەن.

پادىچى كىيىملىرىم يىرتىلغان، چاچلىرىم پاخپايغان، يۈزلىرىم مەينەت، كۆك كۆزەينەكنى تاقاپ دەرەخلەر ئارىسىدىن چىققىنىمنى كۆرۈپ، قورقۇنىدىن سېھىرلەنگەندەك داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇ مېنى ئەرۋاھمىدۇ ياكى چۆل ئالۋاستىسى يولدىن ئادىشىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالغانمىدۇ دەپ

ماڭا قاراپ قېتىپلا قالغانىدى.

بىراق، مەن ئۇنىڭغا خۇشخۇيلۇق بىلەن ئۇيغۇرلار ئورتاق قوللىنىدىغان چاغاتاي تىلىدا[①] «ئەسسالام ئەلەيكۇم!» دەپ سالام بەردىم ۋە ئۆزۈمنىڭ بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالغانلىقىمنى سۆزلەشكە باشلىدىم. ئۇ شۇئان ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قويلىرىنى تاشلاپ قويۇپ يېقىن ئەتراپتىكى پاكار دەرەخلىككە كىرىپ كەتتى.

بىردەمدىن كېيىن ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىدىم. ئۇ يېشى چوڭراق بىر پادىچى بىلەن يېتىپ كەلدى. ئۇ ئانچە قورقۇنچاق ئەمەستەك قىلاتتى، مەن ئۇنىڭدىن تىنچ ـ ئامانلىق سوراپ بولغۇچە، ئۇ ئالدىمغا كېلىپ بولدى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ ئىككىيلەنگە سەرگۈزەشتەمنى قايتا سۆزلەپ بەردىم. ئۇلار مېنىڭ سەككىز كۈندىن بۇيان بىر نەرسە يېمىگەنلىكىمنى، ئەمدى بىرئاز نان تېپىپ يەيدىغان پۇرسەتكە ئېرىشكەنلىكىمنى ئاڭلاپ، مېنى يېقىن جايدىكى كەپىسىگە باشلاپ باردى. كەپە دەرەخ شېخى ۋە ئوت ـ چۆپلەر بىلەن ياسالغان بولۇپ، ئادەم بويىچىلىكلا كېلەتتى.

كەپىگە كىرىپ يېرتىلىپ كەتكەن بىر كىگىزنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردۇم، ياشراق پادىچى ياغاچ ئاياقتا يېگى يېقىلغان زاغرا نان ئېلىپ كەلدى. مەن شۇئان بىر توغرام ئۈشتۈپ يېدىم، لېكىن بىرنەچچە چىشلەم يەپلا تويۇپ قالدىم. ئۇلار ماڭا يەنە بىر تاۋاق ئۆچكە سۈتى ئەكېلىپ بېرىپ باشقا بىر يەرگە كېتىشتى، پەقەت ئىككى ئىتلا ماڭا ھەمراھ بولۇپ قالدى، بۇ ھايۋانلار ماڭا توختاپ توختىماي قاۋىشاتتى.

كەچ كىرگەندە ئۇلار يەنە پادىچى بىلەن بىللە قايتىپ كەلدى. بىز ئورمانلىقتا گۈلخان يېقىپ، گۈلخان ئەتراپىدا ياتتۇق. دېمەك، مەن ئەمدى ئۇسسۇزلۇق ۋە ئاچلىق ئازابىدىن تولۇق خالاس بولغانىدىم.

تېخى تاڭ يورۇماي تۇرۇپلا پادىچىلار ماللىرىنى ھەيدەپ كېتىشتى، ئۇلار چۈشتە قايتىپ كەلدى.

ئەمدى مەن بۇ بىرنەچچە ساھىبخانىم بىلەن تېخىمۇ ئوبدان تونۇ-

---

① چاغاتاي تىلى، يەنى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىن ئىلگىرى بۇ تىلنى ئۇيغۇرلار ئورتاق ئىشلىتەتتى.

شۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم. ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى يۇسۇپباي، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى توختىباي، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى پاشائاخۇن ئىكەن. ئۇلار بۇ يەردە 170 قوي ۋە ئۆچكىنى باقىدىكەن، يەنە 60 كالىسى بار ئىكەن. بۇ چارۋىلار خوتەن شەھىرىدىكى بىر باينىڭ ئىكەن.

بۇ پادىچىلار قىش ـ ياز چارۋىلار بىلەن بىللە دالا ئورمانلىقىدىكى كەپىدە تۇرىدىكەن، ئايلىق ئىش ھەققى ئاران 20 تەڭگە (تەخمىنەن توققۇز مارك) ئىكەن، بۇنىڭدىن باشقا باي ئۇلارغا يەنە مەلۇم مىقداردا قوناق ئۇنى بېرىدىكەن، ئۇنىڭدا نان يېقىپ يەيدىكەن. مۇبادا چارۋىلار بۇ يەردىكى ئوت ـ چۆپلەرنى يەپ بولسا، ئۇلار باشقا جايغا كۆچىدىكەن، ئۇ يەردە ئىلگىرى ياساپ قويۇلغان كەپە بولمىسا يېڭى كەپە ياسايدىكەن. ئۇلار پوتىنىلەي زاغرا نان، سۇ ۋە چاي بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىكەن. ئۇلار ئىچىدىغان چاي كۆچلۈك قارىمۇچ تېتىيدىكەن. ئۇلارنىڭ شەخسىي تەئەللۇقاتى ئىنتايىن ئاددىي بولۇپ، كىيىدىغانىغا بىر يىرتىق چاپىنى، قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن بىر قۇلاقچىسى (توكلىرى چىگىشىپ كەتكەن)، بىر بەلۋېغى (ئىلىنىۋالغان چاپىنى شۇ بەلۋاغقا چىگىۋالىدىكەن) بار ئىكەن، پۇتىغا بىرنەچچە پارچە قوي تېرىسىنى، پاقالچىقىغا ئۇزۇن پايپاقما ئورىۋالىدىكەن. ئۇلارنىڭ شەخسىي تەئەللۇقاتىدىكى ئەڭ مۇھىم نەرسە پالتا ئىكەن، كىچىك كەپە ياساش ۋە ئوتۇن كېسىشتە پالتا بولمىسا بولمايدىكەن. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇلار يەنە ماللىرىنى ئۆتكۈزۈشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، مۇشۇ پالتىسى بىلەن قويۇق ئورمانلىقتىن يول ئاچىدىكەن. قىشتا يۇمران يوپۇرماق ۋە شاخ ـ شۇمبىلارنى يىغىپ كېلىپ قوي ـ ئۆچكىلىرىنى باقىدىكەن.

تاسادىپىيلا مېنىڭ ساھىبخانىم بولۇپ قالغان بۇ بىرنەچچە پادىچى بۇ يەردە بەش كۈن تۇرۇپ قالدى، ئۇلار تېخىمۇ ياخشى ئوتلاق تېپىشنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتى ـ ھە! پادىچىلار بۇ ئورمانلىقنى باراقسانلىق دەپ ئاتايدىكەن. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى بىرلا خىل، تولىمۇ زېرىكىشلىك بولسىمۇ، لېكىن ناھايىتى خۇشال ئۆتىۋاتقاندەك، بۇ تۇرمۇشىدىن رازىدەك كۆرۈنىدىكەن. توختىباي ئۆيلەنگەنىكەن، لېكىن خوتۇنىنى خوتەن شەھىرىدە يىتتۇرۇپ قويغانىكەن. چۈنكى، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ يولدىن ئۆتكەن ـ

كەچكەن جوڭگولۇقلار شۇ يەرلىك ئاياللارنىڭ ئېرىگە ۋاپادار بولۇشىنى خالىمايدىكەن. بىر چەت ئەللىكنىڭ، يەنى مېنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىم ئۇلارنىڭ مەنىسىز تۇرمۇشىغا نىسبەتەن غايەت زور ئىش بولدى، لېكىن ئۇلار مېنى گۇمانلىق ئەبلەخ دەپ بىلىپ، ھەممىشە ئەنسىرەش نەزەرى بىلەن قارىشاتتى.

مېنىڭ ئۇلارنىڭ تىلىنى بىلىشىم ئۇلارنى ئاز ـ تولا خاتىرجەم قىلاتتى. بىز ناھايىتى ئۇزۇن سۆزلەشتۇق.

سۆزلىشىش ئارقىلىق بىلدىمكى، خوتەن دەرياسىنىڭ ئىككى ياقىسىدا ئۇلارغا ئوخشاش پادىچىلار تېخىمۇ كۆپ ئىكەن. بىراق، خوتەن شەھىرىگە يېقىن جايدا ياخشى ئوتلاق بولمىغاچقا، چارۋىدارلار چارۋىلىرىنى يىل بويى خوتەن دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى ئورمانلىقتا باقتۇرىدىكەن. بۇ خوتەن دەرياسىنىڭ سۈيى قۇرۇپ كېتىدىغان مەزگىل بولغاچقا، بۇ پەسىلدە خوتەن ۋە ئاقسۇغا كېلىپ ـ كېتىدىغانلار دەريا قىنى بىلەن ماڭىدىكەن، بۇ مەزگىلدە دەريا قىنى قاتتىق ھەم تۈز بولۇپ، بەئەينى چوڭ يولغا ئوخشاپ قالىدىكەن. دەريا قىنىغا يىغىۋاشتىن سۇ تولغاندىن كېيىنلا، كىشىلەر دەريا قىرغىقىدىكى ئورمانلىق بىلەن ماڭىدىكەن. قاسىمئاخۇن بىلەن ئىككىمىز ئورمانلىقتا ساقلاۋەرگەن بولساق، نەكەمدە باشقا يولۇچىلار بىلەن ئۇچرىشار ئىدۇق!

## 23. ئىسلامبايىنى قۇتقۇزۇش

چۈشتىن كېيىن پادىچىلار ماللىرىنى ھەيدەپ كېتىشتى. بىر توپ چار بازارچى بۇ يەردىن ئۆتكەندە، باراقسانلىقتا مەن يالغۇزلا قالغانىدىم.

بۇ يولدىن 100 چە ئېشەكچى ئۆتتى، ئۇلار خوتەندىن ئاقسۇغا ئاشلىق توشۇيدىكەن. يول باشلاپ ماڭغان ئادەم مېنى كۆرمىگەندەك قىلاتتى، لېكىن ئۇشتۇمتۇت ئادەملەرنىڭ ئاۋازى ۋە بىر نەرسىنىڭ تاراقلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. بىقىن بېرىپ قارىسام، يوغان ئات مىنگەن ئۈچ ئادەم مەن ئارىيەت ئېلىپ تۇرۇۋاتقان كەپە تەرەپكە قاراپ كېلىۋېتىپتۇ. ئۇلار كەپىنىڭ يېنىغا كېلىپلا دەرھال ئاتتىن چۈشتى ۋە مۇلايىملىق بىلەن ماڭا سالام بەردى، ئۇلار مېنىڭ بۇ يەردىلىكىمنى بىلىدىغاندەك، مېنى ئالاھىدە ئىزدەپ كەلگەندەك قىلاتتى. ئەھۋال ھەقىقەتەن شۇنداق بولۇپ چىقتى، پاشائاخۇن ئۇلارغا ئۇچراپ مېنىڭ خەتەرلىك سەرگۈزەشتەمنى دەپ بەرگەنىكەن. شۇڭا، ئۇلار ماڭا كۈتۈلمىگەن بىر خۇش خەۋەرنى يەتكۈزگىلى كەلگەنىكەن. ئۇلار تونۇگۈن باراقسانلىقنىڭ شىمالىدىكى خوتەن دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدا ئاتلىق كېتىۋېتىپ، بىر ئاق تۆگىنىڭ ئورمانلىقنىڭ چېتىدە ئويناقلاپ يۈرۈپ ئوت ـ چۆپ يەۋاتقانلىقىنى، تۆگىنىڭ يېنىدا بىر ئادەمنىڭ ياتقانلىقىنى، بۇ ئادەمنى تىرىك دېگەندىمۇ جېنى ھەلقۇمغا كېلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇلار بۇ ئادەمگە مېھىر ـ شەپقەت يەتكۈزۈپ، ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋاپتۇ، بۇ ئادەم «سۇ»، «سۇ» دەپ ئىڭرىغاندا، ئۇلار بىرەيلەننى چۆگۈننى ئېلىپ، يۈگۈرۈك ئاتقا مىنىپ ئەڭ يېقىن كۆلچەكتىن سۇ ئەكىلىشكە بۇيرۇپتۇ. بۇ ئادەم بىر چۆگۈن سۇنى ئىچىپ، ياڭاق، قۇرۇق ئۈزۈم ۋە نان بىلەن قورسىقىنى تويغۇزۇپ ئاستا ـ ئاستا ماغدۇرىغا كەپتۇ. بۇ ئادەم ئۇلارغا ئۆزىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، قانداقسىگە بۇ يەرگە كېلىپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئۇ باشقا بىرى ئەمەس، دەل مېنىڭ

سادىق دوستۇم ئىسلامباي ئىدى. ئىسلامباي ئۆزىنىڭ نىجات يولتۇزى — خوتەندىن كەلگەن بۇ ئۈچ سودىگەردىن دەرھال بىرىپ مىنى ئىزدەشنى ئۆتۈنگەنىكەن. چۈنكى، ئۇ نەچچە كۈندىن بۇيان مىنىڭ قارامىنمۇ كۆرمەـ گەنىدى. ئىسلامباي مۇبادا ئۇلار مىنى تىپىۋالسا مىنىڭ خوتەنگە بىرىپ دەم ئالغاچ داۋالىنىپ سالامەتلىكىمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشۈم ئۈچۈن، ئۇلارـ دىن بىر ئىتنى ماڭا بىرىپ تۇرۇشنى ئۆتۈنگەنىكەن. شۇڭا، ئۇلار دەرھال مىنى ئىزدەپ كەلگەنىكەن. مانا ئەمدى ئۇلار بۇ كەپىدىن مىنى تاپتى.

ئۇلار بىر ئىتنى ماڭا بىرىپ تۇرماقچى بولدى، لىكىن ۋاقتىنچە مۇشۇ يەردە تۇرۇپ ئىسلامباينى ساقلىماقچى بولدۇم، چۈنكى ئۇ تۆگىنى تىپىپ دەريا بويىغا كىلىپ، بىر قىسىم يۈك ـ تاقلىرىمنى، بولۇپمۇ كۈندىلىك خاتىرە دەپتىرىم ۋە خەرىتەمنى تىپىشى مۇمكىن ئىدى. زىھنىي قۇۋۋىتىم ئەسلىگە كەلگەندىن كىيىن، قۇملۇقتا بىرىپ چىدىر ۋە باشقا يۈك ـ تاقلىرىمنى ياندۇرۇپ كەلمەكچى ئىدۇق.

مەن بۇ ئۈچ سودىگەرگە رەھمەت ئىيتىپ، ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويدۇم. ئۇلار مىڭىش ئالدىدا ماڭا بىرمۇنچە توقاچ بەردى ۋە خوتەنگە بارغاندا بىرەرسىز دەپ مەردلىك بىلەن 18 تەڭگە ئۆتنە بەردى.

ئەتىسى شىددەتلىك شەرقىي شىمال بورىنى چىقىپ پۈتۈن جاھاننى قۇم ـ توزانغا كۆمۈۋەتتى. مەن بىر كۈن كەچكىچە كەپىدىن سىرتقا چىقماي ياتتىم. قۇملۇق ئېكسپېدىتسىيىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىرنەچچە كۈندىكى ھارغىنلىق مىنى ئەمدى ھالسىرىتىشقا باشلىغانىدى. شۇ تاپتا مەن ئۇزۇن مۇددەت كىسەل ئازابى تارتىپ، ئەمدىلا ساقايغان ئادەمدەك بولۇپ قالغانىدىم.

كۈن ئولتۇراي دىگەندە بىر ئاۋاز مىنى ئويغىتىۋەتتى. مەن بۇنى چۈشۈمدىكى ئاۋازمىكىن دەپتىمەن، ئەمما سىرتتا تۆگىنىڭ ئاۋازى ئىنىق ئاڭلاندى، يۈگۈرۈپ تالاغا چىقتىم، ئالدىمدا پاشائاخۇن تۇراتتى، ئۇ مىنىڭ ئاق تۆگەم «ياخشىيار» نى يىتىلىۋالغانىدى، پاشائاخۇننىڭ كەينىدە ئىسلامـ باي بىلەن قاسىمئاخۇن كىلىۋاتاتتى.

ئىسلامباي خۇشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي ئالدىمدا تىزلاندى ۋە

پۇتۇمنى قوچاقلاپ ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتتى. دەرھال ئۇنى يۆلەپ ئۇنىڭغا تەسەللى بەردىم. ئۇ مەن بىلەن يەنە كۆرۈشۈپ قېلىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەننىكەن، مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ قېلىشمنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدىم. بۇ مىنۇتلاردىكى ئۇچرىششنىڭ ئىككىمىزنى قانچىلىك خۇشال قىلىۋەتكەنلىكىنى ئوقۇرمەنلەر ئۆزلىرى تەسەۋۋۇر قىلىۋالسۇن.

ئاق تۆگىگە ئىككى نەرسە ئارتىلغانىدى. ئۇنىڭ بىرى، مېنىڭ ئىلمىي ئۇسكۇنىلىرىم (ئېگىزلىك ئۆلچەش ئەسۋابى يوق تۇراتتى) ، خاتىرە، خەرىتە، قەغەز ۋە قەلەملىرىم ئىدى؛ يەنە بىرى، مەن ئېلىۋالغان جۇڭگونىڭ يامبۇ، پانۇس، چۆگۈن، تاماكا ۋە باشقا نەرسىلىرى ئىدى. بۇلاردىن باشقا، ئۇلار ئىككى دانە ئۇزۇن مىلتىقنىمۇ كىگىزگە يۆگەپ ئالغاچ كەپتۇ.

ئىسلامباي بىرئاز ئارام ئېلىۋالغاندىن كېيىن، بىر توغرامدىن نان يەۋېلىپ ئايرىلىپ كەتكەندىن كېيىنكى سەرگۈزەشتىلىرىمىزنى سۆزلەشكە چۈشۈپ كەتتۇق.

بىر 5 ــ ئاينىڭ 2 ــ كۈنى كېچىدە، ئىسلامبايدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئۇ شۇ يەردە بىرنەچچە سائەت يېتىپتۇ، كېيىن تۆت تۆگىنى يېتەكلەپ تاكى تۆگىلەر ماڭماي تۇرۇۋالغۇچە ئىزىمىزنى بويلاپ مېڭىپتۇ. 5 ــ ئاينىڭ 3 ــ كۈنى يېرىم كېچىدە، بىز ئۈچ تۈپ توغراق دېگەن يەردە ياققان ئۇلۇغ گۈلخاننى كۆرۈپ، ئۇنىڭ پۇت ــ قولىغا ئاز ــ تولا ماغدۇر كىرىپتۇ، بۇنىڭدىن ئۇ بىزنىڭ ھايات ئىكەنلىكىمىزنى بىلىپتۇ ھەمدە ئورمانلىققا يېتىپ بېرىپتۇ، سۇمۇ تېپىپتۇ. ئەتىسى چۈشتە ئۇ ئۈچ تۈپ توغراق دېگەن يەرگە كېلىپ، بىر تۈپ توغراقنى ئويۇپ بىرئاز سۇ چىقىرىپ ئۇسسۇزلۇقنى ئازراق بېسىپتۇ ۋە بىر تۆگىدىكى نەرسىلەرنى قويۇپ كېتىپتۇ.

5 ــ ئاينىڭ 5 ــ كۈنى، ئۇ ئىزىمىزنى بويلاپ مېڭىۋېرىپ خوتەن دەرياسىنىڭ ئاشۇ قۇرۇپ كەتكەن كونا قىنىغا يېتىپ كەپتۇ. مۇشۇ يەردە بىر تۆگە يۈكنى تاشلاپ شەرق تەرەپكە قېچىپ كېتىپتۇ. ھېلىقى ئۆلەرمەن ئىت «يولداش» مۇ سۆرىلىپ مۇشۇ يەرگىچە كېلىپ يېتىپ كېتىپتۇ.



سۆپن ھېدىن ئىسلامباينى توغرا يۆتىلىشكە باشلاش مەقسىتىدە ياققان گۈلخان

5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، مەن مىنىدىغان بوغرا ماڭالماپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ھېلىقى نارمۇ ماڭالماي قاپتۇ، ئۇنىڭغا ئېگىزلىك ئۆلچەش ئەسۋابى، تاماكا، چاي، شېكەر، شام ۋە بىرنەچچە بولاق ئوقۇرە ئارتىلغانىدى؛ پەقەت ھېلىقى ئاق تۆگىلا بەرداشلىق بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن خوتەن دەرياسىنىڭ بويىغا كەپتۇ.

ئىسلامباي دەريانىڭ قۇرۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، يەنە مېڭىۋېرىشكە چامى يەتمەي، پۈتۈنلەي ئۈمىدسىزلىنىپ ئۆلۈمنى كۈتۈپ يېتىپتۇ. بۇ 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئەتىگەندىكى ئىش ئىكەن. شۇ كۈنى چۈشتە، ھېلىقى ئۈچ سودىگەر دەل ئاشۇ يەردىن ئۆتۈپ قېلىپ سۇ ۋە نان بېرىپ ئىسلامباينى قۇتقۇزۇۋاپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ قاسىمئاخۇنغا ئۇچراپ مېنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىمنى ئاڭلاپتۇ. قاسىمئاخۇن مېنى شىمالغا مېڭىپ ئاقسۇ (ئونسۇ) غا كەتتى دەپتۇ، ئىسلامباي مېنى چوقۇم خوتەن تەرەپكە كەتتى

دەپ پەرەز قىپتۇ، شۇڭا بۇ ئىككىيلەن جەنۇب تەرەپكە مېڭىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي پاشائاخۇنغا ئۇچراپتۇ، پاشائاخۇن مېنىڭ تۇرۇۋاتقان يېرىمنى ئۇلارغا دەپ بېرىپتۇ.

ئىسلامباي ھەقىقەتەن تەڭداشسىز باتۇرلۇق كۆرسەتكەنىدى. ئۇ قاسىمئاخۇن بىلەن ماڭا ھەرگىز ئوخشىمايتتى، يالغۇز ئۆز ھالىدىن خەۋەر ئېلىپلا قالماي، بىر تەرەپتىن ئەزرائىل بىلەن ئېلىشسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئامال تېپىپ ئەڭ قىممەتلىك يۈك ــ تاقلىرىنى ساقلاپ قاپتۇ. ئۇ بارلىق قىممەتلىك نەرسىلەرنى ئاق تۆگىدىن زادىلا ئايرىماپتۇ، چۈنكى بۇ ئەڭ قاۋۇل تۆگە ئىدى. بۇ ئىش مېنى پۇختا ئاساس بىلەن تەمىنلىدى، نەتىجىدە بۇ يىل ئىشلىنىدىغان ئىلمىي تەكشۈرۈش خىزمىتى ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان بولدى، ئەسلىدە مەن بۇ خىزمەت پىلانىنى ئىجرا قىلىشتىن ئۈمىدىمنى پۈتۈنلەي ئۈزگەنىدىم.

بىز كەچتە پادىچىلارنىڭ كىچىك كەپىسىدە ئوتنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ تەبرىكلەش زىياپىتى ئۆتكۈزدۇق. پاشائاخۇن كۆپ قېتىم باھانە كۆرسىتىپ تۇرۇۋېلىپ ئاخىر بىر قوينى بىزگە 32 تەڭگىگە سېتىپ بەردى. بىز قوينى سويۇپ، ئەڭ ياخشى يەرلىرىنى قازانغا سېلىپ پىشۇردۇق. گۆشنى يەپ تومۇرۇم مىنۇتىغا 60 نى سوقىدىغان بولدى، لېكىن ئەسلىدىكى مىنۇتىغا 82 نى سوقىدىغان ھالەتكە كېلىشكە يەنە ئۈچ كۈن بار ئىدى.

مانا، ئىسلامباي، قاسىمئاخۇن ۋە مەن ھاياتىمىزنى قۇتقۇزدۇق. باشقا ئىككى كىشى — يولچى بىلەن مۇھەممەد شاھقا كەلسەك، كېيىن ئۇلارنىڭ ھېچبىر خەۋىرىنى ئالالمىدۇق.

ئۇلار قۇملۇقتىكى كۆچمە قۇم بارخانلىرى ئاستىدا مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن بولسا كېرەك!

## 24. «هالاكەت گازارمىسى» غا قايتا بېرىش

بۇ يەردىكى ئوت ــ چۆپلەر تۆگەي دەپ قالغاچقا، پادىچىلار 5 ــ ئاينىڭ 11 ــ كۈنى خوتەن دەرياسىنىڭ 10 كىلومېتىر تۆۋەن ئېقىنىدىكى ئوڭ قىرغاقتىكى بىر جايغا كۆچتى. بىزمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ ماڭدۇق.

بىز كىچىك بىر قۇم بارخىنىنى تاللاپ ۋاقىتلىق گازارما قۇردۇق. قۇم بارخىنىنىڭ چوققىسىدا بىرنەچچە تۈپ قېرى توغراق بار ئىكەن، ئۇنىڭ ئەتراپىنى يانتاق ۋە قومۇشلار ئوراپ تۇرىدىكەن. بىز چوڭ ــ كىچىك دەرەخ شاخلىرىدىن بىر كىچىك كەپە تىكتۇق، يەرگە بىر يۇڭ ئەديىال سالدۇق، مەن كۆمۈش قاچىلانغان بېرزېنت خالتىنى ياستۇق، تاماكا قاچىلانغان كىچىك ياغاچ ساندۇقنى ئۈستەل قىلدىم. ھازىرقى ئەھۋالىمىزنى ئېلىپ ئېيتسام، ھالىمىزنىڭ بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق بولۇشىنى ئۈمىد قىلمايتتىم. مەن بۇ كىچىك كەپىدە ستوكھولمدىكى كىتابخانامدىكىدەك راھەت ھېس قىلدىم.

پادىچىلار ماللىرى بىلەن بىزنىڭ يېنىمىزدىكى بىر قومۇشلۇققا ئورۇنلاشتى. پاشائاخۇن ھەر كۈنى ماڭا بىر چۆگۈن ئۆچكە سۈتى بىلەن بىر پارچە زاغرا ئەكېلىپ بېرىپ تۇردى. تاماكىمىز يەنە بىر ھەپتە يېتەتتى، ماڭا باشقا ھېچقانداق ئىش خوتەن دەرياسى بويىدىكى ئورمانلىقتىكى بىنەم يەردە ئۆتكەن روبىنزونچە[1] تۇرمۇشىمىزدەك قىزىقارلىق بىلىنمىدى.

5 ــ ئاينىڭ 12 ــ كۈنى خوتەندىن كەلگەن بىر توپ سودىگەر بىز تۇرۇۋاتقان جايدىن ئۆتتى. مەن ئۇلاردىن ئۈچ ياخشى ئات، ئۈچ يۇرۇش ئىگەر ــ جابدۇق ۋە نوختا، بىر خالتا قوناق ئۇنى، بىر خالتا بۇغداي ئۇنى،

---

① روبىنزون ئەنگلىيە يازغۇچى دانىيل دېفو (1660 — 1731) نىڭ رومانى «روبىنزون-نىڭ ساياھىتى» دىكى باش قەھرىمان، روبىنزون دېڭىزدا ھادىسىگە ئۇچراپ، ئادەمزات ئاياغ باسمىغان كىچىك ئارالدا 24 يىل تۇرمۇش كەچۈرگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىر پار ئۆتۈك (ئۆتۈكنى ئىسلامبايغا بەردىم، ئۇ «هالاكەت گازارمىسى» دىن باشلاپ يالاڭ ئاياغ يول ماڭغانىدى) ، ئاز ـ تولا چاي، بىر چۆگۈن ۋە بىرنەچچە چىنە سېتىۋالدىم. بۇ لازىمەتلىكلەر بولغاچقا، ئەمدى بىزنىڭ خوتەنگە بېرىپ نەرسە ـ كېرەك ئېلىپ كېلىشىمىزنىڭ هاجىتى قالمىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن، بىز دەرهال ئۈچ ئات ۋە هېلىقى ئاق تۆگە بىلەن يەنە قۇملۇققا قاراپ يول ئالدۇق، بۇلار بىلەن هېچبولمىغاندا ئاخىردا يىقىلغان بىرنەچچە تۆگىگە ئارتىلغان نەرسە ـ كېرەكلەرنى ياندۇرۇپ كېلىشكە بولاتتى.



خوتەننىڭ تەۋەككۇل كەنتىدىكى ئوۋچى ئەخمەت مەرگەن

شۇ كۈنى كەچتە ياش ئىككى ئوۋچى بىزنى يوقلاپ كەلدى. ئۇلار ئوۋ ملتىقىنى مۈرىسىگە ئېلىۋالغانىدى. ئۇلار بۇ يەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەهۋالىنى ياخشى بىلگەچكە، ئۇلارنى ئىسلامباي بىلەن قاسىمئاخۇنغا هەمراھ بولۇپ، ئەڭ ئاخىرقى گازارمىمىز — «هالاكەت گازارمىسى» نى ئىزدەش ئۈچۈن ياللىۋالدىم. بۇ چاغدا بۇ ئىككى ئوۋچىنىڭ دادىسى ئەخمەت

مەرگەنمۇ يېتىپ كەلدى. ئۇ بەستلىك، ئىلمەك بۇرۇن، ئۇچلۇق ساقاللىق ئادەم ئىدى. ئۇمۇ بۇ ئىشقا ناھايىتى رازىلىق بىلەن قاتناشتى. ئۇ بىر قېتىم ئوۋ ئوۋلاپ ھېلىقى ئۈچ تۆپ توغراق بار يەرگە بارغانىكەن، قاسىمئاخۇن بىلەن ئىككىمىز شۇ جايدا بەلگە بېرىش ئۈچۈن ئوت قالىغانىدۇق.

5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت بىردە ئىسلامباي، قاسىمئاخۇن، ئەخمەت مەرگەن ۋە ئۇنىڭ بىر ئوغلى ئۈچ ئېتىمنى ئېلىپ، بىر تۇلۇمغا سۇ قاچىلاپ ئورمانلىقتىكى تۇرالغۇمىزدىن ئايرىلدى. مەن بۇ يەردە ئۈچ پادىچىغا ھەمراھ بولۇپ، جىسمانىي قۇۋۋىتىمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن قەيقالدىم ۋە بۇ قېتىمقى قۇملۇق سەپىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر بۆلىكىنى تولۇقلاپ يازدىم ھەمدە بىر يۈرۈش قۇملۇق يەر شەكلى خەرىتىسى سىزىپ چىقتىم.

قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان ئورمانلىق ھاۋاسى ۋە شەرقىي شىمال شامىلىنىڭ يۈلپۈشلىرى نەتىجىسىدە روھىي كەيپىياتىم تەدرىجىي جانلاندى. مېنىڭ كىچىك كەپىدە زېرىكىشلىك ئىچىدە ئۆتكەن تۇرمۇشۇم كۆندە دېگۈدەك يولدىن ئۆتكەن سودىگەرلەرنىڭ يوقلاپ تۇرۇشى بىلەن جانلىنىپ كەتتى.

بىزنىڭ قۇملۇقنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ ئامان قالغانلىقىمىزدەك كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان خەۋەر چاقماق تېزلىكىدە ئاقسۇ ۋە خوتەنلەرگە يېتىپ بېرىپتۇ؛ كىشىلەر شۇ يەرلەردىكى بازارلاردا بىز يولۇققان قىسمەتلەر ئۈستىدە سۆز ـ چۆچەك قىلىشىپتۇ ۋە بىزنىڭ كېلىشىمىزنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپتۇ.

شۇ تاپتا مەن خوتەنگە بېرىپ قايتىدىن بىر ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تەشكىللەپ، ئەسلىدىكى پىلانىم بويىچە تىبەتنىڭ شىمالىغا بارماقچى ئىدىم، شۇڭا تۆگىچىلىرىمنىڭ كېلىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتتۈم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 25. يوقالغان يۈك ـ تاقلار

5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى نامازشام ۋاقتىدا، ئىسلامباي ھەمراھلىرى بىلەن قايتىپ كەلدى، لېكىن ئۇلار ئادەمنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلغۇدەك بىرەر خەۋەر ئېلىپ كېلەلمىگەنىدى.

ئۇلار دەريا بويىدىكى توغراقلىقتىن ئۇدۇل غەربكە قاراپ مېڭىپتۇ، ھاۋا كۈندىن ـ كۈنگە ئىسسىپ كەتكەچكە، چېدىر بار يەرگە بېرىشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ. ئۇلار پەقەت بۇغرانىڭ ئۆلۈكىنىلا تېپىپتۇ، ئۇنىڭ سېسىق پۇرىقى خېلى يەرگىچە بېرىپتۇ. ئۈچ تۈپ توغراق دېگەن يەردە يەنە بىر تۆگىگە ئارتىلغان نەرسىلەر قەپقاپتۇ، ئەمما ئۇ ئانچە مۇھىم نەرسىلەر ئەمەس ئىدى.

ئۇلار ھېچبىرى ئاۋارە بولماي ئىسلامباي ھېلىقى تۆگىنى ـــ نارنى يىتتۇرۇۋەتكەن جايىنى تېپىپتۇ. ئىسلامباي شۇ يەردىكى بىر تۈپ يۇلغۇنغا كەمىرىنى بەلگە قىلىپ قويغانىكەن، يۇلغۇن تۇرۇپتۇ، لېكىن كەمەر يوقاپ كېتىپتۇ، دەرەخ شېخىدا بىر تال ئاق يۇڭ بەلۋاغ ئېسىقلىق تۇرۇپتۇ. دەرەخنىڭ ئەتراپىدا ئۆتۈك كىيگەن بىر ئادەمنىڭ ئىزى قاپتۇ. ئەمدى تۆگە ۋە تۆگىگە ئارتىلغان قىممەتلىك نەرسىلەرگە كەلسەك، ئۇلارنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ. بۇ نەرسىلەر ئۈچ دانە سۇيۇقلۇقسىز بارومېتىر، تېرمومېتىر، دۇربۇن، ئىككى تاپانچا، ئوق ـ دورا، 200 تال تاماكا قاتارلىقلار ئىدى. ئۇلار ئەتراپنى ھەرقانچە ئىزدەپ تۆگىلەرنىڭ سايىسىنىمۇ تاپالماپتۇ، يەنە كېلىپ ھېلىقى ئىزنىمۇ يىتتۇرۇپ قويۇپتۇ.

ئىسلامباينىڭ كەمىرىنى ئېلىپ كېتىپ، ئۆزىنىڭ يۇڭ بەلۋېغىنى يۇلغۇن شېخىغا ئېلىپ قويغان ئادەم زادى كىمدۇ؟ يولچىمىدۇ يا؟ بىز چېدىردىن كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ زېھنىي قۇۋۋىتى ئەسلىگە كېلىپ قالغانمىدۇ؟ لېكىن، ئىسلامباي ئۇ يولچى بولسا چوقۇم ماڭا ئۇچرايتتى،

مەن شۇنچە ئاستا ماڭغان تۇرسام دەپ، بۇنداق بولۇشنى زادىلا ئىشەنمەپتۇ.

كېسىپ ئېيتىمىزكى، يۇڭ بەلۋاغ بىلەن كەمەرنى ئالماشتۇرۇۋالغان ئادەم چوقۇم توگە بىلەن قوشۇپ توگىگە ئارتىلغان قىممەتلىك نەرسىلەرنى ئېلىپ كەتكەن. بۇ ھېلىقى ئۈچ سودىگەرنىڭ بىرىمىدۇ؟ سۇ ئېلىپ كېلىپ ئىسلامبايىنى قۇتقۇزغان، ماڭا 18 تەڭگە ئۆتنە بەرگەن ھېلىقى ئۈچ سودىگەرمىدۇ يا؟ مۇبادا شۇنداق بولىدىغان بولسا، بۇ سودىگەرلەر ئىسلامبايدىن ئايرىلغاندىن كېيىن دەرھال باراقسانلىققا قايتىپ كېلىپ مېنى ئىزدىگەنلىكىنى چۈشەندۈردۇ، بۇ ئەقىلگە سىغمايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، ئۇلارنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرى يوق تۇرسا، قانداقسىگە قۇملۇقنىڭ چېتىگە تاشلاپ كېتىلگەن بىر توگىنى تاپالايدۇ؟

توگىنى تېپىۋالغان ئادەم ئالىيجاناب ئادەم بولسا، ئۇ بىزنىڭ قۇتۇلۇپ قالغانلىقىمىزنى ۋە زىيانغا ئۇچرىغىنىمىزنى ئاڭلىسا، چوقۇم بارلىق نەرسە ــ كېرەكلىرىمىزنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ توگىنى ۋە توگىگە ئارتىلغان نەرسىلەرنى ئوغرىلاش غەرەزى بولغان بولسا، ئۇ ھەرگىز ھارام مالنى ئېلىپ شىمالغا مېڭىپ ئاقسۇغا بارمايدۇ، ئەكسىچە جەنۇبقا مېڭىپ خوتەنگە بارىدۇ. ناۋادا ئۇ خوتەنگە بېرىپ قالسا، چوقۇم ھېلىقى پادىچى بۇرادەرلىرىمگە ئۇچرايدۇ، بۇ يەردە قىلغان ــ ئەتكەنلىكلىرىنى ئۇلاردىن ھەرگىز يوشۇرۇپ قالالمايدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئاقسۇغا بېرىشتىن باشقا يولى يوق. مېنىڭ توگە ئوغرىلاشقا مۇناسىۋەتلىك ئادەم ئاقسۇغا بارىدۇ دېگەن قىياسىم ئاستا ــ ئاستا مۇئەييەنلەشتى.

مەن ھازىر تىبەتنى تەكشۈرۈش پىلانىمدىن ۋاز كەچتىم، چۈنكى بارلىق ئۆلچەش ئەسۋاب ــ ئۈسكۈنىلىرىمدىن ئايرىلىپ قالغانىدىم. مېنىڭ ئۈسكۈنە ۋە سەپەر لازىمەتلىكلىرىم كەم بولغاچقا، ناۋادا ئاقسۇغا بېرىپ توگە ئوغرىسىنى ئىزدەپ ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئالالمىسام، قەشقەرگە قايتىپ زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى.

5 ــ ئاينىڭ 23 ــ كۈنى، بىز يولغا كېرەكلىك نەرسىلىرىمىزنى تاپتۇق.

بىر مەزگىل خاتىرجەم دەم ئالغاندىن كېيىن، ئورمانلىقتىكى كەپەم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلەن خوشلاشتىم. تا ھازىرغىچە ھەسرەت ۋە ھاياجان ئىلكىدە شۇ جايىنى ئەسلەيمەن. شۇملۇق پۇراپ تۇرىدىغان بۇ قۇملۇقتىن قۇتۇلۇپ يېڭىۋاشتىن قىممەتلىك ھاياتلىققا ئېرىشىپ، ئادەملەر ئارىسىغا قايتىپ كەلدىم. پادىچىلار مېنى شۇنچە مۇلايىملىق بىلەن كۈتتى ۋە ھالىمدىن خەۋەر ئالدى. مەنمۇ بۇ يەردە خاتىرجەم ئارام ئېلىپ، يېڭى ئېكسپېدىتسىيە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈن، زېھنىي قۇۋۋىتىمنى ۋە جاسارىتىمنى ئەسلىگە كەلتۈردۈم.

ھەربىر پادىچىغا 30 تەڭگىدىن ئىش ھەققى بەرسەم، ئۇلار بەك خۇش بولۇپ كەتتى. كېيىن بىز بىر تۆگە ۋە ئۈچ ئاتنى ئېلىپ باراقسانلىقتىن ئايرىلدۇق.

ئاق تۆگە — ياخشىيارنىڭ بويىنىدىكى كولدۇرما شۇنچە يېقىملىق كولدۇرلايتتى، لېكىن بۇ قېتىمقىسى ئىلگىرىكىگە ئوخشاش قۇملۇققا ئۆزدىمىزنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بىر قېتىملىق تىرىلىشنى تەبرىكلەش مۇراسىمىغا ئۈمىدلىك بېرىش ئىدى.

## 26. قەشقەرگە قايتىش

بىز دەريا قىنىنى بويلاپ ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ ماڭدۇق. ئىسلامباي بىلەن ھېلىقى ئۇۋچى يوقاپ كەتكەن تۆگە — نارنىڭ ئىزىنى ئىزدەپ ماڭدى؛ مەن ئەخمەت مەرگەن بىلەن ئاتلىق دەريا قىنى بىلەن ماڭدىم، قاسىمئاخۇن تۆگىنى يېتەكلەپ بىز بىلەن ماڭدى.

كەچتە بىز جىنىمنى قۇتقۇزۇپ قالغان ھېلىقى كۆلچەك بويىغا يېتىپ كەلدۇق.

گەرچە قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ھېلىقى بىر توپ قومۇشنى ۋە سۇ ئۈستىدە يانتۇ تۇرغان قۇرۇق توغراقنى شۇئان تونۇۋالدىم. شۇنىڭ بىلەن بىز بۇ يەردە بىر سائەت ئارام ئېلىپ، بۇ قىممەتلىك سۇنى يەنە بىر قېتىم ئىچىپ كەينىمىزدە قالغان قاسىمئاخۇننى ساقلىدۇق. ئەخمەت مەرگەن بۇ كۆلچەكنى «خۇدا ئەۋەتكەن كۆلچەك» (تەڭرى ئاتا قىلغان كۆلچەك) دەپ ئاتىدى. بۇ نام خۇددى يۈرىكىمدىن چىققاندەك تۇيۇلدۇ.

قول ئاستىمدىكى خادىملارنىڭ كەڭلىكى 6 ~ 12 كىلومېتىر كېلىدىغان ئورمانلىقنى ئاختۇرۇپ چىقىشى ئۈچۈن، 5 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى بىر كۈن ئارام ئېلىشنى قارار قىلدۇق. ئۇلار بۇ يەردە ھېلىقى تۆگىنىڭ دېرىكىنى قىلالماي، يەنە 500 قوي، 60 كالىنى ھەيدەپ كېتىۋاتقان بەش پادىچى بىلەن ئۇچرىشىپتۇ.

بىز تۇرۇۋاتقان كۆلچەكتىن ھېلىقى ئورمانلىققا ئىككى سائەتتىلا بارغىلى بولىدىكەن، مۇبادا 5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى شىمالغا قاراپ ماڭغان بولسام، بۇ پادىچىلار بىلەن ئۇچرىشالماس ئىكەنمەن، چۈنكى ئۇ چاغدا ئۇلار تېخى ئۇ يەرگە كەلمىگەنىكەن. باشقا پادىچىلار تۇرۇۋاتقان جايغا، يەنى شىمالغا قاراپ ماڭسا بىرنەچچە كۈندە ئاران بارغىلى بولىدىكەن. بۇ پەسىلدە پادىچىلار ئاساسەن خوتەن دەرياسىنىڭ يەركەن دەرياسىغا قۇيۇ-

لۇش ئېغىزىغا يېقىن جايدا مال باقىدىكەن. بۇ مۇساپىنى ئەينى چاغدىكى جىسمانىي قۇۋۋىتىم بىلەن بېسىپ بولۇشۇم مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

5 ــ ئاينىڭ 25 ــ كۈنى، بىزنىڭ ئاق كۆڭۈل ئۇۋچىمىز ئەخمەت مەرگەن خوتەن شەھىرىگە يېقىن بىر يېزىدىكى ئۆيىگە قايتىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئوغلى بىزگە ھەمراھ بولۇپ، يەنە بىر كۈن ماڭدى. كېيىن مەن ئىسلامباي ۋە قاسىمئاخۇن بىلەن بىللە يول باشلىغۇچى ئىشلەتمەي دەريا قىنى بىلەن ئالغا قاراپ مېڭىۋەردىم. دەريا قىنى بەزىدە ئىككىگە بۆلۈنۈپ كېتەتتى، ئومۇمەن دەريا يولىنىڭ شەرققە يۆتكەلگەن بۆلىكى يەنە بۇرۇلۇپ ئەسلىگە كەلگەندە، بۇ خىل ئەھۋال كۆرۈلەتتى.

كەچ سائەت ئالتىدە بىز بىرەر مۇۋاپىق قونالغۇ تېپىش ئۈچۈن دەريا قىنىنىڭ ئاق ئوتتۇرىسى بىلەن ماڭدۇق، ئىسلامباي ئالدىمىزدا ئاتلىق ماڭدى. تۇيۇقسىز غەرب تەرەپتىكى ئۇيۇق سىزىقىدىن سارغۇچ قويۇق بۇلۇت كۆتۈرۈلدى. تۇمان دەسلەپتە خۇددى بىر قاتار پاكار تامدەك كۆرۈن-ـدى، بىر ئازدىن كېيىن ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. قۇياش بىر پارچە سېرىق داغقا ئوخشاپ قالغاندى، ئۇزۇن ئۆتمەي پۈتۈنلەي كۆرۈنمەي قالدى.

يىراق جايدىكى ئورمانلىقتىن بىر خىل شاۋقۇن ئاڭلاندى، شاۋقۇن بارغانسېرى كۈچىيىپ بىزگە ھەدەپ يېقىنلاشماقتا ئىدى. بىز توغراق شاخلى-ـرىنىڭ قاراس ــ قۇرۇس سۇنۇۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلىدۇق. ئورمانلىقنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىنى تۇمان قاپلاپ كەتكەنىدى، قۇم تۇپىلار تۇرۇپ ــ تۇرۇپ دەريا قىنىغا ئۇرۇپ تۇرغاچقا، ئورمانلىقنى كۆرگىلى بولمايتتى. بوران بىز بار جايغا يېتىپ كەلدى، قاپقارا بۇلۇت بىزگە ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. يەر ــ جاھان، قىسقىسى پۈتۈن كائىنات توختىماي پىرقىراۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. كۆزنى يۇمۇپ ــ ئاچقۇچە بوران ئادەمنى ئۇچۇرۇپ كەتكۈدەك ھالەتكە يەتتى. ئاسمان خۇددى تۈن نىسپىدىكىدەك قاپقاراڭغۇ بولۇپ كەتتى.

شۇ تاپتا ئورنىمىزدىن مىدىر ــ سىدىر قىلماي تۇرۇشتىن باشقا ياخشىراق ئامال يوق ئىدى. بىز ئورنىمىزدا خېلىغىچە تۇردۇق. ئىسلامباي بىزنى پەقەت كۆرەلمەيتتى، لېكىن ئۇنىڭ بىزنىڭ يېنىمىزغا تاسادىپىي

قايتىپ كېلىشىنى كىم بىلسۇن. شامال توختايدىغاندەك ئەمەس، بىز ئېھتى-ياتچانلىق بىلەن تىمسىقلاپ يۈرۈپ، تىرىشىپ ــ تىرمىشىپ قىرغاقنىڭ ئەڭ يېقىن يېرىگە بېرىپ، قىرغاقتىكى قويۇق ئۆسكەن پاكار دەرەخلەر ئارىسىدا ئۆزىمىزنى دالدىغا ئالدۇق ۋە چېدىر قۇردۇق.

بىز ئەتىسى ئەتىگەندە بوران تېخى توختىماي تۇرۇپلا دەريانىڭ سول قىرغىقى بىلەن تىمسىقلاپ ماڭدۇق. تەلىيىمىزگە يارىشا بىر تۈپ توغراقنىڭ ئۈستىدىكى بىر يول بەلگىسىنى ئۇچراتتۇق، ئۇ بىر تال ئۇزۇن خادىغا ئىلىپ قويۇلغان ئاتنىڭ كاللىسى ئىدى.

كەچتە بىز يەنە پادىچىلار بىلەن بىللە قوندۇق، ئۇلار ئورمانلىقتا ياغاچ ۋە قومۇشتىن ياسالغان ئازادە بىر كىچىك ئۆيدە تۇرىدىكەن. ئۇلار ئاقسۇلۇق بولۇپ، يىل بويى چارۋىلار بىلەن دالىدا تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. دەسلەپتە ئۇلار بىزدىن سەل گۇمانلاندى، كېيىن بىزنى نان، ئۆچكە سۈتى ۋە تۇخۇملار بىلەن مېھمان قىلدى. ئۇلار يېقىن ئەتراپتىن ئۆتىدىغان يەركەن دەرياسىغا 25 كۈن ئىچىدە زور كەلكۈن كېلىدىغانلىقىنى ئالدىن مۆلچەرلەپ، ئورمانلىقتىكى ئېگىزرەك جايغا كۆچمەكچى بولۇۋاتقانىكەن. بۇ چاغدا دەريا سۈيى دەل ئەڭ تۆۋەن چەككە يەتكەن، ئەتىسى بىز كېچىكتىن ئۆتۈۋېتىپ سۇ ئورنىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكىنى كۆردۇق.

6 ــ ئاينىڭ 3 ــ كۈنى، ئاخىر ئاقسۇ شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق.

مۇھەممەد ئىمىن (ئۇ رۇسىيىلىك بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيالىق سودىگەر-لەرنى باشلاپ ئاقسۇغا كېلىپ تۇرغان ئاقساقال) بىزنى ئېھتىرام بىلەن كۈتۈۋالدى ۋە چىرايلىق، پاكىز ئۆيلەردە تۇرغۇزدى، تۆگە ۋە ئاتلىرىمىزنى يېقىن يەردىكى بىر ھويلىغا ئورۇنلاشتۇردى، تۆگە ۋە ئاتلىرىمىزنى يېقىن يەردىكى بىر ھويلىغا ئورۇنلاشتۇردى. ئاقساقال كونسۇل ئەۋەتكەن ئادەم بولۇپ، سودا ۋە مۇھاجىرلار ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا مەسئۇل ئىكەن، ئۇنىڭ دەرىجىسى سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقىغا تەڭ ئىكەن. رۇسىيە تارىمدىكى بارلىق ئاساسلىق شەھەرلەرگە مۇشۇ خىل خادىم ئەۋەتكەنىكەن. مۇھەممەد ئىمىن 60 ياشقا كىرگەن بولۇپ، ساقىلى پۈتۈنلەي ئاقىرىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كەتكەن، ئەمما تېتىك ئىكەن، ئۇ شۇ جاينىڭ ئوي ـ چوقۇرنى ناھايىتى پىششىق بىلىدىكەن. ئۇ بىزنىڭ بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئەھۋالىمىزدىن خەۋەر تاپقانىكەن، مەن بۇ يەرگە يېتىپ كەلگۈچە تۆگە ئوغرىسىنىڭ دېرىكىنى قىلىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتىكەنىكەن، ئەمما بۇ ئىشتىن تېخى نەتىجە چىقمىغانىكەن.

رۇسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى پېتروۋسكىينىڭ ياردىمى ناھايىتى ئۈنۈملۈك بولدى. ئۇ قەشقەر — سۇلىدىكى جۇڭگو ئامبالى بىلەن ھەقىقىي تۈردە سۆزلىشىپ، جۇڭگو مەھكىمىسىنىڭ خوتەن ۋە قەشقەرلەردە بۇ دېلونى ئىنچىكە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. ئۇيلىمىغان يەردىن مۇنداق نەتىجە كېلىپ چىقتى: بىر كۈنى ئامبال مېنى تاماققا تەكلىپ قىلدى، مەن داستىخانغا ئولتۇرغان چاغدا پىيالەمنىڭ يېنىدا شۋېتسىيىلىك ئوفىتسېرلار ئىشلىتىدىغان بىر تاپانچا قويۇقلۇق تۇرۇپتۇ، بۇ دەل يىتىپ كەتكەن تۆگىگە ئارتىلغان يۈك ـ تاقلار ئىچىدىكى تاپانچا ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ نەرسىلەر تەۋەككۇل[1] كەنتىدىكى بىر دېھقاننىڭ قولىغا چۈشكەنىكەن. بۇ دېھقان بۇ نەرسىلەرنىڭ ناتوغرا يول بىلەن كەلگەنلىكىدىن باشقا ھېچ نەرسىنى ئۇقمايدىكەن. مەن يېڭى ئېكسپېدىتسىيە پىلانىغا ئالدىراپ، بۇ جىنايى ئىشلار دېلوسىنى ۋاقتىنچە قويۇپ تۇردۇم، بىر يىلدىن كېيىن بۇ ئىشتىن كۈتۈلمىگەن نەتىجە كېلىپ چىقتى.

ئاقسۇغا يېتىپ بارىدىغانغا ئۈچ كۈن قالغاندا، ھېلىقى ئاق تۆگە — ياخشىيار ھېچ نەرسە يېگىلى ئۇنىمىدى. بىز ئاقسۇغا بارغاندىن كېيىن بىرى ئۇنىڭغا يېقىنلاشسا، ئۇ چىرقىرايدىغان بولۇپ قالدى. ئاقسۇغا بېرىپ ئەتىسى ئۆلۈپ قالدى. ئۇ قۇملۇق سەپىرىدە شۇنچىلىك قەيسەر كۆرۈنەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەڭ قىممەتلىك يۈك ـ تاقلىرىمنى قۇتقۇزۇپ قالدى. مانا ئەمدى ئوت ـ چۆپ ۋە سۇ ئىچىپ ـ تېشىپ تۇرۇپتۇ، ئەپسۇسكى ئۇ ھاردۇق ئازابىدىن جان ئۈزدى.

---

① تەۋەككۇل — خوتەننىڭ قاراقاش دېگەن يېرىدىكى بىر چوڭ كەنت بولۇپ، خوتەن شەھىرىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان.

ئۈچ كۈندىن بېرى بىز ئاقسۇدىن يولغا چىقتۇق. مۇھەممەد ئىمىن بىزگە ھەمراھ بولدى. 21 ـ كۈنى بىز بارماقچى بولغان جاي قەشقەر — سۇلغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ مېنىڭ كېيىنكى ئېكسپېدىتسىيە سەپىرىم باشلىنىدىغان جاي ئىدى.

مەن قەشقەردە ئۈچ ھەپتە تۇرۇپ يېڭى ئېكسپېدىتسىيە سەپىرىمنىڭ تەييارلىقىنى قىلدىم. لېكىن، مەن چوقۇم ئالدى بىلەن بېرلىندىن مېتېئورو-لوگىيە ئەسۋابى، سۇيۇقلۇقسىز بارومېتىر، تېرمومېتىر قاتارلىق نەرسىلەرنى تېپىپ كېلىشىم كېرەك ئىدى. كىيىم ـ كېچەك، ئوزۇق ـ تۈلۈك ۋە تاماكىنى تاشكەنتكە تېلېگرامما ئەۋەتىپ سېتىۋالسام بولاتتى.

بېرلىندىكى نەرسىلەرنىڭ يېتىپ كېلىشى ئۈچۈن ئۈچ ئاي ۋاقىت كېتەتتى. شۇڭا، قەشقەردە ۋاقىتنى بىكارغا ئۆتكۈزگۈم كەلمەي، بۇ پۇرسەت-تىن پايدىلىنىپ پامىر ئېگىزلىكىنى كەزدىم. ئۇ يەردە ئەنگلىيە، رۇسىيىلىك-لەرنىڭ ۋەكىللىرى ئارىسىدا مېھمان بولدۇم، بىر نەچچە ھەپتە دەم ئالدىم، بۇ چاغدا ئەنگلىيە بىلەن رۇسىيە پامىر ئېگىزلىكىدىكى ھىندىقۇش تاغلىرى ئەتراپىدىكى ئورتاق چېگرىسىنى ئايرىۋاتقانىكەن.

10 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، يەنە قەشقەرگە قايتىپ كەلدىم. سۇ ـ تۇپراق ۋە ھاۋا بىردىنلا ئۆزگەرگەچكە، يامان قىزىتمىلىق كېسەلگە گىرىپتار بولدۇم، كېسىلىم 11 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئاران ساقايدى. بۇ چاغدا بېرلىن ۋە تاشكەنتلىكلەردىن سېتىۋېلىنىدىغان نەرسە ـ كېرەكلىرىممۇ يېتىپ كەلدى. مانا ئەمدى مېنىڭ يول لازىمەتلىكلىرىم ئىككى يىل ئىلگىرى-كىگە ئوخشاشلا ھەيۋەت بولۇپ كەتتى. كۆز ئالدىمدا ھەرقانداق قىسمەت مېنىڭ يېڭى قۇملۇق ئېكسپېدىتسىيەمنى توسۇۋالالمايدىغاندەك قىلاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 27. قۇم ئاستىدا قالغان قەدىمىي شەھەر

1895 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، يېڭى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى باشلاپ قەشقەردىن جەنۇبقا قاراپ يول ئالدىم. ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىدە توققۇز ئات ۋە ئۈچ ئادەم بار ئىدى. قاسىمئاخۇن قەشقەردە قېلىپ رۇسىيە كونسۇلخانىسىدا دەرۋازىۋەن بولدى. بىز يەركەندە ئۈچ كۈن تۇردۇق، بۇ تارىم رايونىدىكى ئەڭ زور بوستانلىق بولۇپ، شەھەر ـ بازار ۋە يېزا ـ كەنتلەرنى قوشقاندا 150 مىڭ ئاھالىسى بار ئىكەن.

مىلاد بايرىمى كۈنى قارغىلىقتىن ئۆتتۇم. قارغىلىقنىڭ ئامبىلى مېنى ئېھتىرام بىلەن داغدۇغىلىق كۈتۈۋالدى ۋە يولغا سالدى.

بىز بۇ كەنتتىن ئۇ كەنتكە، بۇ ئۆتەڭدىن ئۇ ئۆتەڭگە، بۇ سۇلۇق ۋە ئوت ـ چۆپلۈكتىن ئۇ سۇلۇق ۋە ئوت ـ چۆپلۈككە باردۇق، ئارىلىقتا قاقاس چۆل ۋە تاقىر داللاردىن ئۆتتۇق. يولنىڭ كۆپ يېرى قۇملۇقنىڭ بېيىدىن ئۆتىدىكەن، قۇم بارخانلىرى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدىكەن. يولدا بىزگە ئادەتتىكى ياشلار، سودىگەرلەر ياكى دېھقانلاردىن باشقا، ئۇياق ـ بۇياققا ئۆتىدىغان كارۋان ۋە يولۇچىلار ئاساسەن ئۇچرىمىدى.

1896 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، خوتەن شەھىرىگە كەلدۇق.

مەن بۇ يەردە توققۇز كۈن تۇردۇم، جۇڭگو خوتەننىڭ ئايماقبېگى لىيۇ دارېن① مېنى ئېھتىرام بىلەن كۈتۈۋالدى. ئۇ 70 ياشلارغا كىرىپ قالغان بەستلىك، ئۆتكۈر كۆزلۈك، ئۇچلۇق ساقاللىق، چاچلىرى شالاڭ ئادەم ئىدى. قىسقىسى، ياۋروپالىقنىڭ نەزەرى بىلەن قارىغاندا، ئۇ ھەققانىي، ئالىيجاناب ئادەم ئىدى. لېكىن، ئۇ مېنىڭ يىتۈپ كەتكەن تۆگەم ۋە يۈك ـ تاقلىرىمنىڭ دېرىكىنى قىلغان بولسىمۇ، ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەنىكەن.

① ئەينى چاغدا خوتەننىڭ تۈزۈلمىسى بىۋاسىتە قاراشلىق ئايماق بولغاچقا، ئۇنىڭ باشلىقى ئايماقبېگى دەپ ئاتىلاتتى. سۈيىن ھېدىن بۇ يەردىن ئۆتكەندە خوتەن بىۋاسىتە قاراشلىق ئايمىقىنىڭ ئايماقبېگى لىيۇ جيادې ئىدى (لەقىمى رۈي جەي).




خوتەننىڭ ئايماقبېگى ليۇ جيادې. ئۇ ھەمكارلىشىپ سۇېن ھېدىننىڭ يىتتۇپ كەتكەن يوك ـ تاقلىرىنى تېپىشىپ بەرگەن

www.uyghurkitap.com

مەن خوتەن شەھىرىدىن يولغا چىقىپ، ئالدى بىلەن شەھەرنىڭ 5 كىلومېتىر غەربىدىكى يوتقان① كەنتىنى ئىزدىدىم. بۇ كەنت ئارخېئولوگىيە نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دىققەت ـ ئېتىبارنى ئەڭ قوزغايدىغان جايلارنىڭ بىرى ئىدى. مەن ئۇ يەردە ساپال بۇيۇم، كۆك مىستىن قۇيۇلغان بۇت، ياقۇت، قەدىمكى پۇلغا ئوخشاش سانسىزلىغان قەدىمىي بۇيۇملارنى ئۇچراتتىم. بۇلاردىن قەدىمكى دەۋردىكى گاندارا سەنئىتىنىڭ ئىزناسىنى كۆرۈۋېلىشقا بولاتتى.

تۈزۈلگەن يېڭى ئېكسپېدىتسىيە پىلانى مۇنداق ئىدى: بىرىنچى، مەن خوتەن دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىدىكى مازار تاغقا بارىمەن، بۇ تاغقا باشقا ئېكسپېدىتسىيىچىلەر ئىلگىرى بېرىپ بولغان، لېكىن مەن بۇ يەرنى تەپسىلىي تەكشۈرمەكچى؛ ئىككىنچى، قۇملۇقنى شەرققە قاراپ كېسىپ ئۆتۈپ، كېرىيە دەرياسىغا بېرىپ، يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاچ خوتەندە كىشىلەردىن ئاڭلىغان بىر قەدىمىي شەھەر خارابىلىكىنى ئىزدەيمەن؛ ئۈچىنچى، كېرىيە دەرياسىنىڭ قىنىنى بويلاپ كېرىيىدىن ئۆتۈپ خوتەنگە قايتىپ كېلىمەن. ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىدىغان بۇ پىلاننىڭ قانداق قىلىپ كىشىلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغايدىغان ئىشقا ئايلىنىپ، نۇرغۇن مۇھىم بايقاشلار قولغا كەلتۈرۈلگەنلىكىنى كېيىنكى بىرنەچچە بابتا توختىلىمەن.

نۆۋەتتە، مەن تۆت ئادەم ۋە ئۈچ تۆگىدىن تەركىب تاپقان كىچىك بىر ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تەشكىللىدىم. ماڭا ئىسلامباي، ئۇنىڭ يۇرتدىشى ھوشۇر كەرىمجان② ۋە ھېلىقى ئىككى پادىچى، يەنى ئەخمەت مەرگەن بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى قاسىمئاخۇن③ ھەمراھ بولدى. بۇلتۇر 5 ـ ئايدا ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ئۆزۈمنى قۇتقۇزغاندىن كېيىن، ئۇلار ئاتا ـ بالا ئىككىسى ماڭا نۇرغۇن ياردەم بەرگەنىدى. بۇ قېتىم ئېشەك جاپا ـ مۇشەققەتلىك قۇملۇق سەپىرىگە چىدىيالامدۇ يوق دېگەننى بىلىش ئۈچۈن،

---

① يوتقان كەنتى، ئادەتتە قەدىمىي دۆلەت ئۇدۇننىڭ پايتەختى دەپ قارىلىدۇ.
② كەرىمجان ئەسلىدە رۇسىيىنىڭ ئوش شەھىرىدىكى ئۆتەڭ چېرىكى ئىدى. 1890 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا سۋېن ھېدىن تۇنجى قېتىم ئوتتۇرا ئاسىيانى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈشتىن ئۆتكەندە ئۇنى ياللىۋالغان، ئۇ سۋېن ھېدىنغا ھەمراھ بولۇپ ھازىرقى قەشقەرگە كەلگەن. ئۇ ئىسلامباي بىلەن بىر يۇرتلۇق بولۇپ، جۇڭگو قان سىستېمىسىغا مەنسۇپ مۇسۇلمان.
③ بۇ كىتابتا تارىملىق ئۈچ قاسىمئاخۇن بار. بۇ قاسىمئاخۇن خوتەنلىك.

ئىككى ئېشەك ئېلىنۋالدىم.
بۇلتۇرقى ئېكسپېدىتسىيە سەپىرىدىكى تەجرىبە ناھايىتى پايدىلىق بولدى. بۇ قېتىم بىز يول لازىمەتلىكلىرىدىن پەقەت ئالمسا بولمايدىغان نەرسىلەرنىلا ئالدۇق، شۇڭا بۇ نەرسىلەر ئۈچ تۆگىگە ھېچقانچە ئېغىر كەلمىدى. چوڭ يۈك ـ تاق ۋە كۆپ ساندىكى يامبۇنى خوتەندە قويۇپ قويدۇق. ئوزۇق ـ تۈلۈكنى 50 كۈنلۈكلا تەييارلىدۇق. ئەمەلىيەتتە، بىز تۆت يېرىم ئاي يول يۈرەتتۇق، شۇڭا كۆپ ۋاقىتلاردا شۇ يەردىن تەمىنلەنـ گەن ئوزۇق ـ تۈلۈك بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈشكە توغرا كېلەتتى. يامان بولغىـنى مەن جۇڭگونىـڭ چوڭ پاسپورتـىنى ئېلىۋالماپتىـمەن، چۈنكى دەسلەپتىـكى پىلان بويىچە جۇڭگو مەھكىمـىسى بىلەن ئالاقە قىلماسمەن دېگەنىدىم.
ئۆزۈمگە كېرەكلىك يۈك ـ تاق ۋە ئەسۋابلارنى بىر ساندۇققا، لازىمەتلىكلىرىنى يەنە بىر ساندۇققا قاچىلىدىم. ئۆلاردىن باشقا، يەنە چېدىر، يوتقان ـ كۆرپە ۋە زىبۇزىننەت بۇيۇملىرىمۇ بار ئىدى؛ بىز جۇۋا كىيىۋالـ دۇق، ھەربىرىمىز يەنە ئۆچكە تېرىسىدىن تىكىلگەن ئۇخلاش خالتىسىنى يېپىنچا ئورنىدا ئېلىۋالدۇق. مەن تۆگىچىگە ئوخشاشلا يول بويى دالىدا يېتىپ ـ قوپتۇم. بۇ چاغدا قىشتىكى سوغۇق نۆلدىن تۆۋەن 22 گرادۇسقا چۈشكەنىدى.
1896 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، بىز خوتەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىنىڭ شەرقىدىكى يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىنى بويلاپ شىمالغا ماڭدۇق، تۆت كۈن ماڭغاندىن كېيىن مۇز تۇتقان دەريا قىنىدىن ئۆتتۇق، دەريا قىنىدىكى سۇ پۈتۈنلەي مۇز تۇتۇپ كەتكەنىدى.
يېقىن ئەتراپتىكى تەۋەككۇل كەنتىدە تۆگىلەرنى بىر كۈن ئارام ئالدۇردۇق. كەنت باشلىقى — بېگى بىزگە بىر تۇرالغۇ ئورۇنلاشتۇرۇپ بەردى، لېكىن ئۆزلىرىنىڭ رەسىم ـ قائىدىسىگە قارىماي مېنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى. بۇ تەبىئىيكى، قائىدىگە توغرا كەلمەيتتى، لېكىن ئەينى چاغدا بۇنىڭغا پىسەنت قىلمىدىم. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، بۇنداق ئورۇنـ لاشتۇرۇشنىڭ ئالاھىدە سەۋەبى بار ئىكەن.

www.uyghurkitap.com

شەرقتە، يەنى بىزنىڭ ئالدى تەرىپىمىزدە يولىمىزنى توساپ تۇرغان بىر قۇم بار ئىدى. مۇبادا بۇلتۇر ئەڭ ئاخىرقى ھېلىقى كۆلچەكتىن خوتەنگىچە تەكشۈرمىگەن بولساق، بۇ قۇملۇققا بارىدىغان باشقا بىر يولنى تاللىغان بولاتتۇق. بۇ يول ئانچە خەتەرلىك ئەمەس ئىدى، يولدىكى قۇم بارخانلىرى نىسبەتەن پاكار ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يول بويى يۇلغۇن توغراق ۋە يەر ئاستى سۈيى ئۇچراپ تۇراتتى. مەن بۇ قۇملۇقنى تەكشۈرۈش مەقسىتىدە مازارتاغقا بېرىش پىلانىنى ۋاقتىنچە قويۇپ تۇردۇم.

بىز تەۋەككۇل كەنتلىك ئىككى ئادەمنى يول باشلىغۇچى قىلىپ 1 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى قۇملۇققا كىردۇق. دەسلەپتە قۇم بارخانلىرى ناھايىتى پاكار ئىدى. 3 ـ كۈنى ئېگىزلىكى 5 ~ 10 سانتىمېتىرغا يەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇم بارخانلىرى شەرقتىن غەربكە، شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلۇپ تور ھاسىل قىلغانىدى. ئۇلاغلار بەك ھېرىپ كەتكەچكە، بىز بىر كۈندە ئاران بەش ـ ئالتە سائەتلا ماڭدۇق. ھەربىر قونالغۇدا بىر قۇدۇق كولىدۇق. توغراق ياكى يۇلغۇن ئۆسكەن جايىنى، ئۈستى نەملىشىپ قالغان قۇملۇقنى 2 مېتىردەك كولىساقلا سۈپسۈزۈك تاتلىق سۇ چىقاتتى.

... قۇم ئۈستىدە ئۆسكەن ئوت ـ چۆپلەر ئاستا ـ ئاستا تۈگىدى، قۇم بارخانلىرىنىڭ ئېگىزلىكمۇ 12 ~ 15 مېتىرغا يەتتى.

1 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، بىز قۇم بارخانلىرى ئارىسىدىكى ئويمان يەردە قۇرۇپ كەتكەن توغراقلىقنى بايقىدۇق، سان ـ ساناقسىز توپا رەڭ شاخلىرى ۋە تۈپلىرى قۇرۇپ خۇددى ئەينەكتەك چۈرۈكلىشىپ كەتكەنىدى. توغراق شاخلىرى قۇرۇپ يۆگىشىپ، بوتۇلكا ئاغزىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچقا ئوخشاپ قالغانىدى؛ كۆن نۇرىدا دەرەخ يىلتىزلىرىنىڭ رەڭگىمۇ ئۆچۈپ كەتكەنىدى. بۇ قۇرۇپ كەتكەن توغراقلىقنىڭ شەرق تەرىپىگە مەن خوتەندە ئاڭلىغان ھېلىقى قەدىمىي شەھەر جايلاشقانىكەن. بۇ قەدىمىي شەھەرنىڭ نامى مۇشۇ قۇملۇققا ئوخشاش تەكلىماكان① دەپ ئاتىلىدىكەن.

ئەتىسى بىز گۇرجەك ۋە پالتىلارنى ئېلىپ قەدىمىي شەھەر خارابىلىكى-

---

① ھېدىن باشقا ئەسەرلىرىدە تەكلىماكان قەدىمىي شەھىرىنىڭ كونكرېت نامىنى دەندەنئۆيلۈك دەپ ئاتىغان، مەنىسى پىل چىشى ئۆيى دېگەنلىك بولىدۇ.

گە باردۇق. تارىم رايونىدىكى تاشلىنىپ كەتكەن قەدىمىي شەھەرلەر ئىچىدە بۇ قەدىمىي شەھەر شۈبھىسىزكى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان جاي ئىدى. بىزگە مەلۇم بولغان باشقا قەدىمىي شەھەرلەر، قالدۇق سېپىللار ۋە مۇنارلار-نىڭ ھەممىسى ئاپتاپتا قۇرۇتۇلغان كېسەكلەردىن ياسالغان، ئەڭ مۇھىم شەھەرلەرگە پىششىق خىش ئىشلىتىلگەن، لېكىن تەكلىماكان شەھىرىنىڭ ئۆيلىرى توغراق ياغىچىدىن ياسالغان، سېپىل ئارىسىغا قومۇش ئېلىنغان، چىڭ باغلانغان باغلام ــ باغلام قومۇشلار قوزۇقلارنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇل-غان، يەرگە كالتەكلەر رەتلىك ھەمدە ئۇنىڭ ئۈستىگە باغلانغان قومۇش تىك قويۇلۇپ، ئاندىن بىر قەۋەت كاكۇل بىلەن سۇۋالغان. سېپىلنىڭ ئىچى ــ تېشى ئاق رەڭلىك ھاك بىلەن ئاقارتىلىپ، ئۈستىگە چىرايلىق تام رەسىملىرى سىزىلغان. ئۇ نېپىز كىيىم كىيگەن ئاياللارنىڭ رەسىمى بولۇپ، ئۇلار يەرگە تىزلىنىپ ئولتۇرغان، ئىككى قولىنى كىرىشتۇرۇۋالغان، چېچىنى بانتىلىۋالغان، قاشلىرى تۇتاش سىزىلغان، بۇرنىنىڭ بىر تەرىپىدە خال بار ئىدى. بۇ خىل ياسىنىشنى ھىندىستاندا ھازىرمۇ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. تامدىكى ئەرلەرنىڭ رەسىمىگە قاپقارا ساقال سىزىلغان بولۇپ، بىر قاراشتىلا ئۇلارنىڭ ھىندى ــ ياۋروپا ئىرقىدىن ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ خىل ياسىنىشىنىڭ ھازىرقى پارسلاردىن ھېچقانداق پەرقى يوق. بۇنىڭدىن باشقا تام رەسىملىرى ئىچىدە ئىت ۋە ئاتنىڭ، دولقۇنغا ئەگىشىپ ئۈزۈپ كېتىۋاتقان كېمىنىڭ ۋە زىننەتلەشتە ئىشلىتىلىدىغان نە-قىشلەرنىڭ رەسىملىرىمۇ بار. نىلۇپەرنىڭ رەسىمىنى ھەممە يەردە ئۇچرىتىشقا بولىدۇ.

بۇنداق تام رەسىمى ساقلىنىپ قالغان سېپىللار ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ناھايىتى ئېغىر دەرىجىدە يىمىرىلگەن بولۇپ، قول تەگسىلا ئۇۋۇلىپ كەتكەچكە، ئۇنىڭ بىرەر پارچىسىنى ئېلىپ كېتىشكە مۇمكىن بولمىدى. شۇڭا، مەن ئۇلارنى بىر ــ بىرلەپ ئۆلچەپ، ئۇنىڭ مەزمۇنىنى تەقلىد قىلىپ سىزىپ، رەڭلىرىنى خاتىرىلىۋالدىم.

تېخىچە ئۆرۈلۈپ چۈشمىگەن ئۆيلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ تاملىرىنىڭ ئېگىزلىكى 2 ~ 3 مېتىرلار كېلىدىكەن، تۈۋرۈكلىرى شامالنىڭ يالىشى

بىلەن يېرىلىپ كەتكەن، ئۇچى ئۇچلۇق ھەم قاتتىق بولۇپ، ئۆتكۈر قورالغا ئوخشاپ قالغان، لېكىن ئادەم ئۇنى شۇنداقلا ئۇرۇپ قويسا، ئۇ خۇددى ئەينەكتەك ئېلىپ كېتىدىكەن. ئۆيلەرنىڭ دائىرىسى تەڭ تەرەپلىك تۆت بۇلۇڭ شەكلىدە بولۇپ، چوڭراق ياكى بىرنەچچە قىسمغا بۆلۈنگەن تىك تۆتبۇلۇڭ ئىچىگە ئېلىنغان. شەھەرنىڭ ئەينى چاغدىكى دائىرىسىگە كەل-سەك، كوچا، مەيدان ۋە بازارلار كۆرۈنۈشىنىڭ زادى قانداق ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، دائىرىسى 3 ~ 4 كىلومېتىر كېلىدى-غان جاينى ئىگىلىگەن نەچچە يۈز رەت ئۆي ئېگىز قۇم بارخانلىرى ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان.

مەن بىرنەچچە پارچە قالدۇق سېپىلنى كولاپ بىر دانە «قەغەز پارچىسى» نى تاپتىم، ئۇنىڭغا يېزىلغان خەت ئوچۇق بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئوقۇپ چۈشىنەلمىدىم، قەدىمىي شەھەرنىڭ ئىچى ــ تېشىدا چېچىلىپ ياتقان گەجدىن ياسالغان كىچىك ھەيكەللەر ناھايىتى كۆپ ئىكەن، ھەيكەل-لەرنىڭ دۈمبە تەرىپىنىڭ تۈزلۈكىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ تامغا بېزەك ئورنىدا چاپلانغانلىقىدا گەپ يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئولتۇرغان ياكى ئۆرە تۇرغان بۇددالار بولۇپ، نېلۇپەر ياكى نۇر ھالقىسى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان.

بۇلاردىن باشقا، بىز يەنە تۆۋەندىكى يادىكارلىقلارنى تاپتۇق: ھەممە يېرى سىزىقچىلار بىلەن زىننەتلەنگەن بىر كالتەك (مەن ئۇنىڭ شەكلىنى سىزىۋالدىم)؛ بىر پىلە قۇرتى قورچىقى؛ بىر ئوق (يىپ ئېگىرىدىغان چاقتا ئىشلىتىلگەن بولسا كېرەك)؛ بىر دۆۋە ساپال كۇپ پارچىسى ۋە تۇتقا (ساپمۇساق بىر كۇپ)؛ بىرتال بۇرمىسمان ياغاچ؛ چېكىلگەن تاشتىن ياسالغان بىر تۈگمەن تېشى، دىئامېتىرى تەخمىنەن 2 ئىنگلىز دىيۇيمى كېلىدۇ. بۇنىڭدىن ئەينى چاغدا بۇ يەردىن ئېقىپ ئۆتىدىغان سۇ بولۇپ، مۇشۇ سۇ بىلەن تۈگمەن چۆرۈلگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

بىز قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا يەنە ئەينى چاغدىكى گۈللەرنىڭ ئىزنالىد-رىنى، قاتار ــ قاتار سوزۇلغان توغراق ياغاچلىرىنى، دەرەخ قالدۇقلىرى بار يوللارنى، باغدىكى ئۆرۈك دەرىخى ۋە نەشپۈت دەرەخلىرىنىڭ قالدۇقلىرىنى



سۈيىن ھېدىن سىزغان تەكلىماكان قەدىمكى
شەھىرى — دەندەنئۆيلىك

ئۇچراتتۇق.
بۇ قەدىمىي شەھەر بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە قۇم ئاستىدا قالغان. دەسلەپتە بۇ يەردە كىشىلەر ئولتۇراقلاشقاندا، بۇ شەھەر كېرىيە دەرياسىنىڭ قىرغىقىغا جايلاشقان، قەدىمىي شەھەر خارابىلىككە ئايلانغاندىن كېيىن، كېرىيە دەرياسى شەرققە يۆتكەلگەن بولۇشى مۇمكىن. ھازىر كېرىيە دەرياسى بويىنى قويۇق ئۆسكەن توغراقلىق قاپلاپ تۇرىدۇ. ئەينى چاغدا — قەدىمىي شەھەردە تېخى ئادەم ئولتۇرۇۋاتقان ئۇزۇن تارىخىي دەۋرلەردە — بۇ جايدىمۇ شۇنداق قويۇق دەرەخلەر ئۆسۈپ تۇرغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇ چاغلاردا دەريا سۈيى ئۆي ۋە ئىبادەتخانىلارنىڭ يېنىدىن شارقىراپ ئېقىپ تۇرغان، سۇ مىقدارى چوقۇم ناھايىتى كۆپ بولغان، ھەتتا ئۇنىڭدىن پايدىلىنىلىپ تۈگمەن چۆرۈلگەن. پىلە بېقىش، باغۋەنچىلىك ۋە توقۇمىچىلىق ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان. ئۇ چاغلاردا بىر مىللەت بۇ يەردە ياشاپ، مول مەزمۇنغا ئىگە سەنئەت بۇيۇملىرى بىلەن ئۆي ۋە ئىبادەتخانىلارنى بېزەشنى بىلگەن.

تا بۇگۈنگىچە ياۋروپالىق ئالىملاردىن بىرەرىمۇ بۇگۈنكى بۇ قۇملۇقتا مۇشۇنداق بىر قەدىمىي شەھەرنىڭ بارلىقى توغرىسىدا، ھېچبولمىغاندا يۈزەكى بولسىمۇ بىرەر ھۆكۈم چىقىرىپ باقمىنى يوق. قۇملۇقنىڭ ئەڭ غەربىدە، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئىچكىرىسىدە چوڭ بىر شەھەر خارابىلىكى ۋە بىر خىل گۈللەنگەن مەدەنىيەتنىڭ قالدۇق ئىزناسى بارلىقىنى كىممۇ قىياس قىلالىسۇن؟ بۇ سىرلىق قەدىمىي شەھەردە زادى قايسى تارىخىي مەزگىلدىكى كىشىلەر ئولتۇراقلاشقان؟ بۇ يەردە قايسى مىللەت تۇرغان؟ ئۇلار قانداق تىل ئىشلەتكەن؟ زادى قەيەردىن كەلگەن؟ كېيىن كېرىيە دەرياسى شەرققە سۈرۈلۈپ، بۇ يەردە ئادەم تۇرۇشقا بولمايدىغان بولۇپ قالغاندا، ئۇلار قەيەرگە كەتكەن؟

قەدىمىي شەھەردىكى تەرەققىي قىلغان بۇ سەنئەت يۇقىرىدا بىز تىلغا ئالغان تام رەسىملىرىدە ئىپادىلەنگەن مەزمۇنلار — ھەرگىز ھازىر تارىمدا ئولتۇراقلاشقان يەرلىك مىللەتلەر ئىجاد قىلغان ئەمەس. بۇ شەھەرنىڭ ئەسلىدىكى ئاھالىسى، شۈبھىسىزكى بۇددا مۇرىتلىرىدۇر. بۇ تام رەسىملىرىنىڭ ئىجاد قىلىنغان ۋاقتى مىلادىيە 8 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىسلام دىنى شەرققە تارقىلىشتىن ئىلگىرىكى ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ. مەن ھېسابلاپ چىققان قۇم بارخانلىرىنىڭ يۆتكىلىش سۈرئىتى بويىچە بولغاندا، قۇم جەنۇبقا سۈرۈلۈپ ھازىرقى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە كەلگۈچە ئاز دېگەندە 1500 يىل ۋاقىت كېتىدىكەن. بۇ قەدىمىي شەھەرنىڭ ئەسلىدىكى ئاھالىسى چوقۇم ھىندى ـ ياۋروپا ئىرقىدىكىلەر بولۇشى، دەسلەپتە ئۇلار ھىندىستاندىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ شەھەرنىڭ گۈللىنىشىمۇ يوتقان دۆلىتى بىلەن بىر تارىخىي مەزگىلگە توغرا كەلسە كېرەك.

قەدىمىي شەھەرنى تەكشۈرۈپ بولۇپ، ئەتىسى ھېلىقى ئىككى يول باشلىغۇچىنى قايتۇرۇۋېتىپ، يەنە ئالدىمىزغا قاراپ ماڭدۇق. يولدا ئېگىزلىكى تەخمىنەن 25 مېتىر كېلىدىغان سەككىز قۇم بارخىنىدىن ئۆتتۇق، كەچتە يەرنى 1.87 مېتىر كولىۋىدۇق، سۇ چىقتى. دەرۋەقە، بۇ يەر كېرىيە دەرياسىغا ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى.

ئەتىسىمۇ ئوخشاشلا ناھايىتى تەستە ماڭدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە شەرق

تەرەپتە ئېگىزلىكى 40 مېتىر كېلىدىغان بىر قۇم بارخىنى چوقچىيىپ تۇراتتى، بۇنى كۆرۈپ ناھايىتى بىئاراملىق ھېس قىلدۇق. تۆگىلەر ناھايىتى ئاستا، سۆرىگەندەك ماڭاتتى، ئېشەكلەر خېلىلا كەينىدە قالغانىدى.

بىز ئاخىر ئېگىزلىكى 40 مېتىر كېلىدىغان بۇ زور قۇم بارخىنىنىڭ يېنىغا كەلدۇق. بىراق، ئۇنىڭ چوققىسىغا چىقىپ ئاجايىپ بىر مەنزىرىنى كۆردۇق، بۇ يەردە تۇرۇپ ئالدى تەرەپكە قارىساق، قۇم بارخىنى ئەتىۋارى كۆرۈنمىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي بىر تۈلكىنىڭ ئىزىنى ئۇچراتتۇق، يەنە بىر ياۋا ئۆردەك قۇملۇقتا ئۆلۈپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يۇلغۇن ۋە باشقا قۇملۇق يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى بارغانسېرى كۆپىيىشكە باشلىدى. ئارقىدىنلا بىز يەنە ئادەم ۋە ئاتلارنىڭ ئىزىنى ئۇچراتتۇق، ئۇزۇن ئۆتمەي تۇپتۇز چۆللۈككە يېتىپ كەلدۇق. بىر توغراقلىقتا ئادەم يوق بىر كىچىك كەپە بار ئىكەن.

بىز بىر كۆلنۈڭ سەپەرنى تۈگىتىپ، مۇز تۇتۇپ كەتكەن كېرىيە دەرياسىنىڭ بويىدا قوندۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 28. ھېچكىم بىلمەيدىغان پادىچىنى ئىزدەش

شۇنداق قىلىپ، بىز بۇ قۇملۇقتىن ساق ـ سالامەت ئۆتتۇق. سەككىز كۈندىن بۇيان، سارغۇچ قۇملۇقتىلا كۆرگەنىدۇق، مانا ئەمدى دەريا بويىدىكى قويۇق ئۆسكەن يېپېشىل ئۆسۈملۈكلەرنى كۆردۇق. ئاخىرقى بىر قوينى سويۇپ، قونالغۇدا توغراق شاخلىرىدىن گۈلخان ياقتۇق.

ئۈزۈپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، بىز ئىگىلىگەن بۇ كىچىك كەپىدە تېخى تۈنۈگۈنلا ئادەم تۇرغاندەك قىلاتتى، لېكىن بىز يېتىپ كەلگەندە ھېچبىر ئادەم كۆرۈنمىدى.

بىز ئەتىسى كېرىيە دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىنى بويلاپ شىمالغا ماڭدۇق. بۇ چاغدا بۇ يەرنىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتىنى پىششىق بىلىدىغان بىر يول باشلىغۇچى تاپقۇم كەلدى، چۈنكى كېرىيە — خوتەن شەھىرىدىن شىمالغا سوزۇلغان بۇ دەريا ۋادىسىغا ياۋروپالىقلار ئاياغ بېسىپ باقمىغانىدى، شۇڭا مەن ئېلىۋالغان خەرىتىدە كېرىيە دەرياسىنىڭ يۆنىلىشىگە دائىر بىر تال ئۈزۈك سىزىقلا بار ئىدى.

... ئۇ قويۇق توغراقلىق ئىچىگە كىرىپ كېتىدىغان بىر چىغىر يول بار ئىكەن. لېكىن، ئۇ ئۈزۈنغا بارمايلا قويۇق ئورمان ۋە چاتقاللار ئارىسىدا يوقاپ كېتىدىكەن. بىز بۇ يولدا سان ـ ساناقسىز ئىزلارنى، يەنى ياۋا توڭگۇزنىڭ، توشقاننىڭ، تۈلكىنىڭ، بۇغىنىڭ ۋە كۆندۈرۈلگەن قويلارنىڭ ئىزنىنى ئۇچراتتۇق، تېخى تۇرۇپ ـ تۇرۇپ بىر يالاڭ ئاياغ ئادەمنىڭ ئىزىمۇ ئۇچرايتتى. ئادەم ۋە قويلارنىڭ ئىزى جەنۇب تەرەپكە كەتكەنىدى، بۇنىڭدىن بۇ ئەتراپتىكى پادىچىلارنىڭ پەسىل مۇناسىۋىتى بىلەن كېرىيە شەھىرىگە يېقىن جايغا كۆچكەن جەريانىنى كۆرۈۋېلىشقا بولاتتى.

بىز شۇ كۈنى كەچتە بىر ئىپتىدائىي توغراقلار ئوراپ تۇرغان قومۇشلۇقتىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، قويلارنىڭ مەرەشكەن ئاۋازىنى تۇيۇقسىز ئاڭلاپ

قالدۇق. دەرھال بىرنىپ قارساق، بىر پادا قوي ئادەم بويى ئېگىزلىكتىكى قومۇشلار ئارىسىدا ئوتلاۋېتىپتۇ. بۇ يەردە چوقۇم ئادەم بار ئوخشايدۇ! لېكىن، بىز ھەرقانچە توۋلىساقمۇ، ئۈشقىرتساقمۇ بىرەر پادىچى كۆرۈنمىدى. شۇنىڭ بىلەن، تۆتىمىز ئورمانلىقنىڭ ھەممە يېرىنى ئىزدىدۇق، ئاخىر ئەخمەت مەرگەن بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇن پادىچىنى باشلاپ كەلدى.

قەيەردىن كەلگەنلىكى نامەلۇم بۇ ناتونۇش ئادەملەرنى كۆرگەن بۇ ئەر ـ خوتۇنلار قورققىنىدىن قويۇق ئورمانلىققا قېچىپ كەتمەكچى بولدى، لېكىن بىرئازدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ كۆڭلى ئارامغا چۈشتى ۋە بىزنى يېقىن جايدىكى قومۇش كەپىسىگە باشلاپ بېرىپ مېھمان قىلدى. بىز ئۇ يەردە بىر كېچىنى ئۆتكۈزدۇق.

— ئىسمىڭىز نېمە؟ — دەپ سورىدىم خوجايىندىن.

— ئىسمىم ھەسەن ـ ھۈسەن.

ئۇنىڭ جاۋابى مېنى ھەيران قالدۇردى. مەن سوراپ يۈرۈپ بۇنىڭ تەكتىنى ئېنىقلىدىم. ئەسلىدە ساھىبخانىمىزنىڭ ئىسمى ھۈسەن، ئۇنىڭ قېرىندىشىنىڭ ئىسمى ھەسەن ئىكەن، ئۇلار قوشكېزەك بولغاچقا، ھەربىرىـ نىڭ ئىككى ئىسمى بار ئىكەن.

بۇ ساھىبخان بۇ يەرنىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتىنى ئانچە پىششىق بىلمەيدىكەن، مەن سوراپ يۈرۈپ تۆۋەندىكىدەك نەتىجىگە ئېرىشتىم: كېرىـ يە دەرياسى شىمالدا يىراق جايلارغا ئېقىپ بارىدىكەن، دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدا پادىچىلارنىڭ كەپىسى ۋە قوي پادىلىرى بار ئىكەن. ئۇلار كېرىيە شەھىرىدىكى باي[1] نىڭ قويلىرىنى بېقىپ بېرىدىكەن، ھەممە قويلار باينىڭ ئىكەن. ھەربىر پادىدا 200 ~ 300 غىچە قوي بار ئىكەن. دەريا قىرغىقىدىكى بۇ توغراقلىقتا ھەربىر پادىچىنىڭ ئادەت بويىچە بۆلۈۋالغان مال باقىدىغان جايى بار ئىكەن. بۇ ساھىبخان ھەر 10 ~ 20 كۈندە بۇ ئوتلاقتىن ئۇ ئوتلاققا كۆچۈپ تۇرىدىكەن. قويلارنىڭ ئىگىسى ھەر ئەتىياز ۋە كۈزدە توغراقلىققا كېلىپ قويلارنى قىرقىۋالىدىكەن ھەمدە قالغان قويلارنىڭ سانىنى ئالىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ پادىچىلىرىغا قوناق

① باي — كېرىيىدىكى چوڭ چارۋىدارنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇنى ۋە باشقا كۆندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئەكېلىپ بېرىدىكەن. ئەمما، ھۆسەن ئىككى يىلدا بىر قېتىم شەھەرگە كىرىدىكەن.

بۇ يەردە ھۆسەنگە ئوخشاش پادىچىدىن تەخمىنەن 150 ى بار ئىكەن، ئۇلارنىڭ تاشقى دۇنيا بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلگەنىكەن، ھۆكۈمەتنىڭ بارلىق ھوقۇقلۇق ئورگانلىرىنىڭ پەرمانلىرى كېرىيە دەرياسى بويىدىكى پادىچىلارنىڭ ئارىسىغا يېتىپ بارمايدىكەن، بۇ پادىچىلار خۇددى قۇملۇقتىكى بىردىن كىچىك ئارالدا تۇرۇۋاتقاندەك ياشايدىكەن. ئۇلارنىڭ باينىڭ ئادىمىدىن باشقا ئەڭ يېقىن قوشنىسىنىلا كۆرەلەيدىكەن، باشقا ئادەملەرنى كۆرەلمەيدىكەن. ئۇلار ئىپتىدائىي ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرىسىدە تۇغۇلغانلىقى، ئىپتىدائىي ئورمانلىقتا چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، يېرىم مەدەنىيەتلىك ھالەتكە قايتىپ قالغان بولۇپ، تۇرمۇشى ئىنتايىن ئاددىي ئىكەن. ئۇلار پەقەت مال بېقىشنىلا بىلىدىكەن.

ھۆسەن كېرىيە دەرياسىغا مۇناسىۋەتلىك كونكرېت ئىشلارنى ماڭا مۇنداق سۆزلەپ بەردى: بۇ دەريا كېرىيە شەھىرىنىڭ يۇقىرىسىدا تۆت تارماق ئېقىنغا بۆلۈنىدۇ، بۇ ئېقىنلارنىڭ سۈيى بىلەن شۇ ئەتراپتىكى يەرلەر سۇغىرىلىدۇ، شۇ سەۋەبتىن بۇ ئېقىنلار بىر دەريا بولۇپ شەكىللەنمىگەن. شۇڭا، ئىلگىرىكى يولۇچىلارنىڭ بىرەرسىمۇ ئېقىن بويلاپ تۆۋەنگە ماڭماي، ئېقىننىڭ يۆنىلىشىنى ئېنىقلىماقچى بولغان بولسا كېرەك. كېرىيە شەھىرىدىن ئۆتكەندە ئېقىنلار يەنە بىرلىشىدۇ. ھەر يىلى 6 ــ، 7 ــ ئايلاردا قورۇم (كونىلۇن) تېغىدىكى قار ــ مۇزلار ئېرىگەندە دەرياغا كەلكۈن كېلىدۇ، لېكىن سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى ھەرگىز ئادەم كېچىپ ئۆتەلمىگۈدەك چوڭقۇر بولمايدۇ. كۈزدە دەريا سۈيى ناھايىتى تېز تۆۋەنلەيدۇ، 11 ــ ئاينىڭ ئاخىرىدا مۇز تۇتىدۇ، سۇدا لەيلەپ يۈرگەن مۇز پارچىلىرى ئۈستى ــ ئۈستىگە قەۋەتلىنىپ، دەريا يۈزى ئەسلىدىكى سۇ ئاقىدىغان چاغدىكىدىن كەڭ كۆرۈنىدىكەن. ئېقىن مىقدارى ۋە دەريانىڭ ئۇزۇنلۇقىغا كەلسەك، كېرىيە دەرياسى ئۆزىگە قوشنا بولغان خوتەن دەرياسىدىن خېلىلا قىسقا ئىكەن.

كېرىيە دەرياسىنىڭ ئورنىمۇ خوتەن دەرياسىغا ئوخشاش تەدرىجىي شەرققە يۆتكەلگەن. بۇنى مەن ئەتىسى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم.

ئەتىسى بىز قۇرۇق دەريا قىنى بىلەن شىمالغا قاراپ يەنە ماڭدۇق. بۇ يەردە سۇ ئاقمىغىلى 15 يىل بولغانىكەن، هازىرقى دەريا قىنى بۇ يەردىن 3 كىلومېتىر يىراقتا سۇرۇلۇپ كېتىپتۇ، بىز يەنە بىر يېرىم كۈن ماڭغاندىن كېيىن، ئىككى تارماق ئېقىن يەنە قوشۇلۇپ كەتتى.

1 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، بىز پادىچىغا يەنە بىر قېتىم يولۇقتۇق. مۇشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ بىز مۇشۇ ئەتراپنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالىنى پىششىق بىلىدىغان يەرلىك ئادەمدىن بىرنى تاپتۇق. ئۇ بىزنى قويۇق ئۆسكەن ئىپتىدائىي ئورمانلىقتا باشلاپ كىردى.

1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، بىز كېرىيە دەرياسىنىڭ يېڭى قىنى بىلەن كونا قىنى قوشۇلغان جايغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەردە دەريانىڭ كەڭلىكى 100 مېتىر بولۇپ، مۇزنىڭ قېلىنلىقى 36 سانتىمېتىرغا يېتىدىكەن.

بۇ دەريا شەرقىي شىمالغا قايرىلىپ كەتتى. ئەسلىدە مەن بۇ قۇملۇقنى جەنۇبتىن شىمالغا كېسىپ ئۆتۈپ، قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى يەركەن دەرياسى ياكى تارىم دەرياسىغا بارماقچى ئىدىم. ناۋادا كېرىيە دەرياسى پۈتۈنلەي شەرققە بۇرۇلۇپ تارىم دەرياسى بىلەن پاراللېل ئېقىپ لوپنۇر كۆلىگە قاراپ سوزۇلسا (تەبىئىيكى، ئۇ ئاخىرقى ھېسابتا لوپنۇر كۆلىگە يېتىپ بارالمايتتى)، مېنىڭ سەپەر پىلانىم يوققا چىقاتتى، شۇڭا مەن كۈندىن ـ كۈنگە خاتىر-جەمسىزلىنىشكە باشلىدىم.

توڭگۇزباش كېرىيە دەرياسى ۋادىسىدىكى بىر كەنت ئىكەن. بۇ يەردە بىزگە ئۇچرىغان پادىچىلار ئوخشاش بولمىغان ئىككى قوۋمغا مەنسۇپ ئىكەن. ئۇلار خۇددى ياۋايى ئادەملەرگە ئوخشاش ئوچۇقچىلىقتا غىزالىنىدىكەن ۋە يېتىپ ـ قوپىدىكەن. ئۇلارنىڭ باللىرى ئۇستىگە قوي تېرىسىنى ئارتىۋالىدىكەن، ئەرلىرى ئالاھىدە بىر خىل «ئۆتۈك» كىيىدىكەن، يەنى ياۋا تۆگىنىڭ تاپىنىدىكى گۆشنى شىلىۋېتىپ ئۇنى پۇتىغا كىيىۋالىدىكەن.

پادىچىلارنىڭ ئېيتىشىچە، مۇشۇ يەردىن غەربىي شىمالغا قاراپ بىر كۈن ماڭسا، قۇم ئاستىدا قالغان يەنە بىر قەدىمىي شەھەر بار ئىكەن، ئۇ يەرگە بارىدىغان يولمۇ بىر قۇرۇق دەريا قىنى بىلەن ماڭىدىكەن. قۇم

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىرىكى www.uyghurkitap.com

ئاستىدا قالغان بۇ قەدىمىي شەھەرنىڭ نامى قارادۆڭ ئىكەن، بۇ قەدىمىي شەھەر دەسلەپتە دەرياغا يېقىن جايغا بىنا قىلىنغانىكەن. شەھەرنىڭ كۆلىمى تەكلىماكان قەدىمىي شەھىرىنىڭ كۆلىمىدىن خېلىلا كىچىك ئىكەن، لېكىن بۇ ئىككى شەھەر بىر دەۋردە بىنا قىلىنغانىكەن، بۇ شەھەرلەردە ئوخشاش بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ۋە شەكىللەر، ئوخشاش تام رەسىملىرى بار ئىكەن، لېكىن ناھايىتى ئېغىر دەرىجىدە يىمىرىلىپ كېتىپتۇ. خوتەن دەرياسى بويىدىكى پادىچىلار ۋە ئوۋچىلار بۇ خارابىلىكنى ناھايىتى پىششىق بىلىدىكەن. شۇڭا، ھەمراھ بولۇپ كەلگەن ئوۋچى قاسىمئاخۇن بىر قېتىم بەش كۈن يول مېڭىپ، مۇشۇ يەرگە كېلىپ بايلىق ئىزدىگەنىكەن. ئەجەبلىنەرلىك يېرى شۇكى، ئۇلار ئەزەلدىن شەرقتە يەنە بىر كۈن مېڭىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىكەن. ئۇ چاغدا ئۇلار ئۇلۇغ سۇ تېپىپتۇ، ئۆز تىلىدا سۆزلىيەلەيدىغان قېرىنداشلىرىنى ئۇچرىتىپتۇ، قوي، نان، شۇنىڭدەك ئۆزگە كېرەكلىك ھەممە نەرسىلەرنى تېپىپتۇ. ئۇلار كېرىيە دەرياسى بويىدىكى توغراقلىقتا ئادەم تۇرىدىغانلىقىنى زادىلا بىلمەيدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە كېرىيە دەرياسى بويىدا تۇرىدىغان پادىچىلارمۇ خوتەن دەرياسى بويىدا قوشنىلىرىنىڭ بارلىقىدىن بىخەۋەر ئىكەن. لېكىن، ئەزەلدىن ئۆزئارا بېرىش ـ كېلىش قىلمايدىغان بۇ ئادەملەر قۇم ئاستىدا قالغان بۇ قەدىمىي شەھەرنى ئوخشاشلا قارادۆڭ دەپ ئاتايدىكەن.

شۇ تاپتا بارغانسېرى قالايمىقانلىشىپ كېتىۋاتاتتى. تار تارماق ئېقىنلار خالىغانچە دەريا قىنىدىن ئېقىپ چىقىپ يېرىمى قىرغاقتا، يېرىمى سازلىقتا ئوخشايدىغان بەلباغلارنى شەكىللەندۈرگەنىكەن. بۇ دەريا توڭگۇزباشتا ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى.

پادىچىلار بىزگە مۇنۇلارنى ئېيتىپ بەردى: يەتتە ـ سەككىز يىللار ئىلگىرى دەريا سۈيى پۈتۈنلەي شەرق تەرەپتىكى ئوڭ دەريادا ئاقاتتى، كېيىن يەنە سول تەرەپتىكى دەريادا ئاقىدىغان بولۇۋالدى، بۇ يىل يەنە ئوڭ تەرەپتىكى دەريادا ئاقىدىغان بولۇپ قالدى. بۇنىڭدىن دەريا سۈيىنىڭ مايانىكقا ئوخشاش ئىككى دەريادا نۆۋەت بىلەن ئاقىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. مەن بۇ خىل ھادىسىنى كېيىن بىر كۆلدە، يەنى لوپنۇر كۆلىدىمۇ



سۇبن هېدىن سىزغان توگگۈزباش ئاھالىسى

ئۈچراتتىم. مېنىڭ بۇ خىل جۇغراپىيىلىك ھادىسىنىڭ سەۋەبى جەھەت-
تىكى ئىزاھاتىم مۇنداق: قۇم تىنىپ دەريانىڭ ياكى كۆلنىڭ تېگى تەدرىجىي
ئېگىزلەپ كەتكەچكە، سۇ يەر شارائىتى پەسرەك جايدا ئاققان.

2 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، بىز سەيلىكەشمىر دېگەن يەرگە يېتىپ
كەلدۇق، دەريانىڭ بۇ يەردىكى كەڭلىكى 79 مېتىر بولۇپ، يەنە نەچچە
ملڭ كىلومېتىر ئاققاندا، ئاندىن ئاخىرقى ئۈچقا يېتىپ بارىدىغاندەك قىلاتتى.

بىراق، بىز ئەتىسى چاتاق دېگەن يەرگە كەلگەندە، بۇ دەريانىڭ
شىمالىغا بىر يېرىم كۈن ئېقىپلا پايانسىز قۇملۇقتا سىڭىپ كېتىدىغانلىقىنى
ئاڭلىدۇق. بىز چاتاقتا بىر كۈن دەم ئالدۇق ۋە توغراقلىقتا يالغۇز تۇرىدىغان
بىر بويتاق بوۋاينىڭ ئۆيىدە تۇردۇق. ئۇنىڭ ئىسمى مۇھەممەتباي ئىكەن.
مىجەزى غەلىتە ئىكەن، ئۆمرىدە مۇشۇ توغراقلىقنىڭ سىرتىغا چىقىپ باقماپ-
تۇ، ئۆزى تۇرۇۋاتقان زېمىننى كىم باشقۇرىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيدىكەن.
ھېچكىم ئۇنىڭدىن ئالۋان ـ ياساق ئالمايدىكەن، شۇڭا ئۇ ئەزەلدىن جۇڭگو
ئەمەلدارى بىلەن ئالاقە قىلمايدىكەن.

چاتاقتا ئۇيلىمىغان يەردىن ئېرىشكەن ئۈچىنچى شۇ بولدىكى، مۇھەممەتباينىڭ ئېيتىشىچە، ئۈچ يىل ئىلگىرى بۇ يەردە پات ـ پات بىر يولۋاس پەيدا بولۇپ قالغان، بۇ ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان ئەھۋال ئىكەن. بۇ ئۇچۇر مەن ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. چۈنكى، ھېلىقى يولۋاس تارىم دەرياسىغا يېقىن جايدىكى شايار شەھىرىدىن كەلگەن بولسا، بۇ شاياردىكى توغراقلىقتا يولۋاسنىڭ ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. لېكىن، بوۋاي مېنىڭ قىياسىمنى تازا توغرا تاپمىدى. ئۇ كېسىپ مۇنداق دېدى: شىمال تەرەپتىكى قۇم بارخانلىرى ناھايىتى ئېگىز، يەركەن ياكى تارىم دەرياسى دەپ ئاتىلىدىغان دەريالار بولسىمۇ، ئۇ يەرگە بىرنەچچە ئايدا ئاران يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. مۇھەممەتباينىڭ قارىشىچە، ئۇ يەر پانىي دۇنيانىڭ ئۇ چېتى ئىكەن. چاتاقتىكى كېرىيە دەرياسىنىڭ ئەڭ كەڭ يېرى 84 مېتىر كېلىدىكەن، لېكىن بىز بۇ يەردىن شىمالغا قاراپ يەنە مېڭىۋىدۇق، كۆپ ئۆتمەي دەريا تارىيىپ 15 مېتىرلا قالدى، يەنە كېلىپ بۇ يەردە ئەگىلىپ ئەگرى ـ بوگرى ئېقىپ قويۇق ئورمانلىققا كىرىپ كەتتى.

2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، بىز بۇ ئەتراپتىكى ئورمانلىققا ئورۇنلاشقاندا، كېرىيە دەرياسى سېكونتتا ئاقىدىغان سۇ 1 كۇب مېتىرغىمۇ يەتمەيدىغان كىچىك ئېرىققا ئايلىنىپ قالغانىدى.

ئەتىسى بىز دەريا سۈيى تۆشۈك ـ تۆشۈك مۇزلار بىلەن قاپلانغان قۇملۇققا كىرىپ كېتىۋاتقان جايغا يېتىپ كەلدۇق. مۇشۇ يەردىن باشلاپ يەنىلا سارغۇچ قۇم ئارىسىغا كىرىپ كەتتۇق. شۇنىڭ بىلەن، بىز يەنە قۇملۇق بىلەن ئېلىشىشقا باشلىدۇق.

## 29. ياۋا تۆگە گۈلىستانى

ئۈزۈندىن بۇيان بىر پارچە ياۋا تۆگە تېرىسگە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەنىدىم. مانا ئەمدى بىز ياۋا تۆگىلەر دۇنياسىغا، قۇملۇقنىڭ مەركىزىدىكى ئەڭ خىلۋەت ئادەمسىز رايونغا يېتىپ كەلدۇق، مېنىڭ بۇ ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشىدىغاندەك قىلاتتى. ئەمما، ئوقۇرمەنلەر مېنى رەھىمسىز ئوۋچى ئىكەن دەپ خاتا چۈشىنىپ قالمىسۇن. ئۆمرۈمدە بىرەر تۆگە ئۆلتۈرۈپ باققان ئەمەس، كۆزۈم يىراقنى كۆرەلمەيدۇ، ئوۋ ئوۋلىيالمايمەن، ئەمما بۇنداق قىممەت باھالىق ھايۋانلارنى كۆرسەم ئوۋلىماي تۇرالمايمەن. ئىسلامباي بىلەن خوتەن ۋادىسىدىن كەلگەن ئىككى ئوۋچى ئۇستا مەرگەنلەر ئىكەن، ئۇلار بۇ ئەتىۋارلىق ھايۋانلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشكە، پۇرسەت كەلسە ئۇنى ئېتىشقا تولىمۇ تەقەززا ئىكەن، ئىلگىرى ئۇلار ياۋا تۆگىنى كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىنلا ئاڭلىغانىكەن.

بىزمۇ تېخى كىشىلەرنىڭ توڭگۇزباش دېگەن يەردە كېرىيە دەرياسى بويىدا ياۋا تۆگە بار دېگەن گەپنى باشقىلارنىڭ ئاغزىدىن تۇنجى قېتىم ئاڭلىغانىدۇق. پادىچىلار ياۋا تۆگىنى ئۇچراتمىغان بولسىمۇ، لېكىن قۇملۇقتىكى بىر خىل ئىزنىڭ مۇشۇ خىل ھايۋاننىڭ ئىزى ئىكەنلىكىدە شەك يوق ئىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، بىز ھەر كۈنى ياۋا تۆگىنى خىيال قىلىپ ماڭدۇق.

تارىم ياۋا تۆگىسىنىڭ كېلىش مەنبەسىگە كەلسەك، زوئولوگلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى قارىشى بىردەك ئەمەس.

«بۇ قەدىمكى دەۋرلەردىكى شەھەر ئاھالىلىرى ئۆيلىرىدە باققان تۆگىلەرنىڭ نەسلى بولسا كېرەك» دېدى ئوۋچى ئەخمەت مەرگەن ناھايىتى ئىشەنچلىك ھالدا. مەن ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەندىم.

يوتقان قەدىمي شەھىرىدىن تېپىلغان ساپال بۇيۇملارغا ئويۇلغان

www.uyghurkitap.com

نەقشلەردىن قارىغاندا، 2000 يىللار ئىلگىرىلا تۆگە ئۆي ھايۋىنىغا ئايلانغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قوملۇقتا جايلاشقان قەدىمىي شەھەر دۆلەتلىرىنىڭ جۇڭگو ۋە ھىندىستانلار بىلەن ماددىي ئالاقە قىلىشتا كارۋانلارغا تايىنىشتىن باشقا چارىسى يوق ئىدى. قوملۇق كېڭىيىپ، قۇم ئوت ـ چۆپلەرنى بېسىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۆيدە بېقىلغان نۇرغۇن تۆگىلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىنسانلارنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇپ ھازىرقىدەك ياۋايىلىشىپ كەتكەن. زوئولوگىيىگە دائىر دەستۇرلاردا ئېيتىلىشىچە، ياۋا تۆگىلەرنىڭ لوككىسى بولمايدىكەن، بۇ گەپ ئانچە توغرا ئەمەستەك قىلىدۇ. چۈنكى، ھەمراھلىرىم ئاتقان ئۈچ ياۋا تۆگىنىڭ لوككىسىنىڭ ئاستىدا ماي ناھايىتى كۆپ ئىكەن، ئەمما ئۇ كۆندۈرۈلگەن تۆگىلەرنىڭكىدەك ئانچە قاتتىق ئەمەس ئىكەن. كېرىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى پادىچىلار ياۋا تۆگىلەرنىڭ بەش ـ ئالتىسى بىر بولۇپ مېڭىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرىدىكەن. ئۇلارمۇ بۇ خىل ياۋا تۆگە بىلەن كۆندۈرۈلگەن تۆگىنىڭ ھېچقانداق پەرقى يوقلۇقىنى، چوڭ ـ كىچىكلىكى، ھەرىكىتى ۋە ئادىتى، شۇنىڭدەك قومدىكى ئىزنىڭمۇ ئوخشاش ئىكەنلىكىنى كېسىپ ئېيتىشتى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ياۋا تۆگە بەك قورقۇنچاق ئىكەن، ئۇنى قوغلاپ قويسا، ئىككى ـ ئۈچ كۈن توختىماي قاچىدىكەن، ئۇ ئوتتىن ۋە تاماكا ئىسىدىن ياكى كۆيگەن ياغاچنىڭ پۇرىقىدىن بەك قورقىدىكەن. ئۇلار كۆندۈرۈلگەن تۆگىلەردىن خۇددى ۋابادىن قورققاندەك ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرىدىكەن. كۆندۈرۈلگەن تۆگىلەرگە توقۇم توقۇلمىغان بولسىمۇ، يەنىلا قېچىپ يۈرىدىكەن. چۈنكى، ياۋا تۆگىلەر كۆندۈرۈلگەن تۆگىلەرنىڭ بۇرۇنىدىكى تۆشۈكنى، چۇلۇۋۇرنى ۋە چۇلۇكنى دەرھال پەرق ئېتىۋالىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كۆندۈرۈلگەن تۆگىلەرنىڭ ئۈستىگە ئارتىلغان نەرسىلەرنىڭ ئۇن، گۆش، قوي يۇڭى ياكى باشقا نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى پۇراپلا بىلىۋالىدىكەن. بۇ نۇقتا ياۋا تۆگىلەرنىڭمۇ دەسلەپتە ئادەملەر تەرىپىدىن كۆندۈرۈلگەنلىكىنى، شۇ چاغدىكى بىر خىل تەبىئىي تۇيغۇدىكى ۋەھىمىنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغانلىقىنى، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنى قوللۇق ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويغان نەرسىلەرنى ئېسىگە ئېلىپ شۇنداق قورقىدىغان-

لىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.
چاتاق دېگەن يەردىكى ئورمانلىقتا تۇرىدىغان مۇھەممەتباي، يەنى بىز دەريا بويلاپ كېتىۋېتىپ ئۇچراتقان ئەڭ ئاخىرقى پادىچى ياۋا تۆگە ۋە ئۇنىڭغا يانداشىپ يۈرىدىغان ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ئادىتى خۇددى ئۆزى باققان قويدەك پىششىق بىلىدىكەن. ئۇ بىر يىل ئىلگىرى تۇغۇلغىنىغا ھەپتە بولغان بىر ياۋا تۆگە بوتىلىقىنى تۇتۇۋالغانىكەن. بۇ كىچىك جانىۋار قورقۇشنى بىلمىگەچكە، قويلار بىلەن بىللە يۈرۈپ، ناھايىتى چىقىشىپ كېتىپتۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئادەملەر بىلەن بىللە يۈرىدىغان بوپتۇ. بۇنداق ئاسان كۆنۈشتە چوقۇم ئىرسىيەت گېنى رول ئوينىغان بولسا كېرەك. لېكىن، بۇ ياۋا بوتىلاقنىڭ بەزىبىر ئەسكى خۇيلىرى بار ئىكەن. ئۇ باشتىن ـ ئاخىر جاھىللىق قىلىپ زادىلا ئاتتەك كۆنمەپتۇ. ناۋادا ئادەم ئۇنى تۇتۇپ قويسا قاچىدىكەن، بېشىنى تاتىلاپ قويسا چىرقىراپ ماغزاپ چاچىدىكەن.
پادىچىلار بىزگە يەنە مۇنۇلارنى ئېيتىپ بەردى: ياۋا تۆگىلەر دائىم قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزى پىششىق بىلىدىغان دۆڭلۈك ۋە جىلغىلاردا ئارام ئالىدۇ، ئۇ يەرلەردە ئاندا ـ ساندا توغراق ۋە يۇلغۇنلار ئۆسىدۇ، ئۇلار تۇيۇقسىز زەربىگە ئۇچراپ قېلىشتىن قورقۇپ قويۇق ئورمانلىققا ھەرگىز بارمايدۇ، ھېچبىر توسالغۇسىز چۆللۈكتە ھەرىكەت قىلىشقا ئامراق. مۇشۇنداق بولغاچقا، ئۇلار ئۆزىگە خەتەرنىڭ يېقىنلاپ قالغانلىقىنى ئاسانلا سېزىۋالىدۇ.
پادىچىلارنىڭ بۇ گەپلىرى ئومۇمەن پاكىتلىق گەپلەر ئىدى. 2 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، بىز بىر جايدىن ئۆتتۇق، دەريا قىنى خېلى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى، توغراقلارمۇ ئاخىرلىشىپ قالغانىدى، يۇلغۇنلار ناھايىتى ئاز ئىدى، قۇم بارخانلىرى ئېگىز قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. بىز ئۇ يەردە سان ـ ساناقسىز ياۋا تۆگىلەرنىڭ ئىزىنى ئۇچراتتۇق. چۈشتىن كېيىن يەنە بىر جايدىن ئۆتتۇق، ئۇ يەردىمۇ دەريا قىنىنى خېلى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. يۇلغۇن بەك قويۇق ئۆسكەنىدى. ئوۋچى قاسىمئاخۇن تۇيۇقسىز بىزگە «توختاڭلار!» دەپ قول ئىشارىسى قىلدى ۋە ئېگىشىپ مۈشۈكتەك شەپە چىقارماي يۇلغۇننىڭ دالدىسى بىلەن ماڭدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۈۋلىنىشتىن قىچىپ كېتىۋاتقان ياۋا تۆگىلەر

200 قەدەم ئالدىمىزدا بىر توپ ياۋا تۆگىلەر ئوتلاۋاتقانىكەن. قاسىمئا-خۇن مىلتىقتىن ئوق ئۈزۈشكە بۇ هايۋانلار قورقىنىدىن دەسلەپتە لاغىلداپ تىترىشىپ خەتەرلىك يۆنىلىش تەرەپكە قاراپ بىر پەس تۇردى، ئاندىن بىردىنلا شىمال تەرەپكە بۇرۇلۇپ قاچتى، لېكىن ئۇلار ئانچە تېز يۈگۈرمىدى، چۈنكى تېخى ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسى بېسىلمىغانىدى، ئۇلار يەنە قانداق ئىشنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر تۆگىگە ئوق تەگكەچكە، ئۇ ئاقسىغان پېتى ئاستا كېتىپ باراتتى، ئۇزۇن ئۆتمەي بىز ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدۇق ۋە ئۇنى بوغۇزلىۋەتتۇق.

ئۇ نار بولۇپ، 12 ياشلارغا كىرگەنىكەن، چوڭ — كىچىكلىكى كۆندۈرۈلگەن تۆگىدەك ئىكەن. بىرنەچچە يېرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا يۇڭى قىسقا، بىزنىڭ تۆگىمىز بىلەن سېلىشتۇرغاندا يۇڭى يوق دېيەرلىك ئىكەن. تۇيىقى ئۇزۇنراق بولۇپ، تىرناقلىرى ئوخشاش قايرىلىپ كېتىپتۇ، شۇڭا ئىزى كۆندۈرۈلگەن تۆگىلەرنىڭكىدىن چوڭقۇرراق چىقىدىكەن. ئۈستى كالپۇكى قىسقىراق، كەمتۈك يېرى دۆڭرەك ئىكەن، ئاستى كالپۇكى تۆۋەنگە ساڭگى-لاپ تۇرمايدىكەن، كۆزىدىن بىرئاز ياۋايىلىق چىقىپ تۇرىدىكەن. لوككىسى كىچىكرەك بولۇپ، تىك كونۇسسىمان ئىكەن. كۆندۈرۈلگەن تۆگىنىڭ

لوككسى ئېغىر يۆك ئارتىۋېتىش تۆپەيلىدىن بىر تەرەپكە يېتىپ قالىدۇ ھەمدە تەۋرەپ تۇرىدۇ. تېرىسىنىڭ رەڭگى سۇس قىزغۇچ قوڭۇر رەڭدە، يۇڭى ناھايىتى ئىنچىكە ھەم يۇمشاق بولىدۇ.

مەيلى قانداقلا بولسۇن، ئۇنىڭ تېرىسىنى ئېلىپ كەتمەي بولمايتتى، ئۇنى بىر تۆگىگە ئارتىشقا توغرا كەلسىمۇ، ئۇنىڭ تېرىسىنى سويۇۋېلىش كېرەك ئىدى. بۇ ئىش بىرنەچچە سائەتنى ئالدى. كېيىن بىز تېرىنى سۆيىنى قاچۇرۇپ يېنىكلىتىش ئۈچۈن يەرگە يېيىپ، ئۈستىگە ئىسسىق قۇم چاچتۇق، قۇمنى بىر كېچىدە نەچچە قېتىم ئالماشتۇردۇق.

ئۇ كۈنى بىز مېڭىشقا ئالدىراپ كەتمىدۇق. بىز 3.2 مېتىر چوڭقۇرلۇقتا بىر قۇدۇق كولىۋىدۇق، سۇ چىقمىدى. تەجرىبىمىز بولغاچقا، سۇ ئالماي قۇملۇققا ئىچكىرىلەپ كىرىشنىڭ ئۆلۈم يولى ئىكەنلىكىنى بىلەتتۇق، شۇڭا زۆرۈر تېپىلغاندا ئارقىمىزغا قايتىش ئۈچۈن، بۇ يەردە بىر كۈن توختىماقچى بولدۇق.

2 ــ ئاينىڭ 12 ــ كۈنى، بىز يەنىلا قۇدۇق كولايدىغان ئىشەنچلىك بىرەر جاينى تاپالمىدۇق. شۇنىڭ بىلەن، قاسىمئاخۇن غەيرەتكە كېلىپ تۈنۈگۈن كولىغان قۇدۇقنى يەنە كولاشقا باشلىدى. ئاخىر 4.16 مېتىر چوڭقۇرلۇققا يەتكەندە قۇدۇقتىن سۇ چىقتى ــ دە، تۆگە ۋە ئېشەكلەر قانغۇچە سۇ ئىچتى. كېيىن بىز تۆت تۇلۇمغا لىق سۇ قاچىلاپ، ئەتىسى شۇ سۇلارنى ئېلىپ شىمالغا قاراپ يەنە ماڭدۇق.

بىز قۇرۇق دەريا قىنىدىن قوزغالغاندىن كېيىن، يەنە بىر توپ ياۋا تۆگىنى ئۈچراتتۇق. ئىسلامباي تۆگىلەرگە كۆرۈنمەي ئېگىشىپ مېڭىپ ئۇلارغا 50 قەدەم كېلىدىغان جايغا باردى. لېكىن، تۆگىلەر خەتەرلىك ئەھۋالنىڭ بارلىقىنى بايقاپ قالدى. ياتقان نار ئورنىدىن تۇرۇپ ئۈچ چىشى تۆگە ۋە ئىككى بوتىلاقنى باشلاپ شەرقىي شىمال تەرەپكە قاچتى. ئۇلار بىز مېڭىۋاتقان يولدىن ئۆتۈۋاتقاندا مىلتىق ئاۋازى ئاڭلاندى، نار ئىككى ــ ئۈچ قەدەم يۈگۈرۈپلا يىقىلدى. بىز ئۇنىڭ يېنىغا بارغاندا ئۇ جان ئۈزگەنىكەن. بۇ چىرايلىق بىر ياۋا تۆگە بولسىمۇ، لېكىن بىز ئۇنىڭ تېرىسىنى سويۇۋالمىدۇق، پەقەت مېنىڭ تۆگىچىم تازا يوغانغان لوككا

ئىچىدىكى مايىنى كىسىۋالدى، كېيىن ئۇ بۇ مايىنى گۈرۈچتىن پۇدىڭ ياساشتا ئىشلىتىۋىدى، ئۇ شۇنداق تەملىك بولۇپ كەتتى.

بىز يولىمىزنى داۋاملاشتۇرۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، يەنە بىر توپ ياۋا تۆگىنى ئۇچراتتۇق. مەن ئۇلارنى توسۇپ بولغۇچە ئىسلامباي بىر چىشى تۆگىنى ئېتىپ بولدى، تۆگە شۇئان يەرگە يىقىلدى. ئۇ ئادەتتىكى تۆگىدەك قىلاتتى، يەنى تىزى ۋە كۆكرەك قىسمى بىلەن يەرنى تىرەپ، بېشىنى سول تەرەپكە تاشلاپ، ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ياتاتتى، كالپۇكى قومىغا پېتىپ كەتكەنىدى، ئۇ ئاغرىق ئازابىدىن چىرقىراپ تۇراتتى. ئۇ كارنىيىغا پىچاق ئۇرۇلغاندىلا جان ئۈزدى. مەن بۇنداق مەقسەتسىز ئۆلتۈرۈشتىن تولىمۇ ئۈيات ھېس قىلدىم، شۇنىڭ بىلەن بۇنىڭدىن كېيىن ياۋا تۆگىنى ئۆلتۈ-رۈشنى توسۇش قارارىغا كەلدىم.

كۆندۈرۈلگەن ئۈچ تۆگىمىزنىڭ ئۇلار بىلەن بىر تۇردىكى ياۋا تۆگە-لەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسى ناھايىتى قىزىقارلىق بولدى. ئۇلار بۇ ياۋا تۆگىلەرنى بىزدىن بالدۇرراق كۆرۈپ ئىچى ئاغرىپ چىرقىرىشىپ، قۇيرۇقلى-رىنى دىڭگايتىشىپ، ئاغزىدىن كاللەك ــ كاللەك كۆپۈك چېچىشقانىدى، ئۇلار ھېلىقى چىشى تۆگىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ رەسمىي غالجىر-لاشتى، شۇڭا ئۇلارنى باغلىۋەتكەندىلا، ئاندىن خاتىرجەم بولغىلى بولاتتى.

كېيىنكى بىرنەچچە كۈندە بىز يەنە توپ ــ توپ بولۇپ يۈرگەن، ھەتتا يالغۇز يۈرگەن ياۋا تۆگىلەرنى كۆپلەپ ئۇچراتتۇق، لېكىن ئەمدى مەن بىلىم ئىستىكى جەھەتتە قانائەت ھاسىل قىلغانىدىم، بۇ خىل ھايۋانلار-نىمۇ كۆرۈپ ئادەتلىنىپ قالدىم، شۇڭا ئەمدى ئۇلارغا ئانچە دىققەت قىلماي-دىغان بولدۇم.

## 30. قۇملۇقتىن يەنە بىر قېتىم ئۆتۈش

كۆز ئالدىمىزدىكى قۇم بارخانلىرى يەنە ئېگىزلەشكە باشلىدى. توغراق ۋە يۇلغۇنلار ئاندا ـ ساندا ئۇچراپ تۇردى، لېكىن قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كەتكەن دەرەخلەر ئۇچراپ تۇردى. يولدا تۇرۇپ ـ تۇرۇپ ئېگىز قۇم بارخانلىرى ئۇچرايتتى، بىز ئۇلاردىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئۆزىمىزنى قاچۇ-رۇپ ئۆتتۇق. ھەربىر تۈپ توغراقنىڭ تۈۋىدە نۇرغۇن ياۋا تۆگە قۇملىقى بار ئىدى. تۆگىلەر دەرەخلەرنىڭ بويىي يېتىدىغانلىكى يەردىكى بىخلىرىنى ۋە نوتىلىرىنى يەپ بولغانىدى.

مەن ھەر كۈنى ماڭغان يولىمىزنى ۋاقتىدا ھېسابلاپ ماڭدىم. ھەر كۈنى قونالغۇغا يېتىپ بارغاندا تارىم دەرياسىغا قانچىلىك ئارىلىق قالغانلىقىنى تەخمىني قىياس قىلاتتىم. بىز كۈن بويىچە ئۇ تەرەپتىكى دەريا بويىدىكى دەرەخلەر كۆرۈنەمدىكىن دەپ تەقەززا بولۇپ شىمال تەرەپتىن كۆزىمىزنى ئۈزمەيتتۇق. تەخمىنەن 70 تۈپ يۇمران توغراق ئۆسكەن، ئۇزۇنىسىغا سوزۇلغان سازلىقتا بىر قاپلاننىڭ ئىزىنى بايقىدۇق، بۇ قاپلاننىڭ جەنۇب تەرەپتىن كەلگەنلىكىدە گەپ يوق ئىدى، چۈنكى قاپلان سۇسىز بىر كۈندىن ئارتۇق يول ماڭالمايدۇ. لېكىن، ھازىر قۇم بارخانلىرىنىڭ ئېگىزلىكى 15 مېتىرغا يەتكەنىدى، يەنە كېلىپ بىزنى پۈتۈنلەي قۇم ئوراپ تۇرۇۋاتاتتى، ياۋا تۆگىلەرنىڭ مايىقمۇ ناھايىتى ئاز ئۇچرايتتى. قۇدۇق قېزىش بارغانسېرى قىيىنلاشقانىدى.

بىز 2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئەتىگەندە يولغا چىقتۇق ۋە پەقەت بىر تۇلۇملا سۇ ئېلىۋالدۇق، چۈنكى قۇدۇقتىن سۇ ناھايىتى ئاستا چىقتى. بۇ يەردە يول مېڭىش ناھايىتى تەسكە چۈشتى. ئالدىمىزدا 40 مېتىر ئېگىزلىكتىكى بىر قۇم بارخىنى بولۇپ، بىز ئۇنىڭدىن ھالقىپ ئۆتۈشىمىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كېرەك ئىدى. بىز قۇمنىڭ چوققىسىغا چىقىپ شىمال تەرەپتە ئانچە ئېنىق بولمىغان ئۇپۇق سىزىقىنى كۆردۇق، لېكىن بۇ سىزىق ناھايىتى يىراقتا ئىدى. ئەتراپ گىياھ ئۈنمەيدىغان قۇملۇق ئىدى، بۇلتۇرقى باش يازدا مۇشۇ يەردە بېشىمىزدىن ئۆتكۈزگەن قورقۇنچلۇق كۈنلەر يادىمىزغا كېلىپ بىزنى قورقۇنچ باستى.

لېكىن، بۇ قېتىم ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش قىلىشىم كېرەك ئىدى. چوقۇم ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش قىلىمەن! بىز مۇۋاپىق بىر جايىنى تېپىپ دەم ئالغاچ قۇدۇق كولىدۇق. 1.5 مېتىر كولىۋىدۇق، نەم قۇم چىقتى، لېكىن نەتىجە كۆرۈنەرلىك بولمىدى، شۇنىڭ بىلەن كولاشنى توختاتتۇق. ئەمما، زاپاس سۇ بۈگۈن كەچ ۋە ئەتە ئەتىگەنگىلا يېتەتتى.

يېپىنچا ئۆسۈملۈك ناھايىتى شالاڭ بولغاچقا، تۆگىلەرنىڭ قورسىقى ئېچىپ ھالى قالمىغانىدى، شۇنىڭ بىلەن بىز تۆگىلەرگە توقۇم ئاستىدىكى قۇرۇق ئوت — چۆپنى بېرىشكە مەجبۇر بولدۇق. لېكىن، شۇ كۈنى بىز بىر تۈلكىنىڭ بىز كېتىۋاتقان لىنىيىدىن ئىككى قېتىم توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن ئىزىنى، يەنە بىر قارغىنىڭ شىمال تەرەپكە ئۇچۇپ كېتىۋاتقىنىنى كۆردۇق. ئەخمەت مەرگەن ئىشەنچ بىلەن مۇنداق دېدى: بۇ قارغا ھېلىقى ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن ياۋا تۆگىلەرنىڭ ھىدىنى پۇراپ، ھەمراھلىرىنى بۇ كاتتا زىياپەتتىن بەھرىمەن قىلىش ئۈچۈن ئالدىراش تارىم دەرياسى بويىغا كېتىۋاتىدۇ.

شۇنداق بولسىمۇ، بىز شىمالغا قاراپ يەنە بىر كۈن ماڭماقچى، ئەتە ناۋادا سۇ تاپالماي قالساق، ھېلىقى ئەڭ ئاخىرقى لىق سۇ چىققان قۇدۇق بار يەرگە قايتىپ كەتمەكچى بولدۇق.

2 — ئاينىڭ 19 — كۈنى، بىز ئېگىز قۇم بارخىنىنىڭ ئۈستىدە بىرنەچچە سائەت ماڭغاندىن كېيىن، ئالدى تەرەپتە ئۆسۈملۈك كۆرۈندى. ئۇزۇن ئۆتمەي، بۇ يەردىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ باشقا بىر خىل قۇملۇق چاتقىلى — سۆكسۆك ئىكەنلىكىنى پەملىدىم، سۆكسۆكلەر يۇلغۇنلارنى پۈتۈنلەي چەتكە قېقىۋەتكەندەك كۆرۈنەتتى. بۇ يەردە ياۋا تۆگىنىڭ ئىزىدىن باشقا يەنە توشقان، تۈلكە ۋە كەسلەنچۈكلەرنىڭ ئىزلىرى-

نى ئۇچراتتۇق. قۇم بارخانلىرى 8 ~ 10 مېتىر ئېگىزلىكتە بولسىمۇ، لېكىن بىز ئاخىر كىچىك بىر قومۇشلۇقنى تاپتۇق ۋە تۆگىلەرنى هاردۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، بۇ يەردە دەم ئالدۇق.
يولدىكى هەر قانداق بىر قۇم دۆۋىسىنىڭ ئارىسىدا مېنىڭ شۇ يەرلىك هەمراهلىرىم شور دەپ ئاتايدىغان شور توپىدىن تەركىب تاپقان يەر بار ئىكەن، ئۇ يەردە بىر خىل تەم، تۇز تىپىدىكى كرىستاللاشقان ماددىلار بار يىپىشقاق توپا بار ئىكەن. شۇڭا، بىز قازغان قۇدۇقنىڭ سۈيىمۇ ئاچچىق چىقتى، ئۇنى هايۋانلارمۇ ئىچمەيتتى. بۇلار تارىم دەرياسىنىڭ بۇ يەرگە ئانچە يىراق ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. چۈنكى، بىز هەر قېتىم دەريا ـ ئېقىنغا يېقىنلاشقاندا كولىغان قۇدۇقلاردىن چىققان سۇ ئومۇمەن ئاچچىق چىقاتتى. بىز ئېھتىمال ئۈچۈن كەچتە بىرنەچچە چىلەككە سۇ ئېلىپ قويدۇق، بۇ سۇ كېچىچە مۇز تۇتسا ئەتىسى ئەتىگەندە مۇزنى ئېرىتسەك، سۇ تەركىبىدىكى تۇزنى ئازايتقىلى بولاتتى، لېكىن قانداق قىلغان بىلەن ئۇنىڭدا چاي قايىنتىپ ئىچكىلى بولمايتتى. شۇڭا ئۈمىدىمىز ئاخىرقى هېسابتا يوققا چىقتى. ئەتىسى ئەتىگەندە يولغا چىقىۋىدۇق، قۇم بارخانلىرى تەرتىپ بويىچە 5 مېتىردىن 2 مېتىرغا تۆۋەنلىدى، ئۇلارنىڭ ئارىلىقىمۇ تەدرىجىي يىراقلىشىشقا باشلىدى. ئاخىر بىز تارىم دەرياسى بويىدىكى توغراقلىقنى يىراقتىن غۇۋا كۆردۇق. بۇ قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيە سەپىرىمىز بەختەر ئاياغلاشتى.
بۇ ۋاقىتتا يېقىن ئەتراپتا سۈزۈك سۇ بارلىقىدىنمۇ بېشارەت بولدى؛ بۇ يەردە پورەك ـ پورەك چىم ئۆسكەن بولۇپ، هەممە يەردە ياۋا توڭگۇزنىڭ ئىزى بار ئىدى. ئىزدىن قارىغاندا يەنە بىر ئاتلىق ئادەمنىڭ ئىزى (بەلكىم ئوۋچى بولسا كېرەك) مۇ باردەك قىلاتتى، ئۇ تېخى يېقىندىلا بىز ماڭغان لىنىيە بىلەن ماڭغاندەك قىلاتتى. بىز يەنە بىر ئادەمنىڭ يالاڭ ئاياغ ماڭغان ئىزىنى ئۇچراتتۇق، ئۇ پادىچى بولسا كېرەك. لېكىن، بىز ماڭغان لىنىيىنىڭ ئەتراپىدا ياۋا تۆگىنىڭ يېڭىلا ماڭغان ئىزىنى ئۇچراتتۇق، بۇ مېنىڭ خىيالىمغىمۇ كەلمىگەنىدى. يەر تەدرىجىي تەكشىلىنىشكە قاراپ

يۇزلەندى، دەرەخلەر بارغانسېرى قويۇقلاشتى، لېكىن بەزى بوش يەرلەر دەرەخلەرنىڭ ئارىسىنى ئۈزۈپ قوياتتى.

لېكىن، ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، قوي ماڭغان چىغىر يوللارنىڭ ھەممىسى شەرقتىن غەربكە سوزۇلغانىدى، كەڭرەك، ھارۋا چاقى-نىڭ ئىزى بار يولمۇ شۇنداق ئىدى.

ئادەمنى سەل ــ پەل ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغىنى شۇكى، تارىم دەرياسى بىزدىن ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتقاندەك قىلاتتى. خېلى كەچ بولۇپ قالغانىدى، بىز ئۇدۇل مېڭىپ ماڭغىلى بولمايدىغان قويۇق بىر توغراقلىققا كېلىپ قالدۇق. شۇنىڭ بىلەن، بۇ يەردىكى بىر كونا قوتانغا ئورۇنلاشتۇق. بۇ يەردىن ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ سۇ تاپقىلى بولمايتتى.

بىز بىر كېچىنى ئۆتكۈزگەن بولساقمۇ، تەلىيىمىز يەنىلا ئوڭغا تارتمى-دى. بىرنەچچە قۇدۇق كولىۋىدۇق، بىرىدىنمۇ سۇ چىقمىدى. بۇ چاغدا ھەممە يەردە ئادەملەرنىڭ ۋە ئاتلارنىڭ سان ــ ساناقسىز ئىزلىرى ئۇچرىدى، ئالدىمىزدىكى يولدا پادىچىلارنىڭ تۈنۈگۈنلا بىرنەچچە كالىنى ھەيدەپ ماڭغانلىقىدا گەپ يوق ئىدى. يول بويىدا ئېتىزلىق ۋە بىر قىسىم دېھقانچى-لىق سايمانلىرى تۇراتتى، بۇلارمۇ يېقىن ئەتراپتا ئادەم بارلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەتتى، لېكىن بىز نە بىرەر ئادەم، نە ئادەمگە مۇناسىۋەتلىك بىرەر جانلىق تاپالمىدۇق. بىزنىڭ ئۈنىمىز ئورمانلىقنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ھېچقانداق بىر جاۋابقا ئېرىشەلمىدۇق.

ئاخىر ئالدىمىزدا كېتىۋاتقان ئىسلامبايىنىڭ «سۇ!»، «سۇ بار ئىكەن!» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدۇق.

ئۇزۇن ئۆتمەي بىز ھەم چوڭقۇر، ھەم چوڭ بىر كۆلنىڭ بويىغا يېتىپ كەلدۇق، سۇ يۈزىنى بىر قەۋەت قېلىن مۇز قاپلىغانىدى. كۆپچىلىك ھاپىلا ــ شاپىلا پالتا ۋە گۈرجەكلەر بىلەن مۇز ئۈستىدىن بىر كاچكۇل ئاچتى. بىز شۇئان توققۇز تەزىم قىلىپ كاچكۇلنىڭ ئەتراپىدا دۈم يېتىپ سۇ ئىچتۇق.

دەل شۇ چاغدا، يىراقتىن ئىتنىڭ قاۋىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدۇق.

ئەخمەت مەرگەن بىلەن قاسىمئاخۇن دەرھال ئىت قاۋىغان تەرەپكە كەتتى. بىر ھازادىن كېيىن ئۇلار ئۈچ ئادەمنى باشلاپ كەلدى. ئاخىر ئۆزىمىزنىڭ قەيەردە تۇرۇۋاتقانلىقىمىزنى دەپ بېرىدىغان ئادەم تاپتۇق. بۇ جاينىڭ ئىسمى قاراداش (قاراكۆل) ئىكەن، بىز تونۇغۇن ئۇچراتقان چىمەنلىق ۋە ياۋا توڭگۇزلارنىڭ ئىزى بار جاي قۇرۇپ كەتكەن دەريا قىنى بولۇپ، ئاچچىق دەريا دەپ ئاتىلىدىكەن.

ئەتىسى بۇ ئۈچ ئادەم بىزنى شەرقىي شىمال تەرەپكە باشلاپ ماڭدى، بىز ئاخىر يەركەن دەرياسى — تارىم دەرياسى بويىغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەردىكى تارىم دەرياسىنىڭ كەڭلىكى 150 مېتىر كېلىدىكەن، دەرياغا ناھايىتى قېلىن مۇز تۇتقان بولسىمۇ، لېكىن دەريادىن ئۆتكەندە مۇز تۆگىنى كۆتۈرەلمەي تۆيۇقسىز ئۇلتۇرۇشۇپ قاراسلاپ كەتتى. بىز دەريادىن ئۆتۈپ دەريانىڭ شىمالىي قىرغىقىغا جايلاشقان چىمەن كەنتكە يېتىپ كېلىپ، دېھقانلارنىڭ ئۆيىنى ئارىيەت ئېلىپ تۇردۇق.

ئەخمەت مەرگەن بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى قاسىمئاخۇن چىمەن كەنتىدە بىز بىلەن خوشلىشىپ ئۆيىگە قايتىپ كەتتى. مېنىڭ ھەققەتەن ئۇلاردىن ئايرىلغۇم كەلمىدى، لېكىن ئۇلار ئەتىياز كېلىپ قالدى، يۇرتتىكى تۇغقانلار بىزنىڭ قايتىپ بېرىپ دېھقانچىلىق قىلىشىمىزنى كۈتۈۋاتىدۇ دەپ تۇرۇۋالدى. دېمىسىمۇ ئۆزلىرىگە تونۇشلۇق بولغان قۇملۇقنىڭ جەنۇبىدىكى بوستانلىقتىن كۈندىن ـ كۈنگە يىراقلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئويلىغىنىدا، ئۇلارنىڭ ھەققەتەن بېشى قاتاتتى.

2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، بىز قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى كىچىك شەھەر شايارغا يېتىپ كەلدۇق. شۇنىڭ بىلەن، مەن تەكلىماكان قۇملۇقىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان ئېكسپېدىتسىيە سەپىرىمنى ئاخىرلاشتۇردۇم.

بۇ قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيىگە جەمئىي 41 كۈن كەتتى، بۇ جەرياندا كۆتۈلمىگەن بايقاشلارغا ئېرىشتىم. مەن كېرىيە دەرياسى ۋادىسىنىڭ تۇنجى خەرىتىسىنى سىزىپ چىقتىم، بۇ دەريانىڭ شىمال تەرىپىدىكى قۇملۇقتا ياشايدىغان ياۋا تۆگىلەرنى تەكشۈرۈپ چىقتىم، كېرىيە دەرياسىنىڭ ئايىغىدى-

تىرلىق بۇ چوڭ دائىرىنى ئايلىنىشنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدىم، 50 كۈنلۈك سەپەر تەييارلىقى بىلەنلا قۇملۇقنىڭ جەنۇبىدىن شىمالغا ئۆتتۈم. لوپنۇر كۆلىنىڭ خەرىتىسىنى ئېلىۋالمىغانىدىم. جۇڭگونىڭ چوڭ پاسپورتىنىمۇ خوتەندە قويۇپ قويغانىدىم. يېنىمدا پەقەت بىر كىچىك پاسپورتلا بولۇپ، ئۇنى خوتەن ئايمىقى دائىرىسىدىلا ئىشلىتىشكە بولاتتى، بۇنى ماڭا ئايماقبېگى ليۇ جياۋدې بەرگەنىدى. بۇنىڭدىن باشقا، بىز پەقەت قىشلىق سەپەر لازىمەتلىكلىرىنىلا ئالغانىدۇق، رەسىم قەغىزى، خاتىرە دەپتەر، قەلەم ئۇچى، چاي ۋە تاماكىلارنى ئىشلىتىپ بولغانىدۇق.

دەرۋەقە، ئېسىمدە قېلىشىچە، پرژېۋالسكىينىڭ لوپنۇر كۆلى توغرىسىدىكى خەرىتىسى خېلى پۇختا سىزىلغانىدى، كونا خەرىتىگە كەلسەك، مەن ئەسلىدە ئۇنى ئۈزۈل ـ كېسىل ئۆزگەرتىشنى ئويلىغانىدىم. بۇ بەلكىم مېنىڭ جۇڭگو ئەمەلدارلىرى بىلەن ئالاقە قىلىشتىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇش ئۈچۈن بولسا كېرەك. يازلىق كىيىم ـ كېچەك ۋە ئاياغ كىيىملەرنى كورلىدىن سېتىۋالساق بولاتتى. مەن شاياردىن بىرئاز قەغەز سېتىۋالدىم، بۇ قەغەز ناھايىتى ناچار بولسىمۇ، مېنىڭ خېتىم ۋە سىزغان رەسىمىمنىڭ قىممىتى قەغەز سۈپىتىنىڭ ناچارلىقىدىن ئۆزگىرىپ كەتمەيتتى. يېشىل چاينى ھەممە يەردىن تاپقىلى بولاتتى، جۇڭگو تاماكىسىنىمۇ سېتىۋېلىشقا بولاتتى، بۇ تاماكىغا ناچار ماي ۋە شۇ جايدىكى مەلۇم جاينىڭ توپىلىرى ئارىلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنى چېلىم بىلەن چەكسە بولۇۋېرەتتى. بۇغداي ئۇنى، گۈرۈچ، نان، تۇخۇم ۋە شېكەر قاتارلىق ئوزۇقلۇقلار خۇددى ئىسلامباي تەييارلىغاندىكىدەك ياخشى ئىدى. تۆگىنىڭ توقۇمىنىمۇ ياسىتىۋالدىم ۋە ئۇنىڭ ئاستىغا يېڭى ئوت ـ چۆپلەرنى قاچىلىدىم.

شۇنداق قىلىپ، شاياردا ئىككى كۈن ئارام ئېلىپ، بارلىق تەييارلىقلارنى پۈتتۈرۈپ يېڭى سەپەرنى باشلىدۇق.

مېنىڭ بۇ يەردە ئىشلىتىشكە مۇۋاپىق پاسپورتۇم بولمىغاچقا، شايارنىڭ ئەمەلدارى تۆمۈربەگ ماڭا بەك ھاكاۋۇرلۇق قىلدى، ھەتتا قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ماڭا يولنى كۆرسىتىپ قويۇشىغىمۇ يول قويماي، يولۇمنى توسماقچى بولدى. لېكىن جۇڭگونىڭ يامبۇسى ئۇنىڭ ئىرادىسى ئۈستىدىن غالىب

كەلدى.

2 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، مەن ئۈچ تۆگە ۋە تۆت ئادەمنى ئېلىپ شايار شەھىرىدىن چىقتىم.

بىز بۇ شەھەردىن ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى باغ، ئېتىزلىقلاردىن چىقىپ كەڭ كەتكەن ئوتلاققا يېتىپ كەلدۇق، ئۇ يەردە نۇرغۇن پادىچى ۋە پادىلار بار ئىكەن. بىز يەنە شەرقىي جەنۇبقا قاراپ ماڭدۇق، ئۇزۇن ئۆتمەي تارىم دەرياسى بويىغا كەلدۇق. بۇ دەريا بۇ يەردە ئۆگەن دەرياسى دەپ ئاتىلىدىكەن.

ئەتىسى بىز تۇرۇپ ئورمانلىقتىن، تۇرۇپ ئېتىزلىق ۋە ئوتلاقلاردىن ئۆتتۇق، كەچتە ئورمانلىقتىكى يولۋاسباش دېگەن يەردە قوندۇق. بىز بۇ يەردىكى بىر چارۋىچىدىن بىز كۆرگەن ھېلىقى قۇرۇپ كەتكەن ئاچچىق دەريانىڭ بۇ يەردە ئارقا دەريا دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى، بۇ دەرىيادا پەقەت يازدىلا سۇ ئاقىدىغانلىقىنى، دەريا سۈيىنىڭ بىرنەچچە كۈنلۈك مۇساپىدە شەرققە ئېقىپ، ئاخىردا قۇملۇقتا يوقاپ كېتىدىغانلىقىنى، بۇ دەريانىڭ جەنۇب تەرىپىدە نۇرغۇن ياۋا تۆگىلەرنىڭ بارلىقىنى، قۇملۇقنىڭ ئىچىدە بىر قەدىمىي شەھەر خارابىلىكى بارلىقىنى، لېكىن ئۇ يەرگە ھېچكىمنىڭ بېرىپ باقمىغانلىقىنى، قەدىمىي شەھەر نامىنىڭ سايكۆتەك ئىكەنلىكىنىلا بىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىدۇق.

بىز بۇ بىرنەچچە كۈندە ئارقا ـ ئارقىدىن نۇرغۇن ياۋا غازلارنى كۆردۇق. لېكىن، 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئورمانلىقتىكى بوش يەرگە سېلىنغان بىر كونا قوتاندا قونغاندا پەقەت ياۋا غاز كۆرمىگەنىدۇق. كۈن ئولتۇرمىغاندا ياۋا غازلار ناھايىتى ئېگىز ئۇچىدىكەن، ئادەم يەردە تۇرۇپ قارىسا، خۇددى قارا چېكىتتەك كۆرۈنىدىكەن. لېكىن، كۈن ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى 10 مېتىر ئېگىزلىكتە ئۇستىمىزدىن ئۇچۇپ ئۆتەتتى. بۇ چاغدا، ئۇلار توغراق شېخىغا ئىلىنىشىپ قالىدىغاندەك كۆرۈنەت-تى. تۇرۇپ ـ تۇرۇپ ئۇلار مۇۋاپىق بىر جاينى تاللاپ چۈشۈش توغرىسىدا پىكىرلىشىۋاتقاندەك پەس ئاۋازدا سايرىشىپ قوياتتى. باشقا ياۋا غازلار كېچىدە يەنىلا ئېگىز ئۇچاتتى. پەس ئۇچقان ياۋا غازلار بەلكىم ئېگىز ئۇچقان ياۋا غازلارغا قارىغاندا ئۇزۇن ۋاقىت ئۇچقان، يەرگە چۈشۈپ ئارام

ئالماقچى بولغان بولسا كېرەك.

بۇ ياۋا غازلار بۇ يەرنىڭ يەر شەكلىنى ناھايىتى پىششىق بىلىدىغاندەك كۆرۈنەتتى، ئۇلار كىشىگە ناھايىتى توغرا سىزىلغان خەرىتىدىن ۋە ياخشى كۆرسەتمىلىك ئەسۋابتىن پايدىلىنىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى، بۇ ھەقىقەتەن ھەيران قالارلىق ئىش ئىدى. ئۇلار دائىم سەپ تۈزۈپ، بىر لىنىيىنى بويلاپ، قاتار ئۆسكەن توغراقلار ئۈستىدىن ئۆتۈپ، ئوخشاش نىشانغا قاراپ ئۇچاتتى. ناۋادا ئۇلار يىراقتا سايىرسا كىشىلەر تۇنجى ياۋا غازنىڭ مەلۇم بىر ئورمانلىقنىڭ ئۈستىدە پەيدا بولغانلىقىنى جەزىملەشتۈرەتتى. ئۇلارنىڭ جۇغراپىيىۋى ئېگى كىشىنى تولىمۇ ھەيران قالدۇراتتى. مۇشۇ بىر يولدا چوقۇم ئۇلارنىڭ سان ـ ساناقسىز بەلگىلىرى بولسا كېرەك. ئۇلار چۈشىدىغان يېرىگە يېقىنلاشقاندا، ئالدى بىلەن خېلى يەرگىچە پەس ئۇچۇپ ئاندىن يەرگە چۈشەتتى. بۇنداق پەسىل قۇشلىرى ھەر يىلى بىر قېتىم ھىندىستاندىن سىبىرىيىگە بېرىپ، سىبىرىيىدىن يەنە ھىندىستانغا قايتىپ كېلىدىكەن. بۇ ئارىلىقتا بېرىپ كېلىش ئۇچۇن، ئىنسانلار يەردە ماڭسا بىر يىل ۋاقىت كېتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ناھايىتى تىرىشچانلىق كۆرسەتكەندىلا، ئاندىن بېرىپ ــ كېلەلەيدۇ.

ھازىرقى سەپىرىم جەريانىدا، ھەر كۈنى مېنىڭ تارىم دەرياسىدىن ئىبارەت بۇ مۇرەككەپ دەرياغا دائىر بىلىمىم كۆپىيىپ باردى. دەريا سۈيى ئورمانلىقلار ئارىسىدىن ئەگرى ــ بۈگرى ئېقىنلار ئارقىلىق ئۆتكەندە دائىم بىر نەچچە تارماق ئېقىنغا ئايرىلىپ كېتىدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېقىنلارنىڭ باشلىنىدىغان ۋە ئاخىرلىشىدىغان جايلىرى ناھايىتى قالايمىقان، نامىلىرىمۇ خالىغانچە قويۇلغانىكەن.

... يول قويۇق توغراقلىق، يۇلغۇنلۇق ۋە ئېگىزلىكى 3 مېتىر كەلگۈدەك قومۇشلار ئارىسىدىن ئۆتكەچكە، مېڭىش تەسەۋۋۇرۇمدىكىدىنمۇ تەسكە چۈشتى. تەلىيىمىزگە بىزنىڭ سەممىي، ئىشەنچلىك يول باشلىغۇچىمىز شايارلىق ئىسلامئاخۇن بار ئىدى.

3 ــ ئاينىڭ 6 ــ كۈنى، بىز شەرقىي شىمال تەرەپكە ماڭدۇق. ئورمانلار ئاستا ــ ئاستا شالاڭلىششقا باشلىدى، ئاخىردا پەقەت ئاندا ــ

ساندا يۇلغۇن ۋە باشقا چاتقاللارلا قالدى. ئۇ يەر، بۇ يەردە پات ـ پات كىچىك قۇم بارخانلىرى ئۇچراشقا باشلىدى. بوگوئنلوك مۇساپە توگمەي تۇرۇپلا، بىز يەنە بىر پارچە قۇملۇققا كىرىپ كەتتۇق. بۇ نامسىز قۇملۇق بولغاچقا، قۇم ياكى چۆل دەپلا ئاتىلىدىكەن. كىشىلەر بۇ يەردىمۇ كۆمۈلۈپ قالغان بىر قەدىمىي شەھەر بار دەپ رىۋايەت قىلىشىدىكەن، لېكىن ئۇلارنىڭ دېگەنلىرى بەكلا تومتاق بولغاچقا، ئالاھىدە بېرىپ ئىزدەشكە ئەرزىمەيدىكەن. بىز بۇ يەردىن بىر قىسىم ساپال بۇيۇم پارچىلىرى ۋە بىر تاش پىچاق تاپتۇق.

بىز يەنە سەپىرىمىزنى داۋاملاشتۇرۇپ، بۇ نامسىز قۇملۇقتىن ئۆتۈپ قويۇق توغراقلىققا كىرىپ كەتتۇق. بۇ يەردە 9 مېتىر كەڭلىكتىكى چېچەك دەرياسىدىن ئۆتۈشىمىزگە توغرا كەلدى، دەريا بويىدا ئانچە پۇختا بولمىغان بىر ساپال بار ئىكەن، ئۇنىڭ بىلەن دەريادىن ئۆتۈشكە بولىدىكەن. ئىككى چوڭ تۆگە سالغا تېپتىنچلا چىقتى، لېكىن ھېلىقى ھەمىشە بىزگە ئاۋارىچىلىك تېپىپ بېرىدىغان كىچىك تۆگە ھەرقانچە تارتساقمۇ، قامچا بىلەن پاچاقلىرىغا ھەرقانچە ئۇرساقمۇ ئورنىدا ياغاچتەك مىدىر ـ سىدىر قىلماي تۇرۇۋالدى. بىز ئامال قىلالماي ئاخىر تۆۋەن ئېقىندىكى بىر ياغاچ كۆۋرۈك بىلەن دەريادىن ئۆتتۇق، بۇ جاھىل ھايۋان بۇ كۆۋرۈكتىن قورقمايلا ئۆتۈپ كەتتى.

3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، بىز ئاخىر كورلا شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق. بازاردىكى شاۋقۇن ـ سۈرەنلەر تۇرۇپ ـ تۇرۇپ تۆگىلىرىمىزنى ئۈركۈتۈۋېتەتتى، بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ قۇملۇقتىكى خىلۋەت جايلارغا كۆنۈپ قالغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. بىر توپ ئوغۇل بالا كۈلۈشۈپ، ۋارقىرىشىپ ئارقىمىزدىن يۈگۈرۈشۈپ كېلىۋاتاتتى، مېنىڭ تۆگىنىڭ ئۈستىدە چوقچىيىپ ئولتۇرغان قىياپىتىم ئۇلارغا قىزىق تۇيۇلۇۋاتقان بولسا كېرەك، مەسخىرە ئارىلاش كۈلۈشەتتى.

بۇ كىچىك شەھەر كورلا كۆنچى دەرياسى (كورلا دەرياسى) نىڭ قىرغىقىغا جايلاشقانىكەن. بۇ نۇقتا مېنى ناھايىتى قىزىقتۇردى. كۆنچى دەرياسى باغراش كۆلىدىن باشلىنىدىكەن، ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە ئەڭ

چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق كۆلى ئىكەن، نۆۋەتتە ئۇنى لوپنۇر كۆلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا كىچىككىنە سازلىقتىن ئىبارەت، خالاس. ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان يېرى شۇكى، دەرياغا سېلىنغان كۆۋرۈك ئىنتايىن پەس بولۇپ، سۇغا تېگىپ قالاي دەپلا تۇرىدىكەن. بۇ باش ئەتىياز ۋاقتى بولۇپ، تارىم ئويمانلىقىدىكى ھەممە دەريا ــ ئېقىنلارنىڭ سۇ ئورنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشكەن ۋاقىت ئىكەن، بەزى دەريالار (يەنى خوتەن دەرياسى[①] ) پۈتۈنلەي قۇرۇپ كېتىدىكەن. يازنىڭ ئاخىرىدىكى كەلكۈن مەزگىلى كەلگەندە كورلىدىكى كۆنچى دەرياسىغا سېلىنغان بۇ پەس كۆۋرۈكنى كەلكۈن خۇددى ئوتۇنغا ئوخشاش بىرنى قويماي ئېقىتىپ كەتمەمدىغاندۇ؟ ئاشۇنداق بولسا، بۇ چوڭ يول توسۇلۇپ قالماسمۇ؟

ئەمما، كىشىلەرنىڭ ماڭا كۆنچى دەرياسىنىڭ سۇ ئورنى ھەمىشە مۇشۇ ئېگىزلىكتە تۇرىدۇ، بىر يىلدىكى ئېگىز ــ پەسلىك پەرقى ئىككىلىكىلا كېلىدۇ دەپ بېرىشى مېنى تولىمۇ ھەيران قالدۇردى. بۇنىڭدىن باشقا، بۇ دەريانىڭ بەزى جايلىرى تارىمدا مەن كۆرگەن باشقا بارلىق دەريالارغا ئوخشىمايدىكەن، ئۇ بولسىمۇ سۈيى سۈپسۈزۈك ھەم ناھايىتى چىرايلىق ئىكەن.

دەرياشۇناسلىققا دائىر بىر مەسىلىلەرنى مەن بۇ يەردە تەپسىلىي مۇھاكىمە قىلىپ ئولتۇرمايمەن، لېكىن بۇ دەريا ئەينى چاغدا مېنى ھەقىقەتەن گاڭگىرىتىپ قويغانىدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن قاراشەھەر (قايدۇ) دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى قاراشەھەرگە بارماقچى بولدۇم. بۇ دەريا قاراشەھەرنىڭ غەربىي شىمالىدىن ئېقىپ كېتىپ باغراش كۆلىگە قۇيۇلىدىكەن. ئۇ بۇ چوڭ كۆلنىڭ مەنبەسى ئىكەن. ئەمما، كۆنچى دەرياسى دەل باغراش كۆلىدىن باشلىنىدىكەن.

3 ــ ئاينىڭ 12 ــ كۈنى، مەن بىرلا خىزمەتكارنى ئېلىپ قاراشەھەرگە ئاتلىق باردىم، ئۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپلا يەنە كورلىغا قايتىپ كەلدىم.

---

① بۇ يەردىكى خوتەن دەرياسى مازارتاغنىڭ تۆۋىنىدىن يەركەن دەرياسى بىلەن قوشۇلىدىغان جايغىچە بولغان دەريانى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا يىل بويى سۇ ئۈزۈلمەيدۇ.

## 32. لوپنۇر كۆلى

مەن كورلىدىن يەنە ئىككى ئات سېتىۋېلىپ، ئىككى يول باشلىغۇچى ياللاپ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىمنى كېڭەيتتىم. ئىككى يول باشلىغۇچى بىزنى كورلىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان كىچىك كەنت — تىكەنلىككە باشلاپ بېرىشقا مەسئۇل بولدى، كۆنچى دەرياسى شۇ يەرگە يېقىن جايدا تارىم دەرياسىنىڭ ئىككى تارماق ئېقىنىغا قوشۇلۇپ كېتىدىكەن.

تىكەنلىككە بارىدىغان يول بىر چۆلدىن ئۆتىدىكەن. بىز چۆلدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ جۇڭگونىڭ تاشلىنىپ كەتكەن ئىككى قەدىمي قورغىنى-نى بايقىدۇق، ئەمما بۇ قورغانلارنىڭ ئەسلى ھالىتى تېخىچە ئاساسىي جەھەتتىن ساقلىنىپ قالغانىكەن. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە قاتار كەتكەن تۇرلار① بار ئىكەن. ئۇ ياغاچ ۋە سېغىزدىن ياسالغان ئېھرام شەكلىدىكى ئېگىز قۇرۇلۇش ئىكەن، ئىلگىرى جۇڭگولۇقلار مۇشۇ قۇرۇلۇش ئارقىلىق جايلار ئارىسىدىكى ئارىلىقنى ئىپادىلىگەنىكەن. بۇ قەدىمي قورغاندا قورۇل ۋە تۇرنىڭ بولۇشى قەدىمكى دەۋردە بۇ جاينىڭ مۇھىم قاتناش تۈگۈنى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بۇ يول كورلىدىن قەيەرگە بارىدىغاندۇ؟ بۇ يول شەرقىي جەنۇبقا سوزۇلۇپ قۇملۇققا كىرىپ كېتىدىكەن. جۇڭگونىڭ قەدىمي خەرىتىسى بويىچە بولغاندا، لوپنۇر كۆلى روشەنكى ئاشۇ يەردە. دېمەك، بۇ يولنىڭ ئىلگىرىكى لوپنۇر كۆلىگە بارىدىغانلىقىدا گەپ يوق ئىدى. ھازىر بۇ يولدا ئادەم ماڭمىغاچقا، يول پۈتۈنلەي بۇزۇلۇپ كەتكەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا، بۇ يول ئەسلىدە بارىدىغان جايدىمۇ زور ئۆزگىرىش بولغان بولۇشى مۇمكىن.

مەن بۇ ئەقلىي خۇلاسىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، 3 ـ ئاينىڭ 31 ـ

① تۇر ئاساسەن ئۇچۇر يەتكۈزۈشكە ئىشلىتىلىدۇ ۋە يول بەلگىسى قىلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

كونى تۆت ھەمراھىمنى، يەنى ئىسلامباي، كەرىمجان ۋە بۇ يەرنىڭ ئۆي ــ چوڭقۇرىنى بىلىدىغان ئىككى يول باشلىغۇچىنى ئېلىپ، تىكەنلىكتىن ئۇدۇل شەرققە قاراپ مېڭىپ، رۇسىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى پرژېۋالسكىي بارغان جايغا باردىم.

تىكەنلىك كەنتىدىكى ۋاقتىمدا، كىشىلەردىن بۇ كەنتنىڭ شەرقىدە تۇتاش كەتكەن كۆللەرنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. بىز كۆنچى دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىنى بويلاپ ئۈچ كۈن ماڭدۇق، ئۇزۇن ئۆتمەي كۆنچى دەرياسى شەرقىي جەنۇبقا بۇرۇلۇپ كەتتى، شەرقىي جەنۇبقا بۇرۇلۇپ كەتكەن بۇ يېڭى دەريا بۆلىكىنىڭ نامى ئىلەك دەرياسى دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۈچ كۈندىن كېيىن، بىز تار، ئۇزۇن بىر كۆلگە يېتىپ كەلدۇق، ئىلەك دەرياسىنىڭ سۈيى مۇشۇ كۆلگە قۇيۇلىدىكەن. ھازىر بۇ كۆلنىڭ ھەممە يېرىدە دېگۈدەك قومۇش ئۆسۈپ كەتكەچكە، ئۇ سۈيى تېيىز بىر سازلىققا ئايلىنىپ قاپتۇ، لېكىن بىرنەچچە يىل ئىلگىرى مۇشۇ يەرلىك كىشىلەر بۇ يەردە بېلىق تۇتىدىكەن.

ھازىر جۇڭگولۇقلار كورلىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى چۆلگە جايلاشقان پۈتكۈل رايوننى لوپنۇر كۆلى① دەپ ئاتايدىكەن. لېكىن، جۇڭگو خەرىتىسىگە ئاساسلانغاندا، شۇ نام بىلەن ئاتىلىدىغان كۆللەر غەربتىن شەرققە قاراپ تارقالغان، ئەمما مەن بايقىغان كۆللەر شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ تارقالغان. بۇنىڭدىن باشقا، كۆلدە بەزى ئاراللار كۆتۈرۈلۈپ چىققان بولۇپ، كۆل تارىيىپ تۆت كۆل ئويمانلىقىنى شەكىللەندۈرگەن. كۆل تېگىدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەر قۇملۇق بورىنىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسىدۇر. پۈتكۈل لوپنۇر رايونىدا بوران كۆپ ھاللاردا شەرقتىن شەرقىي شىمالغا قاراپ چىقىدىكەن، شۇڭا كۆل غەربكە تەرىجىي يۆتكەلگەن، شەرق تەرەپتىكى ئويمان يەر قۇم بىلەن تىنىپ كەتكەن. كۆل ئىلگىرى شەرق تەرەپكە كېڭەيگەن، بۇ نۇقتىنى ئۇ تەرەپتىكى قالدۇق دەرەخلەر ئارقىلىقمۇ ئىسپاتلاشقا بولىدۇ. توغراق

① چىڭ دەۋرىدىكى جۇڭگونىڭ ھۆكۈمەت تەرەپ كىتابلىرىدا بۇ رايون باشتىلا لوپنۇر دەپ ئاتالغان، لېكىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، مىنگونىڭ باشلىرىدا شىنجاڭدا ناھىيە تەسىس قىلىنغاندا ناھىيىنىڭ نامى شىنپىڭ دەپ ئاتالغان، كېيىن يەنە لوپنۇرغا ئۆزگەرتىلگەن. بۇ نام ھازىرغىچە ساقلىنىۋاتىدۇ.

مۇقەررەر هالدا كۆلگە ئەگىشىپ كۆچۈپ تۇرىدۇ، كۆلنىڭ شەرق تەرىپىدىكى يىراق جايدىكى قۇرۇپ كەتكەن توغراقلار قۇملىشىپ كەتكەن يەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا قالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ توغراقلارنىڭ كۆپىنچىسى غەرب تەرەپتىكى قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا ئىكەن، ئۇ يەردە تېخى كۆكلەپ تۇرغان توغراقلارمۇ بار ئىكەن، يۇمران توغراقلار تاكى كۆلنىڭ قىرغىقىغىچە يېتىپ بارغان. لېكىن، هازىرقى تارىخىي مەزگىلدىمۇ كۆلنىڭ شەرق تەرىپىدىكى قۇرۇپ كەتكەن توغراقلار كۆل بويىدا ئۆسكەن، بۇ توغراقلار كۆلدىن سۇ ئىچكەن. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئالدىمىزدىكى سۇ يىغىلىپ قالغان سازلىق، باشقا نەرسە ئەمەس، دەل قەدىمىي لوپنۇر كۆلىنىڭ قالدۇقىدۇر.

قەدىمىي لوپنۇر كۆلىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا بارىدىغان يولدا مېڭىش ناهايىتى قىيىن ئىكەن. 10 ~ 15 مېتىر ئېگىزلىكتىكى قۇم بارخانلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ تىك يانباغرى كۆل سۈيى تەرەپكە توغرا كېلىدىكەن. ئۇ يەر، بۇ يەردە، يەنى قۇم بىرئاز ئاز يەرلەردە توغراق بار ئىكەن؛ قۇم بارخانلىرى پاكارراق جايلاردا يۇلغۇن بار ئىكەن، هەربىر تۈپ يۇلغۇن كونۇسسىمان يوغان قۇم بارخىنى ئۈستىدە چوقچىيىپ تۇرىدىكەن، بۇ كونۇسسىمان قۇم بارخانلىرىنى يۇلغۇن يىلتىزى قاپلاپ كېتىدۇ. ئۈستىدە يۇلغۇن ئۆسكەن بۇ قۇم بارخانلىرى سىپپى ئۆزىدىن بىر «سىرلىق ئوردا» نى هاسىل قىپتۇ، بۇنى كۆرۈپ قۇملۇقتا بىرنەچچە قېتىم بارماقچىمۇ بولدۇق.

كۆلنىڭ قىرغاقلىرى ۋە كۆل ئەتراپىدىكى سازلىقتا قومۇش ئۆسكەنىدىن باشقا، ئەتراپىنىمۇ پۈتۈنلەي قومۇش قاپلاپ كېتىپتۇ. شۇڭا، كۆل ياقىسىدىكى ئەڭ ئېگىز قۇم بارخىنىنىڭ چوققىسىغا چىققاندىلا، ئاندىن سۇنى كۆرگىلى بولىدىكەن. كۆل ئويمانلىقىنىڭ يەر شەكلى تۈپتۈز، ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇرۇق بولۇپ، بۇ يەردە شۇ يەرلىك ئادەملەرنىڭ ئۆيىنىڭ تېمىغا ئوخشاش قويۇق قومۇش بار ئىكەن. يەنە كېلىپ قومۇشلارنىڭ ئېگىزلىكى تۆگىنىڭ بويىدەك ئىككى كېلىدىكەن. ئادەم قومۇشلۇققا كىرسە، خۇددى كېچىدە يول ماڭغاندەك تۇيۇلىدىكەن. تەلىيىمىزگە يارىشا قومۇشلۇقتىن چىقىۋېلىپ بەك خۇش بولۇپ كەتتۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



پاشا ــ چىۋىنلەرنى قوغلاش ئۈچۈن، لوپنۇر كۆلدە
قومۇشقا يېقىلغان ئوت

بۇ يەردە چىۋىن بەك كۆپ بولۇپ ئادەمنى يىرگەندۈرەتتى. بۇ قورقۇنچلۇق ئۇچار جانىۋار خۇددى بۇلۇتقا ئوخشاش بىزنى قوغلايتتى. كۈن ئولتۇرغاندىن كېيىن، بىز بىر جاينى تېپىپ ئورۇنلاشتۇق، بۇ چاغدا چىۋىنلەر توپ ــ توپ بولۇپ بىزگە ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. بىز تۇرغان يېرىمىزنىڭ ئەتراپىغا ئوت قالاپ ئۆزىمىزنى قوغدىدۇق. قويۇق ئىس بىزنى قاقالدۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغىلى تاس قالدى. دېمەك، بۇ چارىمۇ تازا ئۈنۈمـلۈك بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن، بىز ئەتراپتىكى قۇرۇق قومۇشقا ئوت ياقتۇق، ئوت خۇددى دالا يانغىنىغا ئوخشاش تەرەپ ــ تەرەپكە يامراشقا باشلىدى، كۆل ئۈستىدىكى خېلى كۆپ قىسىم بوشلۇق قويۇق ئىس دەستىدىن قېلىن بىرىزېنت يېپىپ قويغاندەك بولۇپ كەتتى. مەن بۇ ئۇلۇغ ئوتنى تاماشا قىلىمەن دەپ يېرىم كېچىگىچە ئۇخلىمىدىم. مەن ھاشارات چېقىۋالمىسۇن دەپ، قول ۋە يۈزلىرىمگە تاماكا مېيى سۈركىۋالدىم. ھەر كۈنى نەچچە تال تاماكا چەكسەم، ئاران بىر قېتىم سۈركىگۈدەك تاماكا مېيى چىقاتتى. بىز يەتتە كۈن مېڭىپ بىر ئادەم ئۇچراتمىدۇق. كۆلنىڭ جەنۇبىي

چىتىگە كەلگەندىلا ئۈچ ئائىلىلىك بىلىقچىنى① ئۇچراتتۇق. ئىلەك دەرياسى بۇ يەردە كۆل سازلىقىدىن ئېقىپ چىقىپ، ئىككى كونلۇك مۇساپىگىچە ئېقىپ تارىم دەرياسىغا قوشۇلۇپ كېتىدىكەن. ئىلەك دەرياسىدا ئاقىدىغان سۇ كۆلدىكى قومۇشلارنىڭ سۈزۈشى بىلەن تازىلانغان تۇتۇق زەڭگەر رەڭلىك سۈزۈك سۇغا ئايلىنىپ، بىر چوڭقۇر ئېقىن ئارقىلىق جەنۇبقا ئاقىدىكەن.

مەن بۇ يەردە ئىسلامبايىنى تۆگىچىلەرنى باشلاپ ئىككى دەريا قوشۇلىدىغان جايغا بېرىپ ساقلاپ تۇرۇشقا بۇيرۇۋېتىپ، ئۆزۈم بىر كىچىك كېمە ۋە ئىككى كېمىچىنى ياللاپ دەريا بىلەن ئېقىپ بويلاپ تۆۋەنگە قاراپ ماڭدىم. مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق پېشقەدەم پرژېۋالسكىي بايقىغان باشقا بىر لوپنۇر كۆلىگە باردىم...

① بۇ كىچىككىنە لوپنۇرلۇق بېلىقچىلار كەنتى لوپنۇرلۇقلار كەنتىنىڭ بىرى بولۇپ، قۇمچېقى دەپ ئاتىلىدىكەن.

# 33. يېڭى لوپنۇر كۆلىدە قېيىق ھەيدەش

لوپنۇر دالىسىدىكى ئاھالىلەر ئۆزلىرىنى لوپنۇرلۇقلار دەپ ئاتايدىكەن. ئۇلارنىڭ قېيىقى چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان بىر تال توغراق ياغىچىنىڭ ئوتتۇرىسى ئويۇپ ياسالغان ياغاچ قېيىق ئىكەن، ئۇلار بۇ قېيىقنى «چاپما قېيىق» دەپ ئاتايدىكەن. مەن ئىجارىگە ئالغان ياغاچ قېيىقنىڭ ئۇزۇنلۇقى 6 مېتىر، كەڭلىكى يېرىم مېتىر كېلىدىكەن. قېيىقچىلار يەلكەن ئىشلەتمەي، قېيىقنى ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن پالاق ئۇرۇپ تېز ھەيدەيدىكەن. ئۇلار ھېچقانداق توسالغۇ بولمىغان سۇدا قېيىقنى يۆكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ھەيدەيدىكەن، قويۇق قومۇشلۇققا كەلگەندە، ئەتراپنى ئېنىق كۆزىتىپ مېڭىش ئۈچۈن، پالاقنى سۇغا تىك سانجىپ ئۆرە تۇرۇپ ھەيدەيدىكەن. كۆپ ساندىكى قېيىقلارنى ئىككى ئادەم ھەيدەيدىكەن، قېيىقنىڭ قۇيرۇق تەرىپىدىكى ئادەم ئۆرە تۇرىدىكەن، ئۇنداق بولمىسا ئالدىدىكى ئادەم ئۇنى توسۇۋالىدىكەن.

4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، مەن ياغاچ قېيىق بىلەن يولغا چىقتىم. قېيىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇردۇم، قېيىقچىلارنىڭ بىرى ئالدىدا، يەنە بىرى كەينىدە ئولتۇردى. مەن ئېلىۋالغان يۈك ئەدىيال ۋە ياستۇقلاردىن ئوبدان بىر ئورۇن راسلىدىم، كومپاس، قەلەم قاتارلىق نەرسىلەرنى قولۇمغا ئېلىۋالدىم، كۆرسەتمىلىك ئەسۋاب ۋە يېمەكلىكلەرنى قېيىقنىڭ ئىككى بېشىغا جايلاشتۇردۇم. قېيىقنىڭ سۈرئىتى ناھايىتى تېز بولۇپ، چايقىلىپ ماڭاتتى. ئۇ سۇيى توق زەڭگەر رەڭلىك ئەگرى ـ توقاي دەريادا خۇددى يىلانبېلىقتەك ئېقىن بويلاپ ئۈزەتتى.

كەچ كىرگەندە، شەرق تەرەپتىن شىددەتلىك قارا بوران چىقىپ، پۈتۈن جاھاننى قاراڭغۇلۇق قاپلاپ كەتتى، تۇرۇپ ـ تۇرۇپ قىرغاقتىكى قېرى توغراق شاخلىرى سۇنۇپ سۇغا چۈشەتتى. ھەم چوڭقۇر، ھەم تار

دەريا قىنىدا كېتىۋاتقىنىمىزدا، دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى قومۇش ۋە توغراقلار بىزگە دالدا بولاتتى. ئەمما، بىز دالدا بولغۇدەك ھېچ نەرسە يوق سۇغا چىققاندا (چۈنكى بۇ يەردە ئىلەك دەرياسىدىن تۇتاش كەتكەن كىچىك كۆللەر شەكىللەنگەنىكەن) قېيىقىمىز تېيىز سۇدا لەيلەپ قالاتتى، شىددەتلىك بوران قېيىقىمىزنى ئۆرۈۋېتىدىغاندەك قىلاتتى. شۇڭا، بىز ئامال بار قىرغاققا يېقىن ماڭدۇق، بۇ جايدا ئېگىز قۇم بارخانلىرى بىزگە دالدا بولدى.



1896 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، سۋېن ھېدىن ياغاچ قېيىقتا ئىلەك دەرياسى ئارقىلىق ئابدالغا كېتىپ بارماقتا

بىز ئىلەك دەرياسىدىن ھاسىل بولغان بىر كىچىك كۆلگە كېلىپ توختىدۇق. چۈنكى، بۇ يەردە ئويلىمىغان يەردىن نامسىز بىر كەنتنى بايقىغاندۇق.

كەنت خەلقى بىزنى ناھايىتى ياخشى كۈتۈۋالدى، ئۇلار يېڭىلا تۇتۇپ كەلگەن بېلىقلىرىنى بىزگە پىشۇرۇپ بەردى، يەنە ئۆردەك تۇخۇمى، سەرەبىل، نانلارنى بەردى، بۇ بىر ۋاخ ئاددىي، ئەمما مەززىلىك كەچلىك تاماق بولدى. تاماق يەۋاتقاندا بىر توپ قېرى ـ ياش، ئەر ـ ئاياللار بىزنى ئورىۋېلىپ ئۆزئارا سۆزلىشەتتى، كۈلۈشەتتى، ھەممەيلەن ناھايىتى خۇشال

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىدى. ياش قىز ــ چوكانلار ئانچە چىرايلىق بولمىسىمۇ، ھېچبىر تارتىنماستىن ئۆزلىرىنىڭ ساغلاملىقىنى نامايان قىلاتتى.

بۇ بىلىقچىلىق كەنتىدىكىلەر ياۋروپالىقلارنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغانىكەن، شۇڭا ئۇلارنىڭ قارىشى ياۋروپالىقلارنىڭ قارىشىغا زادىلا ئوخشىمايدىكەن، چۈنكى ئۇلار باشقىلاردىن پرژىۋالسكىينىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىغانىكەن. ئەينى يىلى ئۇ تولۇق قوراللانغان 20 كازاكنى، خېلى كۆپ تۆگە ۋە يول لازىمەتلىكلىرىنى ئېلىپ، ئۇلارنىڭ جەنۇب تەرەپتىكى قېرىنداشلىرىنى يوقلىغانىكەن. ھازىر ئۇلار مېنىڭ يالغۇز ئىكەنلىكىمنى، خىزمەتكار ۋە ئۇلاغلىرىمنىڭمۇ يوقلۇقىنى، پەقەت مۇشۇ يەرلىك ئىككى ئادەمنىڭلا ھەمراھ بولۇپ كەلگەنلىكىنى، ئولتۇرغىنىمنىڭ مۇشۇ يەرنىڭ قېيىقى ئىكەنلىكىنى، مېنىڭ مۇشۇ يەرلىكلەرنىڭ تىلىدا سۆزلەيدىغانلىقىمنى، ئۇلارنىڭ تامقىغا ئامراق ئىكەنلىكىمنى، ئۇلارغا ئوخشاش كەمبەغەل ئىكەنلىكىمنى كۆرۈپ، بىر لوپنۇرلۇق بىلەن بىر ياۋروپالىق ئوتتۇرىسىدە ئەمەلىيەتتە ھېچقانچە پەرق يوق ئىكەن دەپ قېلىشقانىدى.

4 ــ ئاينىڭ 12 ــ كۈنى بوران توختىمىغاچقا، بىز يولغا چىقالماي، بۇ بېلىقچىلار كەنتىدە بىر كۈن ئارتۇق تۇرۇپ قالدۇق. ئەتىسى بوران بىرئاز پەسەيدى، بىز يەنە قېيىق بىلەن يولغا چىقتۇق. كىشىلەر قېيىقنى ئىشلەتمىسە قىرغاقتا چىقىرىپ دۈم قىلىپ قويىدىكەن ۋە يېرىلىپ كەتمىسۇن دەپ پات ــ پات سۇ چېچىپ قويىدىكەن. مۇشۇنداق قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇن يىلدىن ئارتۇق چىدايدىغانلىرى ناھايىتى ئاز ئىكەن.

چۈشتە يەنە بوران چىقىپ كەتتى، ئەمما بۇ قېتىمقى بوران ئىلگىرىكىدەك قاتتىق چىقمىدى، بۇنىڭدىن كېيىنكى قېيىق سەپىرى ھەقىقەتەن ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى. چۈنكى، بىز ئەمدى ھېچقانداق يىپىنچا ئۆسۈملۈك بولمىغان، كەڭ كەتكەن، نۇرغۇن شاخاپچىلار ئۆزئارا تۇتىشىپ كەتكەن سۇدىن ئۆتەتتۇق. بۇنداق شاخاپچىلاردىن ئۆتىدىغان سۇ يولىغا كىرگەندە قېيىقنى دالدا بولغۇدەك ھېچ نەرسە يوق كۆلدە ھەيدەشتىن باشقا يول يوق ئىدى.

كۆل سۈيى بەك داۋالغۇپ تۇراتتى، دولقۇنلار شالاقشىپ قېيىقنىڭ

ئەتراپىغا ئۇرۇلاتتى، پۈتۈن ئەزايىمىز چىلىق ـ چىلىق ھۆل بولۇپ كەتتى. دولقۇن ھەربىر ئۇرۇلغاندا ئايئاق كۆپۈكچىلەر چاچرايتتى. بۇ يەردە چوقۇم ئىنتايىن ئېھتىيات قىلىش كېرەك ئىدى. بىز سۇغا چۈشۈپ كەتسەك، ئۈزۈشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن كىيىملىرىمىزنى سېلىۋەتتۇق. قېيىق دولقۇن پەللىسىگە توغرا كەلگەندە، بىز ئۇنىڭ تەگچۆكلۈقىنى بەدىنىمىز ۋە پالاق ئارقىلىقلا ساقلىدۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە قېيىقنىڭ ئاستى يەرگە تېگىپ قېلىشىدىن ئىنتايىن پەخەس بولۇشىمىز كېرەك ئىدى.

ئويلىمىغان يەردىن بۇ قورقۇنچلۇق دولقۇندىن ئامان ـ ئېسەن ئۆتۈپ كەتتۇق. شۇنىڭدىن كېيىن بىز ئارقا ـ ئارقىدىن بىرنەچچە كۆلدىن ئۆتتۇق. ئاندىن كۆل تەدرىجىي تارىيىشقا باشلىدى، ئاخىردا يەنە ئىلەك دەرياسى ئەسلىگە كەلدى، بىز قېيىقنى ئىلەك دەرياسىنىڭ تىپتىنىچ سۈيى بىلەن ھەيدەپ چىرىك چاپقان كەنتكە بېرىپ توختىدۇق. بۇ يەردە ئالتە ئائىلىلىك لوپنۇرلۇق ئولتۇراقلاشقانىكەن. ئىسلامباي بىلەن تۆگىچىلەر چىرىكە چاپقاندا بىزدىن ئەنسىرەپ بىزنى ساقلاپ تۇرغانىكەن.

بىز لوپنۇرلۇقلارنىڭ بۇ كىچىك بېلىقچىلىق كەنتىدە ئىككى كۈن ئارام ئېلىپ تۆگىچىلەرنى يەنە ئابدالغا ماڭغۇزۇۋېتىپ، ھېلىقى قېيىقىمدا تارىم دەرياسى ئارقىلىق ئېقىن بويلاپ تۆۋەنگە ماڭدىم.

بوران تېخىچە گۇركىرەپ چىقىۋاتاتتى، مەن يەنە باشقا بىر قېيىق بىلەن ئىككى قېيىقچىنى ياللىدىم، بىز بۇ قېيىقنى ئىككى تال كالتەك بىلەن ئەسلىدىكى قېيىققا چاتتۇق، چۈنكى ئىككى قېيىق تەڭ ماڭسا، تۆت قېيىقچى تەڭ پالاق ئۇرسا، بوراندا خېلى بىخەتەر ماڭغىلى بولاتتى.

شۇنداق قىلىپ بىز يەنە بىر بېلىقچىلار كەنتى چىغلىققا يېتىپ كەلدۇق. تارىم دەرياسى چىغلىقتىن باشلاپ شەرقىي شىمال تەرەپكە ئاقىدىكەن. پرژېۋالسكىي مەندىن 11 يىل بۇرۇن بايقىغان يېڭى لوپنۇر كۆلى چوقۇم مۇشۇ يەردىن باشلانسا كېرەك. بۇ يېڭى كۆل قارا بوران ۋە قارا قوشۇن دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدىكەن.

يېڭى لوپنۇر كۆلىنىڭ بىرىنچى قىسمى قارا بوران كۆلى ئىكەن، پرژېۋالسكىينىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، بۇ ھېچقانداق يېپىنچا ئۆسۈملۈك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولمىغان چوڭ كۆل ئىكەن، ئادەم كۆل قىرغىقىدا تۇرسا خۇددى دېڭىز بويىدا تۇرغاندەك ھېس قىلىدىكەن. چۈنكى، كۆلنىڭ قارشى تەرەپتىكى قىرغىقى ناھايىتى يىراق بولۇپ، خىرە كۆرۈنۈپ تۇرىدىكەن. ئەمما، ھازىر بۇ چوڭ كۆل يوقاپ كېتىپتۇ، مېنىڭ قېيىقىم دەريانىڭ ئۇڭ قىرغىقىنى بويلاپ كېتىۋاتقاندا، پەقەت كۆلنىڭ ئانچە ئەھمىيەتلىك بولمىغان قالدۇقلىرىنى، يەنى كىچىك ــ كىچىك كۆل سازلىقلىرىنىلا كۆردۈم، كۆلگە تارىم دەرياسى ئېقىتىپ كەلگەن لاتقىلار تىنىپ كەتكەن بولۇپ، تېگى تۈز كىچىك قېيىقمۇ ماڭالمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. كىشىلەرنىڭ ماڭا دەپ بېرىشىچە، يازدا بۇ قالدۇق كۆللەرمۇ پۈتۈنلەي يوقاپ كېتىدىكەن، يۇقىرى ئېقىندىن كەلگەن كەلسە كەلكۈن چىقىپ بىر ئېرىق شەكىللەندۈرىدىكەن، قالغان قىسمىنىڭ سۈيى تەدرىجىي پارغا ئايلىنىپ، يازنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە سۈيى پۈتۈنلەي قۇرۇپ ئۇت ــ چۆپلىرى مول دەريا ساھىلى ئوتلىقىغا ئايلىنىپ كېتىدىكەن. شۇ يەرلىك كىشىلەر بۇ يەردە مال باقىدىكەن. بىز 4 ــ ئاينىڭ ئاخىرىدا خوتەنگە قايتىپ كېتىۋېتىپ مۇشۇ يەردىن ئۆتكەندە، قۇرۇپ كەتكەن تىنما دەريا ساھىلىدا خېلى ئۇزۇن ماڭدۇق. پرژېۋالسكىي بۇ يەرگە تۇنجى قېتىم كەلگەندە قارابۇران كۆلىنى سۇ بېسىپ كەتكەنىكەن. بۇنىڭدىن يېڭى لوپنۇر كۆلىنىڭ ئەينى چاغدا تارىيىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنىڭ كونا لوپنۇر كۆلىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ، يەنى يېڭى لوپنۇر كۆلى كۈندىن ــ كۈنگە تارىيىۋاتقاندا مەن كونا كۆل ئويمانلىقىغا يەنە سۇ يىغىلىشقا باشلىغانلىقىنى كۆردۈم. كۆل ياقىسىدا ئورمان بولمىغانلىقىمۇ يېڭى كۆلنىڭ يىل دەۋرىنىڭ ئانچە ئۇزۇن ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. چۈنكى، يېڭى كۆل بويىدا ئورمان پەيدا بولۇشقا ئۈلگۈرەلمىگەن.

ئىككىنچى قىسىم كۆل قارا قوشۇن كۆلىدىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھادىسىنى ئۇچراتتۇق. پرژېۋالسكىي ئەينى چاغدا ئابدال كەنتىدىن يولغا چىقىپ شەرق تەرەپكە مېڭىپ، مۇشۇ كۆلنى تەكشۈرۈشكە بارغاندا ئۇزۇنغىچە قېيىق بىلەن ماڭغانىكەن.

4 ــ ئاينىڭ 19 ــ كۈنى ئابدال كەنتىگە يېتىپ كېلىپ تۆگىچىلەرگە

قوشۇلدۇم.

قېيىقىم قىرغاقتا يېقىنلاشقاندا، ئابدال كەنتىدىكى ئاھالىلەر قىرغاققا توپلاشتى. ئاھالىلەر ئارىسىدا تۇرغان بويى ئانچە ئېگىز بولمىغان بىر بوۋايغا كۆزۈم چۈشتى. مەن پرژېۋالسكىينىڭ ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىسىدىكى بىر قىستۇرما رەسىمگە قاراپ دەرھال ئۇ بوۋاينىڭ ئابدال كەنتىنىڭ باشلىقى كۆنچىقانبەگ① ئىكەنلىكىنى تونۇدۇم.

مەن كۆنچىقانبەگكە خۇددى قەدىناس دوستۇمغا ئوخشاش سالام قىلدىم، ئۇمۇ ئوخشاشلا سالام قىلدى ۋە مېنى ئۆيىگە باشلاپ باردى. ئۆي خۇددى مېھمان كېلىدىغاندەك پاك ـ پاكىز تازىلاپ قويۇلغانىدى.

مەن كۆنچىقانبەگنىڭ ئۆيىدە نۇرغۇنلىغان مۇھىم بىلىملەرگە ئىگە بولدۇم. كۆنچىقانبەگ بۇ يىل 80 نەچچە ياشقا كىرىپتۇ، ئۇنىڭ دادىسى بىلەن بوۋىسى 90 ياشتىن ئارتۇق ئۆمۈر كۆرگەنىكەن. ئۇنىڭ بوۋىسى ئەسلىدە بىر چوڭ كۆلنىڭ بويىدا تۇرىدىكەن، ئۇ كۆل ھازىرقى يېڭى لوپنۇر كۆلى — قارا قوشۇن كۆلىنىڭ شىمالىدا بولۇپ، ھازىر پۈتۈنلەي قۇملۇققا ئايلىنىپ كېتىپتۇ. كۆنچىقانبەگنىڭ بوۋىسى نۇرمەتبەگ 25 ياش ۋاقتىدا (1720 ـ يىللىرى ئەتراپىدا)② جەنۇب تەرەپتىكى يېڭى لوپنۇر كۆلى — قارا قوشۇن كۆلى شەكىللىنىشكە باشلىغانىكەن. بۇ چاغدا، تارىم دەرياسى يېڭى بىر ئېقىن ھاسىل قىلغانىكەن، شىمال تەرەپتىكى كۆل قۇرۇپ كەتكەچكە، ئۇنىڭ بوۋىسى جەنۇب تەرەپكە كۆچۈپ بېرىپ ئابدال كەنتىنى قۇرغانىكەن. ھازىر تارىم دەرياسىدا مۇشۇ يەردىن باشلاپ قومچاپقان كەنتتە-گە بولغان بىر كۆنلۈك ئارىلىقتا قېيىق ماڭالايدىكەن، قومچاپقاندىن ئۆت-كەندە، بۇ يەردە كىچىك كۆلچەك ۋە سازلىققا ئايلىنىپ تەدرىجىي يوقاپ كېتىدىكەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا قارا قوشۇن كۆلى (پرژېۋالسكىي بايقىغان لوپنۇر كۆلى) نىڭمۇ قارا بوران كۆلىگە ئوخشاش ئاقىۋەتكە قالغانلىقىنى

① كۆنچىقانبەگ — لوپنۇرلۇقلارنىڭ مىراس قالىدىغان قەبىلە باشلىقى، چىڭ ئوردىسى بەرگەن 5 ـ دەرىجىلىك بەگ.

② بۇ ۋاقىتنى سۇۋېن ھېدىن كۆنچىقانبەگنىڭ ئېيتقانلىرى ئاساسىدا ھېسابلاپ چىققان، كېيىن ئۇ گېرمانىيىلىك جۇغراپىيە ئالىمى فون تەكلىپىگە ئاساسەن 1750 ـ يىلى دەپ ئۆزگەرت-كەن.

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.



كۆنچىقانبەگ — «ئاخىرقى كىروران پادىشاھى»

مەن بۇ كۆلنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى مۇكەممەل سىزىپ چىقىش ئارزۇسى بىلەن ئامال بار شەرققە، يەنى تاكى سۇ يولى بىلەن ماڭغىلى بولمايدىغان ھالەتكە يەتكۈچە ماڭدىم.

4 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، مەن ئۈچ قېيىقچى بىلەن بىر قېيىققا چۈشتۈم، ئىسلامباي ئىككى قېيىقچى بىلەن 2 ـ قېيىققا چۈشتى، ئاشخانىنى ئۈنىڭ قېيىقىغا جايلاشتۇردۇق، ھەممە يېرنى قومۇش بېسىپ كەتكەن ھېلىقى كۆلدىن ئۆتۈش ئۈچۈن ئۈچىنچى قېيىققا تۇرسۇن ئىسىملىك تەجرىبىلىك بىر پېشقەدەم بېلىقچى چۈشۈپ بىزگە يول باشلىدى.

قۇمچاپقان كەنتىگە يېتىپ كەلگەندە ھاۋا ئالامەت ئىچىلىپ كەتتى. بۇ يەردە ئىلەك دەرياسى بىرنەچچە تارماق ئېقىنغا بۆلۈنۈپ كېتىدىكەن. بىز سول تەرەپتىكى چوڭراق تارماق ئېقىن بىلەن تۆۋەنگە ماڭدۇق، ئۇزۇن ئۆتمەي قويۇق قومۇشلار ئارىسىغا كىرىپ كەتتۇق.



لوپنۇرلۇقلار چاپما قېيىق بىلەن قارا خوشۇن قومۇشلۇقىدىن ئۆتمەكتە

ناۋادا لوپنۇرلۇقلار بىلىق تۇتۇشتا مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان بىرنەچچە تار سۇ يولىنى ئاچمىغان بولسا، بىز بۇنداق قويۇق قومۇشلۇقتىن ئۆتەلمىگەن بولاتتۇق. لوپنۇرلۇقلار بۇ يەرگە تور تاشلىغانىكەن، قېيىقىمىز بۇنداق توردىن نەچچە يۈزگە سۈركىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. سۇ سۈپسۈزۈك بولغاچقا، بىز تور ئىچىدە ئۈزۈپ يۈرگەن سانسىز بېلىقلارنى كۆردۇق. ئەمەلىيەتتە، ھەربىر ئائىلىنىڭ لوپنۇرلۇقنىڭ مۇقىم چاپقىنى بولىدىكەن، باشقىلارنىڭ ئۇنىڭغا تور تاشلىشىغا يول قويۇلمايدىكەن. قومۇشلۇقتىن ئۆتىدىغان بۇ كىچىك سۇ يولى تەرەپ ـ تەرەپكە تۇتىشىپ كېتىدىكەن، ئادەتتە ئۇلار خۇددى نۇر سىزىقىدەك ھەرخىل يۆنىلىشتىن كېلىپ، يۇملاق سۇغا تۇتىشىپ مۇرەككەپ تورزاقنى شەكىللەندۈرىدىكەن. پەقەت يەرلىك لوپنۇرلۇقلارلا چىقىش يولىنى تاپالايدىكەن. قېيىقلار مۇشۇنداق سۇ رايونىغا كىرگەندە بار كۈچى بىلەن پالاق ئۇرىدىكەن. قېيىق ئالدى تەرەپتىكى «قومۇش تام» دىن ناھايىتى تېز ئۆتىدىكەن. ئۇلار «تام» نى سوقۇپ پارچىلىۋەتكەن-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ـدە «تام» شاراق ــ شۇرۇق قىلىپ ئىككى تەرەپكە بۆلۈنسە، ئەڭ يېقىن چاپقانغا بارالايمىز دەپ قارايدىكەن. ياقا يۇرتلۇقلار ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ بۇ يولنى تاپالمايدىكەن.

ئۇ يەر، بۇ يەرلەردە تېخى توگەش ئالدىدا تۇرغان تارىم دەرياسى — ئىلەك دەرياسىنى پات ـ پات كۆرگىلى بولىدىكەن. بىز نەچچە قېتىم ناھايىتى چوڭ كۆلدىن ئۆتتۇق، بۇنىڭ ئىچىدە بىر كۆلنىڭ چوڭقۇر-لۇقى 4.25 مېتىر كېلىدىكەن، بۇ مەن پۈتكۈل قارا قوشۇن كۆلى — جەنۇب تەرەپتىكى لوپنۇر كۆلدە ئۆلچىگەن ئەڭ چوڭقۇر جايغا دائىر خاتىرە. بۇنىڭدىن بۇ كۆلنىڭ شۇنچە تېيىز ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بارغانسېرى تېيىزلىشىپ سازلىققا ئايلىنىپ قالاي دېگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ئەتىسى نامازشامغا يېقىن قومۇشلۇقتىن چىقىپ رەسمىي بىر كۆلگە كىردۇق. بۇ قاناتباغلىغان كۆل دەپ ئاتىلىدىكەن. بۇ يەر نامىنىڭ كېلىش مەنبەسى مۇنداق ئىكەن: كىشىلەر بەلگە قىلىپ قويۇش ئۈچۈن بىر ياۋا ئۆردەكنىڭ قانىتىنى ناھايىتى يوشۇرۇن بىر چاپقاننىڭ كۆلدىن چىقىش ئېغىزىدىكى قومۇشقا باغلاپ قويغانىكەن. بۇ كۆلدىكى قومۇش ناھايىتى ئېگىز ئۆسۈپ كەتكەنىكەن، ئەڭ ئېگىزلىرى 8 مېتىر كېلىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قومۇشلار ئۇزۇن بىر بەلۋاغ ھاسىل قىلغان بولۇپ، ئادەم كۆلنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكىلى بولمايدىكەن. لوپنۇرلۇقلارمۇ بۇ يەرگە ناھايىتى ئاز كېلىدىكەن، شۇڭا ھەربىر چاپقان ناھايىتى چۆللىشىپ، قومۇشلار بىلەن توسىلىپ كېتىپتۇ. بىزنىڭ قېيىقىمىز ئابدال كەنتىدە ئىشلىتىلىدىغان قېيىق-لاردىن چوڭ، ئېغىر بولغاچقا ئارانلا ماڭاتتى. پالاقنى ئىشلەتكىلى بولمايتتى، سۇ يۈزىنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى، بىز قومۇشلارنى قايرىپ ئاستا ــ ئاستا ماڭاتتۇق، ئەمما قومۇش بەك قېلىن بولغاچقا، ئاخىردا بۇ يەردىن ئۆتەلمەي ئارقىمىزغا ياندۇق.

بىز ئارقىمىزغا يېنىشتىن ئىلگىرى كۆلنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا بېرىش ئۈچۈن كۈچەپ باقتۇق. ئۇ يەردىكى كونۇسسىمان ئېگىز قۇم بارخىنىنىڭ

چوققىسىدا بىرنەچچە توپ يۇلغۇن ئۆسكەنىكەن. مەن قۇم بارخىنىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قارىسام، ناھايىتى يىراق جايلار كۆرۈندى. شەرق تەرەپتە 1 كۋادرات مېتىرمۇ سۇ كۆرۈنمىدى، پەقەت پايانسىز قومۇشلۇقلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. غەرب تەرەپتە بىز يەنىلا ماڭغان سۇ يولى بىر تال يىپشىل لېنتا ساپسېرىق قومۇشلۇقنى كېسىپ ئۆتكەندەك ئەگرى - بۈگرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 34. خوتەنگە قايتىش

قارا قوشۇندا قىيىق بىلەن مىڭىپ شەرق تەرەپكە قىلغان سەپىرىم چېكىگە يەتكەنىدى. ئەمدىكى پىلانىم خوتەنگە قايتىپ كېتىش ئىدى، چۈنكى بارلىق يۈك ـ تاقلىرىم ۋە يول خىراجىتىم شۇ يەردە قالغانىدى.

پايانسىز قۇملۇق سەپىرى زېھنىي قۇۋۋىتىمنى خېلىلا خورىتىۋەتتى، ئىسلامباي بىلەن بىر مەزگىل دەم ئېلىشقا بولغان تەشنالىقىمىز كېيىن بىر گەپ بولار. قارا قوشۇن كۆلىدىن خوتەنگىچە بولغان ئارىلىق 1000 كىلومېتىردىن ئاشاتتى، قورۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىنى بويلاپ خوتەنگە بارىدىغان يولنى باشقا ئالىملارنىڭ ھەممىسى پىششىق بىلىدىكەن، لېكىن بۇ يول مېنى ئانچە قىزىقتۇرالمىدى. يەنە كېلىپ، ياز كېلەي دەپ قالغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېنىمىزدا قىشلىق كىيىم ـ كېچەكلەرلا بار ئىدى، ئەمما بىزنىڭ مۇشۇ يول بىلەن قايتىشتىن باشقا تاللىشىمىز يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئابدالدىن خوتەنگە قاراپ يول ئالدۇق.

بىز ئابدال كەنتىدىن چىقىشىمىزغا شىددەتلىك شەرق بورىنى چىقىشقا باشلىدى. قۇم ـ چاڭ خۇددى بۇلۇتتەك ئۇچۇپ كېلەتتى. تارىم دەرياسىنىڭ سۈيى پوتۇنلەي تەتۈر ئېقىشقا باشلىدى.

ئابدال كەنتىگە يېقىن جايدىكى تارىم — ئىلەك دەرياسىنىڭ سۈيى 40 ~ 50 سانتىمېتىر پەسلەپ كەتتى، ئەمما قارا بوران كۆلىنىڭ سۈيى 20 ~ 30 سانتىمېتىر ئۆرلەپ كەتكەنىدى، بوراننىڭ بېسىمى بىلەن كۆل يۈزىمۇ خېلى يەرگىچە كېڭىيىپ كەتكەنىدى. بوران تـوختـماي ئـۈچ كېچە ـ كۈندۈز چىقتى. لېكىن، بىز بۇ قېتىم بوراننىڭ چىقىشىدىن خاپا بولمىدۇق. چۈنكى، بوران تېمپېراتۇرىنى 15 ~ 18 گرادۇستىن ئاشۇرمىدى، شۇڭا بىز خېلى سالقىنداپ قالدۇق. يەنە كېلىپ، تەگرى بىزنىڭ يول

مېڭىشىمىزغا ئاق يول تىلەۋاتقاندەك بوران كەينىمىزدىن چىقىۋاتاتتى. مەن ئىچىمدە: «ئىنتىرە بوران، ئىنتىرە!» دەپ ماڭاتتىم.

4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، بىز كىچىك بازار چارقىلىققا يېتىپ كەلدۇق. بۇ بازاردا 100 ئائىلىلىكچە ئادەم بار ئىكەن. تۆگىمىزنى بۇ يەردە قويۇپ قويدۇق، چۈنكى يازدا تۆگىلەر ئىشلىتىلمەي تاغدا يايلاشقا قويۇپ بېرىلىدىكەن. بىز ئىلگىرى ئۆلارنىڭ كۈچىنى بەك خورىتىۋەتكەچكە، تۆگىلەر بۇنىڭدىن كېيىن بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. شۇڭا، بىز تۆگىلەرنى رۇسىيىگە قاراشلىق ئوتتۇرا ئاسىيالىق بىر سودىگەرگە ئەسلىدىكى باھاسىنىڭ يېرىمىغا سېتىۋېتىپ، بۇ پۇلغا توت ئات سېتىۋالدۇق.

چارقىلىقتا① جۇڭگونىڭ ئامبىلى بىگىم بار ئىكەن. مەن بۇ يەرگە كېلىپلا قائىدە بويىچە خەنزۇچە خەت بېسىلغان ئىسىم كارتۇچكام بىلەن قارا شەھەردىكى ۋېن بېگىم بەرگەن يەرلىك پاسپورتىمنى بىر تەرجىمان ئارقىلىق ئۇنىڭغا سۇنۇپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە رۇخسەت قىلىشنى ئىلتىماس قىلدىم.

لېكىن، ئۇ مۇشۇ يەردە ئىشلىتىشكە مۇۋاپىق كېلىدىغان چوڭ پاسپورتنى سۇنسام، مەن بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن، مەن ماڭا جاۋاب يەتكۈزگەن ھېلىقى تەرجىماندىن ئامبالغا ۋاكالىتەن مۇنۇلارنى ئۆتۈندۈم: مېنىڭ بارلىق ھۆججەتلىرىم خوتەندە قالغانىدى، چۈنكى مەن ئۇ يەردىن يولغا چىققاندا شەرق تەرەپكە بۇنداق يىراقلاپ كېتىشكە، ھەتتا لوپنۇر كۆلىگە كېلىشكە تەييارلىقىم يوق ئىدى. شۇڭا، مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئەھۋالنى ئۇنىڭغا يۈز تۇرانە چۈشەندۈرسەم.

لېكىن، ئامبال مەن بىلەن كۆرۈشۈشنى يەنە رەت قىلىپتۇ ۋە ماڭا مۇنداق گەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ: «ئومۇمەن پاسپورت ئالماي كەلگەنلىكى ئادەم

① چارقىلىقتا شۇنىڭدىن كېيىن، يەنى گۇاڭشۈنىڭ 25 ـ يىلى (1899 ـ يىلى) نايىب ئامبال تەسىس قىلىنغان. سۈيۈن ھېيدىن بۇ يەرگە كەلگەن گۇاڭشۈنىڭ 22 ـ يىلى (1896 ـ يىلى) بۇ جاي ۋاقىتلىق تەسىس قىلىنغان نەيىقە ـ دالالەت ئىدارىسى تەرىپىدىن باشقۇرۇلاتتى. گۇاڭشۈنىڭ 17 ـ يىلى (1890 ـ يىلى) دىن باشلاپ لى شىشى نەيىقە ـ دالالەت ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلى بولغان. لېكىن، ھازىرغىچە ئۇچراتقان ماتېرىياللار بىلەن لى شىشىنىڭ گۇاڭشۈنىڭ 22 ـ يىلى تىبخى ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ياكى ئۆتىمەيۋاتقانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىردەك گۇمانلىق ئۇنسۇر دەپ قارىلىدۇ، شۇڭا مەن ئۇنىڭ بىۋاسىتە خوتەنگە بارىدىغان يول بىلەن مېڭىشىغا يول قويمايمەن». ئەمما، مېنىڭ قاراشەھەردىن ئالغان كىچىك پاسپورتۇم بولغاچقا، ئۇ ماڭا ئالاھىدە شاپائەت قىلىپ، قاراشەھەرگە قايتىشىمغا رۇخسەت قىلىپتۇ. شۇڭا، مەن كەلگەنلىكى يولۇم بويىچە خوتەنگە قايتىدىكەنمەن.

بۇ ھەقىقەتەنمۇ ھاۋا ئوچۇق تۇرۇپ چاقماق چاقىغاندەك ئىش بولدى ـ دە! بىز چەرچەن ئارقىلىق قەدىمىي يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي تارمىقى بىلەن ماڭساق، بىر ئايدا خوتەنگە يېتىپ باراتتۇق. ئەمما، ھازىر بېشىمغا پېرىغىرىن ئىسسىقتا يەنە ئۈچ يېرىم ئاي مېڭىشتىن ئىبارەت قۇملۇق سەپىرى كەلگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ يولنى تەكشۈرۈپ بولغانلىقىم ئۈچۈن، مەن قىزىقىدىغان ھېچ نەرسە قالمىغانىدى. مەن تەرجىماندىن (ئۇ مۇلايىم بىر ئۇيغۇر بەگ ئىدى) بىگىمگە مۇنۇ ئەرزىمنى يەتكۈزۈپ قويۇشنى ئۆتۈندۈم: ئۇ قارار قىلسا قىلىۋەرسۇن، مەن چەرچەن بازىرىغا كېتىۋېرىمەن، ئەتىلا يولغا چىقىمەن.

«كېتىۋەرسەڭ كېتىۋەر، مەن سېنى قولغا ئېلىپ، ئون ئەسكەرگە يالىتىپ قاراشەھەرگە ئاپىرىۋېتىمەن» دەپ ئىلتىماسىمغا كېسىپلا جاۋاب بېرىپتۇ.

بۇ جۇڭگو ئەمەلدارىنىڭ دېگىنىنى قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتىم، بۇنىڭ ئۈچۈن مەندە تەييارلىق بولۇشى كېرەك ئىدى. شۇڭا، تۆگەمنى سېتىۋالغان ھېلىقى رۇسىيە تەۋەلىكىدىكى سودىگەر بىلەن ئەسكەرلەر ئىسلامباي بىلەن ئىككىمىزنى يالاپ قاراشەھەرگە ئاپارغۇچە، ئۇ مېنىڭ يۈك ـ تاقلىرىمنى ۋە ئاتلىرىمنى ساقلاپ تۇرىدىغانغا پۈتۈشتۈم. ئۆزۈمگە كېرەكلىك ئازغىنا نەرسەمنى توقۇمنىڭ كەينىگە تېڭىۋالدىم. مەن قاراشەھەرگە بارغاندىن كېيىن، يەنە ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچىگە بېرىپ رۇسىيە ئەلچىخانىسىدىكىلەردىن ياردەم سوراپ، ئۇلاردىن مېنىڭ ئورنۇمدا چەرچەن ۋە خوتەنگە بارىدىغان بىر پارچە يول خېتىگە ئىلتىماس سۇنۇپ بېرىشنى ئۆتۈنۈش قارارىغا كەلدىم. بۇ يەردىن ئۈرۈمچىگە 700 كىلومېتىر كېلەتتى، ئىلگىرى مېڭىپ باقمىغان بۇ يولدا ئاتلىق سەپەر قىلىش مېنى بەك قىزىقتۇردى.

مەن شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مەركىزىي شەھىرىنىمۇ كۆرۈۋالاتتىم، ئۇ يەردە يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار كۆپ ئىدى، تېخى نۇرغۇن رۇسىيىلىك مۇھاجىرلارمۇ بار ئىدى.

دەسلەپتە باشقىلار مېنى سەپەر پىلانىمنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇرلىغاندا، مەن بىر ئاز خاپا بولغانىدىم. مانا ئەمدى كۆز قاراش ئۆزگىرىپ يېڭى تەسەۋۋۇر مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن، بۇ بىر ياخشى ئىشقا ئايلاندى. نۇرغۇنلىغان پوچتا يوللانمىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن خوتەنگە كېلىپ بېرىپ كۆرۈشۈمنى كۈتۈپ تۇراتتى، بۇ ئىش مېنى بىرئاز بىئارام قىلاتتى.

كەچتە ئەمدى بىر قارارغا كېلىپ تۇرۇشۇمغا قابىلىيەتلىك بىر جۇڭگو ئەمەلدارى مېنى يوقلاپ كەلدى، شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ قىيىن مەسىلىلىرىم ھەل بولۇشقا قاراپ يۈزلەندى. ئۇنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، ئۇنىڭ فامىلىسى شېن بولۇپ، چارقىلىق بازىرىنىڭ مۇداپىئە قوماندانى ئىكەن. ئۇ ئەتە مېنى قولغا ئېلىش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالغانىكەن. لېكىن، ئۇ ئامبال لى بېگىمنىڭ بۇ ھۆكۈمى ئەقىلگە سىغمايدۇ دەپ قارىغاچقا، ئالاھىدە مەقسەت بىلەن ماڭا بولغان ھېسداشلىقىنى بىلدۈرگىلى كەلگەنىكەن. ئۇ ئامال بار لى بېگىمنى پەرمانىنى قايتۇرۇۋېلىشقا ئۈندەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

بىز مۇڭدىشا ـ مۇڭدىشا چىقىشىپ قالدۇق، پاراڭىمىز باشقا ئىشلارغا يۆتكەلدى. شېن بېگىم بىلىمخۇمار ئادەم ئىكەن، ئۇ مېنىڭ ئېكسپېدىتسىيە سەپىرى جەريانىدىكى ئەھۋالىمنى توختىماي سورىدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن بۇلتۇر تەكلىماكان قۇملۇقىدا ئۇچرىغان بەختسىزلىكلىرىمنى ئۇنىڭغا سۆز- لەپ بەردىم.

بۇ چاغدا مېھمىنىم تۇيۇقسىز ۋارقىرىۋەتتى ۋە مېنى قۇچاقلىۋالدى. «ھە، ئەسلىدە سىز ئىكەنسىز ـ دە! شۇ چاغدا مەن دەل خوتەندە ئىدىم، ھەر كۈنى كىشىلەرنىڭ ھالاكەت گىردابىدىن قانداق قىلىپ قۇتۇلۇپ قالغانلىقىڭىز توغرىسىدىكى سۆز ـ چۆچەكلىرىنى ئاڭلاپ تۇراتتىم. لى بېگىممۇ ماڭا سىزنىڭ گېپىڭىزنى قىلىپ بەرگەنىدى، شۇ چاغدا ئىككىمىز خوتەندە سىزنى كۆرۈشنى بەك ئارزۇ قىلغانىدۇق.»

لى بېگىم دېگەن كىشى بىلگىيلىك بولۇپ، ئەسلى ئىسمى پاۋل

سبورىنگ ئىكەن، ئۇ جۇڭگودا 30 نەچچە يىل تۇرغانىكەن، مېنىڭ مېھرىبان ئۇستازىم ۋە دوستۇم، گېرمانىيىلىك جۇغراپىيە ئالىمى فون رىچخوفېن بارونىنىڭ ئاسىيادىكى سەپىرىگە كۆپ يىل ھەمراھ بولغان ۋە ئۇنىڭغا تەرجىمانلىق قىلغانىكەن. كېيىن پۇتۇنلەي جۇڭگولۇق بولۇپ كەتكەن ۋە بىر جۇڭگولۇق خوتۇننى ئالغانىكەن، ئۇ ھازىر چوڭ ئەمەلدار بولۇپ، سۈجۇدا تۇرىدىكەن. ئەينى چاغدا سبورىنگ بىلەن شېن بېگىم شىنجاڭ باش مۇپەتتىشىنىڭ ھاۋالىسىگە بىنائەن شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى قورۇم تاغ تىزمىسىدا ئالتۇن تەكشۈرگەنىكەن. بۇلتۇر مەن قۇتقۇزۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، باراقسانلىقتا يالغۇز، تىنچ بىر ھەپتىنى ئۆتكۈزگەندە، ئۇلار دەل خوتەندە ئىكەن. كېيىن ئۇلار قەشقەرگە بارغاندا، مەن پامىر ئېگىزلىكىگە كېتىپتىمەن. مەن كۈزدە قايتىپ كەلگەندە، ئۇلار قەشقەردىن كېتىپ قالغانىكەن. مەن ئۆزۈندىن بۇيان سبورىنگ بىلەن كۆرۈشۈشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەندىم، بولۇپمۇ دوستىمىز فون رىچخوفېن ئۇنىڭغا ئۆز سالىمىنى يەتكۈزۈپ قويۇشۇمنى ھاۋالە قىلغانىدى. لېكىن، بىر يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن بېيجىڭدىكى رۇسىيە ئەلچىخانىسىدا ئۇچراشتىم.

مۇشۇ شېن بېگىم بىلەن يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالدۇق. ئۇ مۇشۇ يەردە تۇرۇشلۇق چېگرا مۇداپىئە قوماندانى بولغاچقا، ئامبالنىڭ يېنىدا مۇستەقىل ھوقۇققا ئىگە ئىكەن.

ئەتىسى مەن ۋاقتىنچە ئۇرۇمچىگە بارماي چارقىلىقتا بىر كۈن ئارتۇق تۇرۇپ يېڭى دوستۇمنى ئۈزىتىپ قويماقچى بولدۇم. شېن بېگىم چارقىلىقتىن چەرچەنگە بارىدىغان يولنىڭ خەرىتىسىنى ماڭا كۆرسەتتى، بۇ دەل جەنۇب تەرەپتىكى تاغنىڭ باغرى بىلەن ماڭىدىكەن. بۇ خەرىتىنى ئۇ ئۆزى سىزغا-نىكەن. مەن بۇنى كۆرۈپ تولىمۇ ھەيران بولدۇم، ئۇ خەرىتىنى شۇنداق توغرا سىزغانىدى. ئۇنىڭدىكى يەر ـ جاي ناملىرى خەنزۇچە يېزىلمىغان بولسا، ھەر قانداق بىر كىشىنىڭ بۇ خەرىتىنى ياۋروپالىق جۇغراپىيە ئالىملى-رى سىزغان دەپ قېلىشى تۇرغان گەپ ئىدى.

چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا، شېن بېگىم ماڭا ئەتىگەن ئامبال يامۇلدا ئۇ ھەرقانچە نەسىھەت قىلسىمۇ ئامبالنىڭ قەتئىي يول قويمىغانلىقىنى

ئېيتتى. لى بېگىم مۇنداق دەپتۇ: تۇڭگانلار[1] شىنجاڭغا كىرىدىغان ــ چىقىدىغان چاغدا (ئەينى چاغدا بۇ ۋەقە جۇڭگونىڭ يەرلىك ھۆكۈمەتلىرىـ نىڭ بېشىنى ئاغرىتىۋاتاتتى) چەرچەن، خوتەنلەرگە بارىدىغان يولنى قامال قىلىش توغرىسىدا قولۇمدا پەرمان بار، بۇ پەرمان گەرچە بىر ياۋروپالىق پۇقراغا مۇۋاپىق كەلمىسىمۇ، لېكىن بۇنى ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭ دېيىشىچە، پاسپورتۇم بولمىسا، مېنىڭ نېمە ئادەم ئىكەنلىكىمنى بىلگىلى بولماس ئىمىش.

— ئۇنداقتا مەن چوقۇم ئۈرۈمچىگە بارامدىمەن؟ — دەپ سورىدىم مەن.

— ئۈرۈمچىگە بارامدىمەن؟ ساراڭ بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟— شىن بېگىم ۋارقىراپ كەتتى ۋە قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، — ياق، سىز چەرچەنگە خاتىرجەم كېتىۋېرىڭ، ھەممە ئىشنى ئۆزۈم جايلايمەن، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن بىز يولغا چىقتۇق، يېزىپ قالدۇرغۇدەك باشقا ئىش يوق. مەن چەرچەن ۋە كېرىيە ئارقىلىق خوتەنگە يېتىپ باردىم.

1896 ــ يىلى 5 ــ ئاينىڭ 27 ــ كۈنى، بىز خوتەن شەھىرىگە ئاتلىق يېتىپ كەلدۇق.

① بۇ يەردىكى تۇڭگانلار چىڭخەيدىكى خۇيزۇلارنى كۆرسىتىدۇ. گۇاڭشۇنىڭ 22 ـ يىلى (1896 ـ يىلى) نىڭ ئالدى ـ كەينىدە چىڭخەيدە چوڭ ئۇردىسى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ناھىيە تەۋەسىگە كىرگەن خۇيزۇلارنى چارقىلىقتا يېقىن جايدىكى پىچان شەھىرىگە ئورۇنلاشتۇرغان.

# 35. جۇڭگونى چارلاش ھەققىدىكى ھېكايەمنىڭ خاتىمىسى

ئايرىلغىنىمغا ئۇزۇن بولغان خوتەندە مېنى ئويلىمىغان بىر ئىش كۈتۈپ تۇرغانىكەن.

مەن خوتەنگە بېرىپ ئورۇنلىشىپلا دەرھال ئايماقبېگى لىۇ بېگىمنىڭ يامۇلىغا چاقىرتىلدىم. مەن ئۇ يەردە نېمىنى كۆردۈم؟ ئۇ يەردە تەكلىماكان قۇملۇقىدىن خوتەنگە بېرىش سەپىرىدە «ھالاكەت گازارمىسى» دا غايىبتەكلا يوقاپ كەتكەن يۈك ــ تاقلىرىمنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى كۆردۈم. بۇ يۈك ــ تاقلارنىڭ تېپىلىشى بىزنىڭ بىر توپ ئوغرى ۋە يۈك ــ تاقلارنى يوشۇرۇپ قويغۇچىلار بىلەن خېلىغىچە بىللە يۈرگەنلىكىمىزنى ئىسپاتلاپ بەردى. شۇڭا، مەن بۇ قېتىمقى چارلاشقا دائىر ھەققىي ھېكايىنى يېزىپ، ئۇنى قۇملۇقتىكى ئېكسپېدىتسىيە سەپىرىمنىڭ ئۆزگىچە خاتىمىسى قىلدىم.

خوتەنگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، شۋېتسىيە ئوفىتسېرى بىر تۇتاش سەپلەپ بەرگەن تاپانچامنى شۇ يەردە تۇرۇۋاتقان رۇسىيىگە قاراشلىق ئوتتۇرا ئاسىيالىق سودىگەرلەرنىڭ كاتىۋېشى، يەنى ئاقساقال سېيىت ئەكرەمبايغا بېرىۋەتكىنى باشقا ئادەم ئەمەس، دەل ھېلىقى سۇ ئېلىپ كېلىپ ئىسلامباينى قۇتقۇزۇۋالغان سودىگەر يۈسۈپ ئىكەن. ئېنىقكى، ئۇ بۇ ئىش ئارقىلىق ئاقساقالنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ، ئۇنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىماقچى بولغانىكەن. لېكىن، بۇ ئاقساقال رۇسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلىنىڭ نوتىسىنى تاپشۇرۇۋالغان بولغاچقا، يۈسۈپنى قاتتىق ئەيىبلەپ، ئۇنى دەرھال تاپانچىنىڭ كېلىش جەريانىنى ئېنىق ئېيتىشقا بۇيرۇپتۇ. ئاخىردا يۈسۈپ بۇ تاپانچىنى تەۋەككۇل يېزىسىنىڭ باشلىقى توختىبەگدىن ئالغانلىقىنى ئىقرار قىلىپتۇ.

كېيىن ئاقساقال تاپانچىنى ئايماقبېگى لىۇ جيادېغا تاپشۇرۇپ بەرگەن.

لىۇ بېگىم تاپانچىنى قەشقەر ئامبىلى ئارقىلىق ماڭا قايتۇرۇپ بەردى. بۇ ئەھۋاللارنى مەن يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەنىدىم.



خوتەندىكى ئاقساقال سېيىت كەرىمباي. ئۇ سۈيىن ھېدىنغا ياردەملىشىپ ئۇنىڭ يىتۈپ كەتكەن نەرسىلىرىنى تېپىشىپ بەرگەن

ئىش بارغانسېرى چوڭىيىپ كېتىپتۇ، يۈسۈپ خوتەندىن تېزرەك يىراق جايلارغا قېچىپ كېتىشنى ئەڭ ياخشى چارە دەپ قاراپ خوتەندىن قېچىپ كېتىپتۇ. ئاقساقال يۈسۈپنىڭ خەۋىرىنى ئالالماي، تەۋەككۇل يېزىسىنىڭ باشلىقى توختىبەگدىن گۇمانلىنىپتۇ ۋە بىر قابىل خۇسۇسىي تەكشۈرگۈچىنى تەۋەككۇل كەنتىگە بېرىپ، توختىبەگكە يېقىنلىشىپ، ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ ئەھۋال ئىگىلەشكە ھەمدە مېنىڭ يىتۈپ كەتكەن باشقا نەرسىلىرىمنى تېپىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرۇشقا ئەۋەتىپتۇ.

خۇسۇسىي تەكشۈرگۈچى ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، يىرتىق كىيىملەرنى كىيىپ تەۋەككۈل يېزىسىغا بېرىپتۇ ھەمدە ئۆيىنى تېپىپ توختىبەگكە پادىچى بولۇپ ياللىنىپ ئىشلەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ بەگنىڭ باشقا پادىچىلىرى بىلەن بىللە شۇ يەردە مال بېقىپتۇ. ئۇ ئۆز ۋەزىپىسىنى ياخشى ئادا قىلىپ، خوجايىنىنى تولۇق رازى قىلىپتۇ.

بىر كۈنى ئۇ توختىبەگنىڭ ئۆيىگە ئازغىنا ئىش ھەققىنى ئالغىلى بېرىپتۇ. لېكىن، ئۇ بەگنىڭ ئىشىكىدىن كىرىشىگە بەگ يۈگۈرۈپ قوپۇپ ئۇنى توسىۋاپتۇ ۋە ئىتتىرىپ تالاغا چىقىرىۋېتىپتۇ. لېكىن، ئۇ بەگنىڭ ئۆيىدە نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋاپتۇ. ئەسلىدە توختىبەگ ئۈچ ئوۋچى، يەنى ئەخمەت مەرگەن، قاسىمئاخۇن ۋە توختى شاھ بىلەن بىرنەچچە ساندۇقنى ئالدىغا قويۇۋېلىپ ئولتۇرغانىكەن (مەن تېخى بۇ ئۈچ ئادەمنى دۇرۇس ئادەملەر دەپتىكەنمەن) ، ئۇ يەردە يەنە بىرنى قۇملۇقتىكى بىرىنچى قەدىمىي شەھەر تەكلىماكانغا باشلاپ بارغان ياقۇپ شاھمۇ بار ئىكەن. كىگىز ئۈستىگە ئۇ يەردە يوق خىلمۇ خىل نەرسىلەر يېيىپ قويۇلغانىكەن.

زېرەك خۇسۇسىي تەكشۈرگۈچى ئۇنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئىش ھەققىنى يانچۇقىغا سېلىپ ئاستا كېتىپتۇ. ئۇ كەينىگە ئادەم چۈشمىگەنلىكىنى جەزىملەشتۈرگەندىن كېيىن، ئەڭ ياخشى بىر ئاتقا مىنىپ ئۈچقاندەك خوتەنگە بېرىپتۇ ۋە ئۆزى بايقىغان ئەھۋالنى خوجايىنى ئاقساقالغا دوكلات قىلىپتۇ. ئاقساقال بۇ ئىشنى دەرھال ليۇ بېگىمگە دوكلات قىلىپتۇ، ليۇ بېگىم شۇ ھامان ئىككى ئەمەلدار بىلەن بىرنەچچە ئەسكەرنى توختىبەگنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرۇپ، تېپىلغان نەرسىلەرنى تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن تەۋەككۈل كەنتىگە ئەۋەتىپتۇ.

بۇ چاغدا توختىبەگمۇ پادىچىسىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى، يۈگۈرۈك بىر ئېتىنىڭمۇ يوق تۇرغانلىقىنى بىلىپ تىت ـ تىت بولۇپ، پۈتى كۆيگەن توخۇدەك سەكرەپ كېتىپتۇ. ئۇ دەرھال قېچىپ كەتكەن بۇ ياللانما ئىشچىنى قوغلاش ئۈچۈن بىرنەچچە ئادەمنى ئاتلىق ئەۋەتكەن بولسىمۇ، تەكشۈرگۈچى يىراقلاپ كەتكەچكە، ئۇلار يېتىشەلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، توختىبەگ ئۆزد-

ىنىڭ ھايات ـ ماماتىنىڭ تەكشۈرگۈچىنىڭ ئۆزىدىن بۇرۇن خوتەنگە بېرىش ـ بارالماسلىقىغا باغلىق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپتۇ.
شۇنداق قىلىپ، كۆڭلى بىئارام بولغان بەگ ئۆز خىيالى بويىچە ئىش قىلىپ ھېلىقى نەرسە ـ كېرەكلەرنى يىغىۋاشتىن ئوراپ دەرھال خوتەنگە ئاپىرىپتۇ، يەنى ئۇ ليۇ بېگىم ئەۋەتكەن ئەمەلدار بىلەن بىللە خوتەنگە ئاپىرىپتۇ، يەنى ئۇ ليۇ بېگىم ئەۋەتكەن ئەمەلدارلار بىلەن بىللە خوتەن شەھىرىگە بېرىپتۇ ھەمدە مۇنداق دەپتۇ: بۇ نەرسىلەرنى تېخى مەن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرىلا تېپىۋالدىم، ناۋادا كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ نەرسىلەرنى تېپىۋالسام، چوقۇم ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرەتتىم.
ھېلىقى ئوۋچىلارمۇ ھازىر خوتەنگە كەلگەن بولۇپ، ھەممىسى بىر سارايغا چۈشكەنىكەن. لېكىن، ئاقساقالمۇ ئۇ يەرگە بىر تەكشۈرگۈچى ئورۇنلاشتۇرغانىكەن، تەكشۈرگۈچىمۇ ئۇزۇن ئۆتمەي توختىبەگنىڭ كەچتە ئوۋچىلارغا گەپنى قانداق بىر قىلنۇېلىشنى، ليۇ بېگىم ئۇلارنى سوراققا ئېلىپ چىققاندا ئۇنىڭغا قانداق تاقابىل تۇرۇشنى ئۆگەتكەنلىكىنى دوكلات قىلىپتۇ.
ئاقساقال بۇ ئوۋچىنى ئالدىغا چاقىرتىپ سۈرۈشتۈرسە، ئۇ ئۆزىنىڭ قۇملۇقتىكى خەتەردىن ئەمدىلا قۇتۇلۇپ چىققانلىقىنى، ئۇلار ئىسلامبايغا ھەمراھ بولۇپ قۇملۇققا بېرىپ چېدىرىم بىلەن يىتۈپ كەتكەن نەرسىلىرىنى ئىزدەپ تاپالمىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.
ئۇلار چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەپتۇ:
— بىز ئۈچ تۈپ توغراق دېگەن يەردە كېيىنكى قىشتا بارغانىدۇق، ئۇ يەردە غەرب تەرەپكە كەتكەن بىر تۈلكىنىڭ ئىزىغا چۈشۈپ نەچچە كۈن ماڭدۇق، بىر يەرگە كەلگەندە تۈلكىنىڭ ئىزى توختاپ قالدى. قۇملۇقتا تۈلكە چوڭقۇر كولىۋەتكەن بىر جاي بار ئىكەن، ئۇ يەردىكى قۇم پۈتۈنلەي ئاپئاق بولۇپ كېتىپتۇ. كۆپ ئۆتمەي ئۇنىڭ قۇم ئۈستىگە چېچىلىپ كەتكەن ئۇن ئىكەنلىكىنى بىلدۇق. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ يەرنى كولاپ چېدىرنى تاپتۇق، چېدىر 1 مېتىر قۇمنىڭ ئاستىدا قالغانىكەن. بىز چېدىر ئىچىدىكى نەرسىلەرنى بىر ـ بىرلەپ ئېلىپ، ئېشەككە ئارتىپ دەريا بويىغا ئېلىپ كەلدۇق.

www.uyghurkitap.com

بەلكىم تۆلكە يازدا بىز قالدۇرۇپ كەتكەن توخۇ ۋە ئاشلىقنىڭ پۇرىقىنى ئېلىپ ئاشۇ يەرگە بارغان بولسا كېرەك. چۈنكى، ھېلىقى ئوۋچىلار گازارمىغا خېلى يىراق بىر قۇم بارخىنى ئۈستىدىن بىر توخۇنىڭ ئىسكىلىتىنى تېپىۋاپتۇ، ئەمما ئادەمنىڭ جەسىتىنى ئۇچراتماپتۇ. بەلكىم مېنىڭ ئىككى ئاجىز خىزمەتكارلىرىم يولچى بىلەن مۇھەممەد شاھ 5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى كېچىدە ئۈمىلەپ يۈرۈپ خېلى يولنى باسقان بولسا كېرەك.

خوتەندە تۇرۇشلۇق رۇسسىيىلىك ئاقساقالنىڭ ئۇلارنىڭ تېپىۋالغان نەرسىلەرنى ئەينى چاغدا نېمىشقا دەرھال لىۋ بېگىمگە تاپشۇرۇپ بەرمىدىڭلار؟ دەپ سورىشى تەبىئىي ئىدى.

ئۇلار بوينىغا ئېلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— كەنت باشلىقى توختىبەگ بۇ ئىشنى ئۇققاندىن كېيىن، ئۇلارغا بارلىق نەرسىلەرنى يوشۇرۇپ قويۇش، بىر قىسمىنى يوشۇرۇن سېتىۋېتىش توغرىسىدا مەسلىھەت بەرگەنلىكىنى، يەرلىك كىشىلەرگە قىلچىلىك كېرىكى يوق نەرسىلەرنى ساقلاپ قويغانلىقىنى ئىقرار قىلىپتۇ. شۇڭا، مەن مانا ئەمدى پەقەت ئۆزۈمنىڭ بىر تۆردىكى يۈك ـ تاقلىرىمنى، يەنى يەرلىك كىشىلەر ئۈچۈن قىممىتى بولمىغان بىرنەچچە كۆرسەتكۈچ ئەسۋاب، تىرەك، شەيتان، دورا ـ دەرمان، بىر يامغۇرلۇق چاپان، تاماكا، كىرسىن ئوچاق ۋە ئىككى فوتو ئاپپاراتىمنى ئېلىپ كەتكىنىمگە ئانچە خۇش بولمىدىم، چۈنكى تەۋەككۈل كەنتىدىكى ئەقىللىق كىشىلەر ئاپپارات ئىچىدىكى نېگاتىۋنى چىقىرىپ دېرىزىسىگە ئەينەك① قىلىۋالغانىكەن. شۇڭا، مېنىڭ بىرىنچى قېتىملىق سەپىرىم جەريانىدا تارتقان سۈرەتلىرىم پۈتۈنلەي نۇر ئۆتۈپ يوققا چىققانىدى. ئەمدى ئېكسپېدىتسىيە خاتىرەمگە قىستۇرما رەسىم قىلىپ ئىشلىتىدىغانغا پەقەت ئۆزۈم سىزغان بىر قىسىم تېز سىزما رەسىملەرلا قەپقالغانىدى. كېيىن ئاممىباب بىر كىتاب نەشر قىلدۇرغاندىمۇ مۇشۇ رەسىملەرنىڭ بىر قىسمىنى قىستۇرما رەسىم قىلىشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى.

بۇ ئوۋچىلار ئەسلىدە ناھايىتى دۇرۇس ئادەملەر ئىكەن، ئۇلار توختى-

① ئەينى چاغدا فوتو ئاپپاراتلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان نېگاتىۋ لېنتا بولماستىن، بەلكى فوتوپلاستىنكا ئىدى، يەنى بىر خىل ئالاھىدە ئەينەككە نۇر سەزگۈچى دورا پاراشوكى سۈرتۈلۈپ نېگاتىۋ قىلىناتتى.

بەگنىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن مېنىڭ قىممىتى 2000 ماركتىن ئاشىدىغان نەرسىلىرىمنى سېتىۋەتكەن.
ئەخمەت مەرگەن بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى قاسىمئاخۇن مەن كېرىيە دەرياسى بويىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا ماڭا ھەمراھ بولغانىدى. ھەر قېتىم قوملۇقتىكى ئېكسپېدىتسىيە سەپىرىم ۋە يىتۇپ كەتكەن نەرسىلىرىم ئۈستىدە گەپ بولغاندا، ئۇلار ناھايىتى ئىشەنچلىك تەلەپپۇزدا «يىتۇپ كەتكەن نەرسىلىرىڭىز چوقۇم تېپىلىدۇ، چوقۇم شۇنداق بولىدۇ» دەيتتى. ئۇلار قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ نەرسىلەرنى بىر قېتىم ئىزدىمەكچىمۇ بولغانىدى. مانا ئەمدى مەن ھەقىقىي ئەھۋالنى چۈشەنگەندىن كېيىن، بۇ گەپلەرنىڭ ئۇلارنىڭ ۋىجدان جەھەتتىن بىئارام بولۇۋاتقانلىقىدىن دېيىلگەن گەپلەر ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم. مەن تەۋەككۇل كەنتىدە بىر كىچىك ئۆيدە تۇرۇپ كېيىنكى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىگە تەييارلىق قىلىۋاتقان چېغىمدا، توختىبەگ مېنى رەسمىي ــ قائىدە بويىچە ئۆز ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرماي، باشقا بىر جايدىكى ئادەتتىكى ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانىدى. شۇ تاپتا مەن ئەينى چاغدا مېنى ئويلاندۇرۇپ قويغان بۇ ھۆرمەتسىزلىكنىڭ زادى نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشەندىم. ئوغرىلاپ كېلىنگەن بۇ نەرسىلەر كىگىزنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇپ قويۇلغان بولۇپ، ناھايىتى ئاسان سېزىلىپ قالاتتى.
ئايماقبېگى لىيۇ بېگىممۇ ئۇلارنى ئېلىپ چىقىپ سوراق قىلىپتۇ ۋە ئۇلاردىن مېنىڭ ھېلىقى مەھكەم قۇلۇپلانغان ساندۇقۇمنى نېمە ئۈچۈن ئاچمىغانلىقىنى سوراپتۇ. ئۇلار:
— ئۇ ساندۇق بەك ئېغىر بولغاچقا يۆتكىيەلمىدۇق، ساندۇقتىكى بىر قىسىم نەرسىلەرنى ئالساق، ئۇ نەرسىلەرنى قايتا تاگمىساق بولمايدىكەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.
ئايماقبېگى ھەقىقىي ئەھۋالنى دېگۈزۈش ئۈچۈن، ئۇلارنى راسا قامچىلاتقۇزۇپ تۈرمىگە تاشلاپتۇ. ھېلىگەر توختىبەگ ئۆزىنى چەتكە ئاپتۇ.
مەن خوتەنگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، بۇ دېلونى سوراق قىلىش ئىشىنى يەنە ئۇتتۇرىغا قويدۇم. بۇ ئادەملەرنىڭ تەقدىرى مېنىڭ قولۇمدا

ئىدى. جۇڭگونىڭ جازا قوللىرى ئادەمنى ھېۋىناق قىلىپ قويىدىكەن، ئۇلار تۈرمىدە ھۆكۈمنى كۈتۈپ ئۆتكۈزگەن كۈنلىرى ئۇلار ئۈچۈن يېتەرلىك جازا ئىدى.

خوتەندىكى رۇسىيىلىك ئاقساقال تەكشۈرگۈچىنى ئايماق يامۇلىغا يوشۇرۇن ئەۋەتكەنىكەن. بۇ ئىش ئىنقىلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ لىۋ بېگىمگە بولغان گۇمانىنىڭ توغرا ئەمەسلىكى ئىسپاتلىنىپتۇ.

ئايماقبېگى لىۋ جىياۋدې باشتىلا ماڭا يېتۈپ كەتكەن نەرسىلەرنى تىزىملىتىپ، ھەربىر نەرسىنىڭ باھاسىنى يېزىپ قويغانىدى. ئۇ خوتەندىكى تەكشۈرۈش خىزمىتىگە قۇلايلىق بولسۇن ئۈچۈن، نەق مەيداننى تەكشۈرۈش ئۈچۈن بۇ تىزىملىكنى ئېلىپ، ئۆزى يىراق جايدىكى تەۋەككۇل كەنتىگە بارغانىكەن.

لېكىن، جىنايەتچىلەرنىڭ دېگىنى يەنىلا بىر يەردىن چىقماپتۇ. ئۇۋچىلار بىردەك بىز يۈك ـ تاق ۋە نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى توختىبەگكە ساقلىغىلى بەرگەن، يوقاپ كەتكەن نەرسىلەرنىڭ دېرىكىنى پەقەت توختىبەگلا بىلىدۇ دەپ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. توختىبەگ بولسا ئۇ نەرسىلەرنى ئۇۋچىلار ئۆزلىرى يوشۇرۇپ قويغان، ھېچقاچان ماڭا بەرمىگەن دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

مەن جىنايەتچىلەرنى يەنە بىر قېتىم جازالاشقا زادىلا ئۇنىماي تۇرۇۋالدىم ۋە ھۆكۈمەت تەرەپ بىلەن ئۇلارنى سوراق قىلغاندا مۇلازىملارغا قامچا تۇتقۇزۇپ، ئۇلارنىڭ يېنىدا تۇرغۇزۇش توغرىسىدا بىردەك پىكىرگە كەلدىم، بۇنداق قىلغاندا جاۋابكارلارغا قوقاق سالغىلى بولاتتى.

ئىككى تەرەپ گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالغاچقا، لىۋ بېگىم تۆۋەندىكى «براخمان» چە ھۆكۈمنى چىقاردى:

ئىككى تەرەپنىڭ دېگەنلىرىدىن بىر تەرەپنىڭ دېگىنى يالغان، لېكىن قايسىسىنىڭ يالغانلىقى تېخىچە نامەلۇم. شۇڭا، ئايمىقىمىز تۆۋەندىكىدەك كېسىم چىقاردى: ئىككى تەرەپ ئوغرىلاپ سېتىۋېتىلگەن نەرسىلەرنىڭ تۆلىمى سۈپىتىدە ئىككى كۈن ئىچىدە جەمئىي 5000 تەڭگە (2300 مارك) تاپشۇرسۇن.

مەن دەرھال بايانات ئېلان قىلىپ مۇنداق دېدىم:

— بۇ ھۆكۈمنىڭ ئاددىيلىقىدا گەپ يوق. بىراق، جاۋابكارلارنىڭ جىنايىتى بولسىمۇ، مەن بۇ پۇلنى قوبۇل قىلالمايمەن.

لېكىن، لىۇ بېگىم بۇنداق كەڭچىلىك قىلىشقا ئۇنىمىدى ۋە بۇ پۇل مەن ئۈچۈن ئەرزىمەس نەرسە بولسىمۇ، جۇڭگو مەھكىمىسى قائىدە بويىچە ئىش قىلىشى كېرەك. ئۇنداق بولمىسا كېيىن ئۇ يەرگە ھېچكىم ساياھەتكە كەلمەيدۇ دېدى.

ئوۋچىلار قۇملۇقتىن پەقەت بىر قىسىم نەرسىلەرنىلا ئېلىپ كەلگەنلە-كىنى، باشقا نەرسىلەرنىڭ قۇم ئاستىدا قالغان چېدىردا قالغانلىقىنى ئۈزۈپ ئېيتقانلىقى ئۈچۈن، بىز ئاخىردا جەرىمانىنى 1000 تەڭگە (460 مارك) گە تۆۋەنلىتىش توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلدۇق. بۇ زىيان لايىقىدا بولغانىدى، چۈنكى مەن نەرسە ـ كېرەكلىرىمنىڭ بەدىلىگە ھەر قايسى تەرەپنىڭ ماختىنىشىغا ئېرىشتىم. ئوۋچىلارمۇ ماڭا رەھمەت ئېيتتى.

ئادىللىق ۋە كۈچلۈك ئىرادە بىلەن لىۇ بېگىمنىڭ قىلغىنىدەك بىر ياۋروپالىقنى قوغداش جۇڭگو ئەمەلدارلىرى ئارىسىدا ھەقىقەتەن ئاز كۆرۈلە-دىغان ئىش. مەن ئىلگىرى بۇ ئايماقبېگى دۇرۇس ئادەم ئىكەن دېگەنىدىم، بۇ نۇقتىنى تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردىنمۇ كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

شىنجاڭدىكى يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ بىر قېتىملىق ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى ئۈچ يىل ئىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىر ئادەم بىر قېتىم ئايماقبېگى بولۇۋالسا نۇرغۇن مال ـ دۇنيا توپلىۋالىدىكەن، چۈنكى باج ـ سېلىقلارنىڭ بىر قىسمىمۇ ئۇنىڭ شەخسىي چۆنتىكىگە چۈشىدىكەن. لىۇ جيادېنىڭ خوتەننىڭ ئايماقبېگى بولغىنىغا ئۈچ يىل بولۇپتۇ، لېكىن ئۇ ھەر يىللىق باج ـ سېلىقنى قىلچە كېمەيتمەي دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇرىدىكەن. بۇ خىل مىسلىسىز پاكلىق ئۈرۈمچىدىكى ئالاقىدار زاتلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ، ئۇ مۇكاپاتلىنىپتۇ. ھۆكۈمەت تەرەپ ئۇنى ئايماقبېگىلىكتىن ۋالىيلىققا ئۆستۈرۈپتۇ.

مەن خوتەندىن چىققان كۈنى لىۇ جيادېمۇ يېڭى ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش ئۈچۈن كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەن خوتەندىن 1896 ــ يىلى 6 ــ ئاينىڭ 29 ــ كۈنى ئايرىلدىم. كۈچلۈك، جىسمانىي قۇۋۋىتى تولۇق ئەسلىگە كەلگەن تۆگىچىمنى ۋە يېڭى يۈك توشۇغۇچىلارنى ئېلىپ خوتەن شەھىرىدىن تىبەتنىڭ شىمالىدىكى ئادەم ئولتۇراقلاشمىغان ئېگىزلىك چىياڭتاڭغا، ئىنتايىن قاقاس، يول يوق شورلۇق ئويمانلىققا بېرىپ يېڭى ئېكسپېدىتسىيە سەپىرىمنى باشلىدىم.



سۋېن ھېدىن قېچىر هارۋىسى بىلەن بېيجىڭغا يېتىپ كېلىپ، «ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنى كېسىپ ئۆتۈش» سەپىرىنى ئاخىرلاشتۇردى

مەن شەرققە قاراپ مېڭىپ، ئادەمنى روھسىزلاندۇرىدىغان، سوغۇق شامال ئۇرۇپ تۇرىدىغان تاغلىقتا قەھرىتان سوغۇق، كۈچلۈك شامال ۋە قارا يامغۇرلارغا بەرداشلىق بېرىپ ئىككى ئايدەك يول يۈردۈم. مېنىڭ مەقسىتىم بۇ ئېگىزلىكنى، ناتونۇش زور تاغ تىزمىسىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈش ئىدى. بەختىمگە يارىشا، بۇ مەقسىتىمگە يەتتىم. دېڭىز يۈزىدىن 5000 مېتىر ئېگىزلىكتە مېڭىش ئادەم ۋە ئۇلاغلارغا نىسبەتەن غايەت زور سىناق ئىدى.

كېيىن مەن چىڭخەي ئۆلكىسى خۇاڭجۇڭ ناھىيىسىدىكى لۇساردىن ئۆتكەندە، مۇشۇ جايغا يېقىن يەردىكى ئون مىڭلىغان بۇت بار بۇددا دىنىنىڭ تىبەت مەزھىپىگە مەنسۇپ ھەيۋەتلىك ئىبادەتخانا ــ تار ئىبادەتخانىسىنى ئالايىتەن تاۋاپ قىلدىم. بىز خۇاڭجۇڭدىن يولغا چىقىپ شىنىڭ ۋىلايىتىگە يېتىپ كېلىپ، شۇ ماڭغانچە بېيجىڭغا يېتىپ باردۇق.



سۋېن ھېدىننىڭ ئۆزىگە ئۆتۈك تىكىپ بەرگەن موزدۇزغا يازغان رەھمەت خېتى.
موزدۇز ستېرلىن ستروم تىكىپ بەرگەن ئېسىل ئۆتۈك سۋېن ھېدىن ۋە
ئۇنىڭ تۆگىچىسىنى قوتقۇزۇپ قالغانىدى

مەن 1897 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، بېيجىڭ شەھىرىدىكى ساماۋى دۆلەت پايتەختىنىڭ قوۋۇقىغا يېتىپ كېلىپ، بۇ قېتىمقى ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنى كېسىپ ئۆتىدىغان ئېكسپېدىتسىيە سەپىرىمنى ئاخىرلاشتۇردۇم، بۇنىڭ ئۈچۈن توپتوغرا 1001 كۈن كەتتى. مەن بۇ قېتىمقى يېگى «مىڭ بىر كۈن» لۈك ئېكسپېدىتسىيە سەپىرىم ئارقىلىق مول نەتىجىلەرگە، قىممەت-لىك ئەۋرىشكىلەرگە، دائىرىسى كەڭ، ئىلمىي پرىنسىپ بويىچە توپلانغان

ماتېرىياللارغا ئېرىشتىم. مەن بۇ قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيە سەپىرىم ئارقىلىق كۆچمە كۆل — لوپنۇر كۆلىنىڭ سىرلىق خۇسۇسىيىتى ئۈستىدە ئۆز چۈشەنچەمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم، لېكىن بۇ مەسىلىنىڭ ئۈزۈل ـ كېسىل ھەل بولۇشى كېيىنكى، يەنى «ئاسىيانىڭ كىندىكى» گە يەنە بىر قېتىم بارغان چاغدىكى ئىش. يېڭى ئېكسپېدىتسىيە خاتىرەم «ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تىبەت» تە بۇ توغرىدا تەپسىلىي بايانلار بار. بۇلارنى كېيىن بىر نەرسە دەرمىز.

مەن بېيجىڭدىن باشلاپ ئادەمنى ناھايىتى قىزىقتۇرىدىغان، ئەمما مېڭىش ئىنتايىن قىيىن بولغان بىر قايتىش يولىنى تاللىدىم.

مەن يەرلىكنىڭ قاتناش ۋاستىلىرىگە ئولتۇرۇپ بىپايان ئوتلاقلاردىن ۋە چۆللەردىن ئۆتتۈم. ئۇلانباتۇر شەھىرى ئارقىلىق چاقتۇغا باردىم، ئاندىن سىبىرىيە تۆمۈر يولىدا قاتنايدىغان پويىزغا چۈشتۈم. پويىز بىلەن توققۇز كېچە ـ كۈندۈز مېڭىپ سان پېتېربۇرگقا يېتىپ باردىم.

1897 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ستوكھولمدىكى ئۆيۈمگە ئامان ـ ئېسەن قايتىپ كەلدىم.

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەركىن شېرىپ
مەسئۇل كوررېكتورى: پەرىدە ئەلى
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مىرادىل ئابىت
پىلانلىغۇچى: ئەركىن ئىبراھىم پەيدا

# ئېكسپېدىتسىيە ۋە بايقاشلار
# ھايات - ماماتلىق باياۋان

ئاپتورى: سۋېن ھېدىن (شۋېتسىيە)
تەرجىمە قىلغۇچىلار: سابىر ئەلى
ئابدۇرۇپ ئېلى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ جىڭبەن باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مم، 1/32، باسما تاۋىقى: 6.375
2005 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى
2005 - يىل 8 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 1—4000
ISBN 7—228—09531—6
ئومۇمىي باھاسى (ئۈچ قىسىم): 30.00 يۈەن